# ئىلى دەرياسى



1

1984



ئاتاقلىق يازغۇچى زۇنۇن قادىر (ئارقا رەت سولدىن 3-كىشى) «ئىلى دەرياسى»ژۇرنىلى ئۇيغۇر، قازاق تەھرىر بۆلۈمىدىكى
خادىملار بىلەن بىللە.

مۆمىن مۇھەممەدى فوتوسى

# ئىلى دەرياسى

(پەسىللىك ئەدەبىي ژورنال)

1984 - يىل 1 - سان

6 - يىل نەشرى، ئومۇمى 21 - سان



# بۇ ساندا

ئىككى نەسىر ........................... س. ئەزىزى 3
رۇبائىلار ........................... ئە. نىزام 6
دادامنىڭ ئاغىنىسى ........... (ھىكايە) ........... ق. سوپى 7
دىخان بىلەن باي ........... (چوچەك) ........... 12
ئىككى شېئىر ........................... ي. ئىبراھىم 13
ئىككى شېئىر ........................... ئا. ئابدۇراخمان 15
دادام بىلەن ئاكام توغرىسىدىكى تەسىراتلىرىم (ئەسلىمە) ........... ز. قادىر 17
ئاتمىش يىلنىڭ ئالدىدا كورگەنلىرىم (ئەسلىمە) ........... م. خەيرى 22
ئىككى شېئىر ........................... غ. رەخىم 28
بەخت تۇيغۇسى ........... (شېئىر) ........... ئە. مۇتەللىپ 29
يولدا ........... (شېئىر) ........... ھ. خېلىل 29
ئىككى شېئىر ........................... ئا. ناسىر 30
ئىلى تەسىراتى ........... (شېئىر) ........... م. بارى 30
قۇتلۇق يىللار ........... (شېئىر) ........... ت. داۋۇت 31
مال بازىرىدا ........... (ھىكايە) ........... م. ۋاسىل 32
ئاخىرقى بىر مەيدان چېلىشىش ... (ھىكايە) ........... ت. لېتىپ 38
تۇنجى قار ........... (نەسىر) ........... م. خۇدابەردى 44
ئىككى شېئىر ........................... ئە. ئابدۇرېھىم 45
تيانشان لېرىكىسى ........... (شېئىر) ........... م. ئەزىزى 45
مۇھەببەت ........... (شېئىر) ........... ئە. پاسار 46
ئۇنتۇلماس ئىشلار ........... (ئەسلىمە) ........... م. توخسۇنۇپ 47
يۇرت ئوغلى ........... (داستان) ........... ئا. مەخسۇت 54
قۇدىلار ........... (ھىكايە) ........... ق. توختى 65
ئەسەرلەرگە باھا ........... (ماقالىلار) ........... 72
ئوقۇغۇچىلار شېئىرلىرىدىن ........................... 78
ئىلى تارىخى ئۈستىدە ئىزلىنىش..... (ماقالا) ........... م. ھوشۇر 81
ئىجاتكار خىسلىتى ........... (شېئىر) ........... م. زايىت 97
ئـارزۇ ........... (شېئىر) ........... ت. ھاجى 99
ۋەتىنىم-بەختىم ........... (شېئىر) ........... ئا. ھامۇدى 99
ئىككى شېئىر ........................... ت. ئىسمىر 100
ھاۋارەڭ پەردە........... (ھىكايە) ........... ئىرنات ھىجىرىپ 101
خوشنىلارغا كېرەك، دەپ ........... (ساتىرا) ........... س. تۇرسۇن 106
دېڭىز ساھىلىدىكىھەشەمەتلىك داچا (ھىكايە) ........... د. ستاماتوۋ 107
مال ساتامدۇ، گەپمۇ؟ ........... (ساتىرا) ........... ئو. ئىمىن 111

# ئىككى نەسر

سەيپىدىن ئەزىزى

## كۆن خۇمار

قۇشلارنىڭمۇ ئۆز ئالدىغا تىللىرى بار، ئۇنى بىز بىلمەيمىز. لېكىن، ئۇلارنىڭ ھەركەتلىرىنى، سايراشلىرىنى دىققەت قىلىپ كۆزەتسىڭىز، نىمە دىمەكچى، نىمە قىلماقچى بولغانلىقىنى بايقىۋېلىش تەس ئەمەس.

ئېھتىمال سىز تورغاي توغرىسىدا چۈشەنچىگە ئىگىدۇرسىز. تورغاي ئاساسەن ئىككى خىلغا بولىنىدۇ: بىرى ئادەتتىكى تورغاي، جۈغى كىچىكرەك، ئادەملەرگە يېقىنىراق ياشايدۇ، ئانچە ياخشى سايرىمايدۇ؛ يەنەبىرى، بوزتورغاي، چول تورغىيى دەپمۇ قويىدۇ، ئۇ كىشىلەردىن يىراقراق، چوللەردە ياشايدۇ، بېشىدا پوپپىگىبار، ياخشى سايرايدۇ.

كىشىلەر بۇلبۇلنى كوپرەك تىلغا ئالىدۇ، تورغاينى كوزگە ئىلمايدۇ. تورغاينىڭ سايرىشى بۇلبۇلدىن قېلىشمايدۇ. ئۇ، تاڭ سەھەردە قۇياشنىڭ چىقىشى ئالدىدا سايرايدۇ؛ يەنە ئۇ، ئاسماندا ئۇچۇپ يۈرۈپمۇ سايرايدۇ، ئاسماندا ئۇچقاچ سايرايدىغان قۇشلارنىڭ بىرى لاچىن، بىرى بوزتورغاي ( بەلكى يەنە باردۇ ). بۇلبۇل گۈل ئىشقىدا سايرارمىش، بوزتورغاي قۇياش ئىشقىدا سايرايدۇ. قۇياش بولمىسا گۈل بولامدۇ؟ دىمەك، بوزتورغاينىڭ ھىجرانى تۇپلىك ئىكەن.

كىشىلەر بوزتورغاينى „ سوپى تورغاي “ دەپمۇ ئاتايدۇ. ئۇ سەھەردە مەزىن بىلەن تەڭ قوپۇپ بىللە سايرىغانلىقى ياكى جامائەت بىلەن تەڭ „ئىبادەت قىلغان“ لىقىدىن „ سوپى “ تورغاي دەپ ئاتالغانمىكىن-تاڭ؟! ئەگەر شۇنداق بولسا „ سوپى“ دەپ ئاتاش بوزتورغاينىڭ ئىرادىسىگە خىلاپ بولىدۇ. سۇلايماننىڭ „جان جانىۋارلار پەيغەمبىرى“ ئىكەنلىكىنى بوزتورغاي نەدىن بىلسۇن. سۇلايماننىڭ جان-جانىۋارلارغا تېگىشلىغان بىر „پەيغەمبەر“ ئىكەنلىكىنى ئۇتېخىمۇ بىلمەيدۇ. ئۇ، ھاياتلىقنى بىلىدۇ، ئەركىنلىكنى بىلىدۇ. ئۇنىڭ بىر كىچە-كۈندۈزلۈك ھەركىتى، سەھەردە ئاسمانغا كوتىرىلىپ پەرۋاز بىلەن سايرىشى مەزىننىڭ ئەزەن ئېيتىشىغا، ئىمامنىڭ ناماز ئوقىشىغا تامامەن ئوخشىمايدۇ. بىرى غايىپقا چوقۇنۇپ، خىيالى جەننەتنى تىلىسە، بىرى، بارلىققا تايىنىپ، قۇياشقا تەلپۈنىدۇ — ئەمەلدىكى جەننەتنى ئارزۇقىلىدۇ؛ بىرى „ئىلاھىيەت“ دىسە، بىرى „ئەمىلىيەت“ دەيدۇ. قاراڭ، تۇپلىك پەرقبار بىلەن يوقنىڭ پەرقى.

بوزتورغاي تاڭ سەھەردە ئويغىنىپ، ئاسمانغا كوتىرىلىپ قانات قېقىپ، قۇياشقا تەلپىنىپ سايرايدۇ. گايى ئۇ سايراپ تۇرۇپ، چوغدەك قۇياشنى كۇتۇۋالىدۇ. گايىدا بولسا، قارا بۇلۇتلار توسىۋالغان قۇياشنى كورەلمەي توختاپ قالىدۇ. ئەتىسى سەھەر يەنە سايرايدۇ.

بوزتورغاي سەھەردە قۇياشقا تەلپىنىپ، ئۈزلۈكسىز سايرايدۇ. قۇياش قارابۇلۇتلارنى قوغ-

لاپ، كويدۇرۇپ، نۇرىنى ئالەمگە چاچقاندا بولسا، يەنە سايرايدۇ.ئەمدى ئۇ مۇڭلۇق ئەمەس، شوخ سايرايدۇ، ئۇ قۇياشنى چىن دىلىدىن مەدھىيىلەيدۇ.ئالەمنىڭ، بارلىق كائىناتنىڭ، بارلىق جانلىقلارنىڭ قۇياشسىز مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدىغانلىقىنى تورغايمۇ بىلسە كېرەك.بۇنى ئۇنىڭغا تۇرمۇش تەجرىبىسى ئۆگەتكەن.سىز ئۇنى „ئاڭسىز قۇش„دەپ كەم چاغلىماڭ. ئۇنىڭدا تۇرمۇشنىڭ تەسىراتىنى سېزەلەيدىغان ھىسسىيات بار.

بوز تورغايلار قۇياشقا تەلپۈنۈپ ئۈزلۈكسىز سايرايدۇ. قۇياشنى كۆتۈۋالغانلىرى ئۇنى مەدھىيىلەپ يەنە سايرايدۇ. ئۇ، جاھاندا ئازارىيېتىپ،نالەقىلىپ سايراۋاتقان سانسىز تورغايلارغا ھېسداشلىق بىلەن سايرايدۇ. ئاخىرى جاھاندىكى تورغايلار بىلەن شوخ سايرايدۇ.بوزتورغايلار ئۈزلۈكسىز قۇياشقا تەلمۈرۈپ، قۇياشنى مەدھىيىلەپسايرايدۇ. ئۇزىدىن كېيىن باللىرى سايرايدۇ، ئۇندىن كېيىن نەۋرىلىرى، چەۋرىلىرى، پەيئەۋرىلىرى، كۆكۈن نەۋرىلىرى... بىردىن بىرى ئەركىن، شوخ، جاراڭلىق سايرايدۇ.

ئۇ، قۇياشقا تەشنا.

## خەلققە نەپ بېرىش ئالى شەرەپ

I

شىشۇاڭ بەننا ئاپتونوم ئوبلاستىدا „بەيىيىزوڭ„ دەپ ئاتىلىدىغان بىرخىل دەرەخ بارىكەن. ئۇ، ئومرىدە 40 يىلدا بىرقېتىم گۈل ئېچىپ، ئاندىن ئولىدىكەن. لېكىن، ئۇ، كىشىلەرگە گۈل ئۈرۈغىدىن ئوسۇپ چىققان گۈزەل بەيىيىزوڭ باغلىرىنى قالدۇرۇپ كېتىدىكەن. سىز „بەيىيىزوڭ„ نى ئاران 40 يىلدا بىرقېتىم گۈل ئاچىدىكەن، بېخىل ئىكەن، دەپ ئېيىپلىيالامسىز؟ ياق. ئۇ، بېخىل ئەمەس.

بۇدەرەخ 40 يىل ئىچىدە باشقا دەرەخلەر بىلەن بەسلەشكەندەك مەزمۇت ھەم ئىگىز ئوسىدىكەن. ئاندىن ئەڭ ئۇچىدا ساپ سېرىق، باراقسان گۈل ئاچىدىكەن. ئۇنىڭ تەبىئەتكە تاج بولغىدەك گۈزەللىگىنى دىمەمسىز.

ھەممىدىن ئارتۇغى، تەبىئەتكە تېخىمۇ چوڭ، تېخىمۇ گۈزەل گۈلزارلىق باغلارنى قالدۇرۇپ كېتىدىكەن. 40 يىلدا ئۇنىڭ قانچىلىك ئەۋلاتلىرى بارلىققا كەلگەنلىگىنى، ئۇلارمۇ ئاتا-ئانىسىغا ئوخشاشلا قانچىلىك چوڭ گۈزەل باغلارنى يارىتىپ كېتىپ بارغانلىغىنى تەسەۋۋۇر قىلالايمىز، ئەلۋەتتە.

ئۇنىڭ مەردانىلىغى شۇيەردىكى، ئۇ، 40 يىل ئوسۇپ، كۈچ توپلاپ، ئۇرۇق سېلىپ، مايساچىقىرىپ كىشىلەرگە ئۇلۇق توھپەتەقدىم قىلىپ، „ئۇ دۇنيا„غا كېتىدىكەن.

بۇنداق مەرتلىك بىلەن كەتسە نىمە ئارمان بار!

ئوسۇملۇكلەر دۇنياسىدا شۇنداق دەرەخلەرباركى، ئۇ بىرنەچچە يىل ھەتتا بىرنەچچە 100 يىل ياشايدۇ. لېكىن ئۇ، يا گۈل ئاچمايدۇ، يا كەتمەنگە ساپ بولمايدۇ.

II

„گۈل تىكەنسىز بولماس» دىگەن سوز قۇرۇق ئەقلىملىق جايلاردىن چىققان بولساكېرەك. لېكىن، ئىسسىق ئەقلىملىق جايلاردا تىكەنسىز گۈللەر ھەم گۈزەل ھەمجىق بولىدۇ. ئۇنداق گۈللەرمۇ ياخشى پۇرايدۇ.

تىكەنلىك گۈلمۇ ياخشى پۇرايدۇ. ئۇنىڭ گۈلى بىرخىل يېقىملىق پۇرىقى بىلەن كىشىگە پۇرىغانچە لەززەت بېرىدۇ. لېكىن بايقىمىسىڭىز سىزنى سانچىپ قويىدۇ.

بەزى تىكەنسىز گۈللەر دىماقنى يارغىدەك ئۆتكۈر پۇرايدۇ، سانچىمايدۇ، لېكىن ئۇنىڭ ھىدى كوڭۈلگە تېگىدۇ.

سىزگە ھەم ياخشى ھىد چېچىپ، ھەم سانچىپ تۇرغان گۈل ياخشى گۈل، ياخشى ھىد بىلەن ئاچچىق تىكەن بىرلىشىپ كەلگىنى ياخشى.

( كېچىرىسىز،مەن گۈللەر مۇتەخەسسىسى بولمىغىنىم ئۈچۈن بەلكى، خاتا سوزلەۋاتىدىغاندىمەن. )

III

قاغىنىڭ ۋاقىرىشى، ھۇقۇشنىڭ ھۇلىشى جانغا تېگىدۇ. چۈنكى ئۇ ياخشى ئاڭلانمىغاندىن باشقا، كىشىلەر ئۇنى يامانلىقنىڭ ئىرىمى دەيدۇ.

بۇلبۇل بىلەن خۇامپىنىڭ سايرىشى كوڭۈلگە ئارام بېرىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ئاۋازىدا مۇڭ ۋە مۇھەببەت، جاراڭلىقبار.

لاچىن قۇزغۇنغا ئوچ بولغىنى ئۈچۈن كىشىلەر ئۇنى ماختايدۇ.

سا چۇجىنىڭ كۈشەندىسى بولغاچقا ھەممەيامان كورىدۇ.„ئادەمنىڭ قېنى تاتلىق ئىكەن» دىگىنى ئۈچۈن قالىغاچ پاشىنىڭ تىلىنى چىشلەۋاپتىكەن. شۇڭا ئادەملەر قالىغاچنى ئۇلۇغلايدۇ ۋە ئۇيىدە ئۇگا قۇرۇشنى قارشى ئالىدۇ.

ئامازشام شەپەرىڭى گەپ توشۇپ، ھايۋانلارنىڭ ئارىسىنى بۇزغانلىقى ئۈچۈن سۇلايمان پەيغەمبەر قاغىۋېتىپتىكەن، شۇڭا ئۇ، كۈندۈزدىمۇ، كېچىدىمۇ كورەلمەيدىكەن. ئاران ئامازشامدا كورىدىكەن ۋە ئۇچالايدىكەن.

× ×

ماناقاراڭ! ئەجەپ ئىش:

— نەپرەت - مۇھەببەت؛

— تىكەنلىك - تىكەنسىز؛

— ماختاش - يامان كورۈش؛

— بېشىدا كوتىرىش - تىلىسىز قىلىپ قويۇش؛

— قاغاش - كورقىلىش؛

يەنە 40 يىلدا بىر قېتىم گۈل ئاچىسمۇ كىشىلەرگە گۈزەل گۈلزارقالدۇرۇپ كېتىش.

ھە، شۇنداق،دۇنيازىددىيەتلەر ئىچىدە مەۋجۇت. زىددىيەتسىز ھېچنەرسەبولمايدۇ. ياخشى يامانىنىڭ سېلىشتۇرمىسى—شەيئىلەرنىڭ پەرقى. ئوسۇملۇك دۇنياسىدىمۇ شۇنداق؛ ھايۋانات دۇنياسىدىمۇ شۇنداق. كىشىلىكمۇ بۇ مۇقەررەر قانۇنىيەتتىن تاشقىرى چىقالمايدۇ.

ياخشىلىق ياكى يامانلىق—ئادەمنىڭ تەقدىرىنى،ئۇنىڭ جەمىيەتتىكى ئورنىنى بەلگىلەيدۇ. ياخشى-يامانلىقنىڭ ئۆلچىمى—خەلققە پايدىلىق ئىش قىلىش ياكى زىيانلىق ئىش قىلىش. خەلققە زىيانلىق ئىش قىلساڭ خەلق سېنى ئىرغىتىۋېتىدۇ. خەلق ئۈچۈن پايدىلىق ئىش قىلساڭ، خەلق ئىشىغا، ئىنقىلاپ ئىشىغا بارلىغىڭنى تاپشۇرساڭ خەلق سېنى قوينىغائالىدۇ. خەلقساڭا مەدەتكار، خەلق سېنى ئۇلۇغلايدۇ.

خەلقنىڭ ھۆرمىتىدىنمۇ ئۇلۇغ، شەرەپلىك ئىش بولامدۇ دۇنيادا؟ ياق، بولمايدۇ. بۇ، كىشى ئۈچۈن ئۇلۇغنىڭ ئۇلۇغى! شەرەپنىڭ شەرىپى!

1981 - يىل فېۋرال، بېيجىڭ

رۇبائىيلار

ئەركىن نىزامى

زامانەم: ئالغا باس، توختىما، دېدى،
غەپلەتتىن ئويغانغىن، ئۇخلىما، دېدى.
ئومۇر گۈلشىنىنى سارغايتماي دېسەڭ،
نادانلىق دەشتىنى يوقلىما، دېدى.

×

ئامەت دەپ سانىما بايلىقنى-پۇلنى،
پۇل بىرچوغ، ئۆچىدۇ قالدۇرۇپ كۈلنى.
تۇتساكىم ئاشىنا ئىلىم-ئىرپاننى،
باغلىغاي ئەقلىنىڭ قىلىدا پىلنى.

×

شۇمشەيگەن ئىلانغا ئەيلىمە شەپقەت،
قايغۇغا ھامىلدار بىر دەملىك غەپلەت.
دۈشمەننى كۆلدۈرۈپ يىغلىما نامەرت،
يىغلىغان دۈشمەنگە كۆلكەڭنى كۆرسەت.

×

ئىككى „دوست“ قاۋاقتىن چىقتى تامیولەپ،
ئۇچۇردى ئەقلىنىڭ شامىنى پۇۋلەپ.
مەركىزى نېرۋىسىمۇ ئاداشتى ئىزدىن،
بۇلغىدى نومۇسنى پاتقاققا مىلەپ.

×

تەگشەكلىك كەيپىنى ئورلەتكەن شاراپ،
پاختىدەك ئاق دىلنى كىرلەتكەن شاراپ.
بىر ئوبدان يىگىتنى يولدىن ئازدۇرۇپ،
كورگەنگە ئوڭ-تەتۈر سوزلەتكەن شاراپ.

×

توي قىلدى سىرداشىماي تۇرۇپ ئىككى ياش،
سەۋزىدىن خەۋەر يوق پىشىپ قالدى ئاش.
توي ئوتۇپ ئۈچ كۈندە ئاڭلاندى ئويدىن،
كۆلكىنىڭ ئورنىغا ئوكسۇش-بۇقۇلداش.

# دادامنىڭ ئاغىنىسى

(ھىكايە)

قېيۇم سوپى

چوڭ قازانىدىكى قارىياغاچ پورىسى ئارىلاشتۇرۇلغان ئوماشقا قاراپ قالغان كۈنلەردە مەھەللىمىزدە بىر كېكەش كىشى پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇ ئىگىز بوي، گەۋرىلىك، بۇغداي ئۆڭلۈك، قائىشالىق كەلگەن ئادەم بولۇپ، چوڭلار ئۇنى ئەسلى ئىسمىنى بىلمىگەچكە بەستىگە قاراپ «قاۋۇلاخۇن» ئاتايتتى. قاۋۇلاخۇن يول ماڭغاندا ئىككى پۇتىنى سورەپ، ئىككى قولىنى تاشلاپ ماڭغاچقا، بەزى باللار ئۇنى «دەلدۇش» دىسە، بەزىلىرى ئۇنىڭ گەپ قىلغاندا چۈشىنىكسىز غەلىتە ئاۋاز چىقىرىدىغىنىغا قاراپ ئۇنى «بە - بە» مۇ دەيتتى.

قاۋۇلاخۇن بىر مەزگىل مەھەللىدە ئۇنىڭ - بۇنىڭ ئىشلىرىنى قىلىشىپ بېرىپ قوسىغىنى بېقىپ يۈردى. ئۇنىمۇ بەرسە يەيتتى، ئارتۇق تەلەپ قىلمايتتى. نىمىشىكىدۇ قاپىغى زادىلا ئېچىلماي، دائىم خاپىدەكلا كورۇنەتتى. ئۇ كېچىلىرى دۇينىڭ ئاشخانىسىدا يېتىپ قوپاتتى. بارا - بارا ئاشخانىغا ئۈگىنىپ قالدى. ئاشخانىنىڭ سۇيىنى توشۇپ، ئوتتۇنىنى يېرىپ كۈنىنى ئالىدىغان بولدى. ئۇ چاغدا دادام قايسى بىر ئىدارىنىڭ كادىرى ئىدى. دادام قاۋۇلاخۇننىڭ ئويى يوقلىغىنى كورۇپ، مەھەللىدىكىلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ھويلىمىزنىڭ ئالدىدىن ئېقىپ ئوتىدىغان ئوستەڭنىڭ ئۇ چېتىدىكى كوكات بېسىپ ياتقان كىچىككىنە بوشلۇققا ئەپچىلگىنە بىر ئېغىز ئوي سېلىپ، قاۋۇلاخۇننى كوچۇرۇپ قويدى. يېڭى ئويگە دادام بىزنىڭ ئويدىن بىر كىشلىك يوتقان-كورپە ئېلىپ چىقىپ بەردى. مەھەللىدىكىلەر چىقىرىش قىلىپ بىر پارچە بوز كىگىز سېتىۋېلىپ يەرگە سېلىپ قويدى.

يېڭى ئويگە كوچۇپ كىرگەن كۈنى قاۋۇلاخۇن تويى بولغان يىگىتتەك خوشال بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ كوزلىرىدە تەبەسسۇم چاقناپ، لەۋلىرىگە كۈلكە يۈگرىگەن ئىدى. بىردىنلا ئۇ دادامنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ كوزىگە ياش ئالدى. كېلىگە بىرنىمە تۇرۇپ قالغاندەك گېپىنى قىلالماي ئازاپلىنىپ، باشمالتىغىنى چىقىرىپ دادامغا مىننەتدارلىغىنى بىلدۇردى.

شۇ كۈنى كەچتە ئاپام ئورۇن سېلىۋېتىپ يوتقان-كورپىنىڭ كاملىغىنى سېزىپ تۇرۇپلا قالدى. ئۇتىگىنى سېلىۋاتقان دادام:

—ھەيران بولما تۇران، يېڭى خوشنىغا ئەچىقىپ بەردىم، - دىدى.

—يوتقان ـ كورپە ئۆزىمىزگە ئاران يېتىشمۇاتقاندا بۇ نىمە قىلغىنىڭىز؟ـدېدى ئاپام.

—مۇساپىر ئەمەسمۇ، ياخشىلىق دېگەن يەردە قالمايدۇ. باللارنىڭ ئىككىسىگە بىر يوتقان يېپىپ قويارسەن، ـ دېدى دادام.

شۇنداق قىلىپ قاۋۇلاخۇن بىزگە خوشنا بولۇپ قالدى. گۇدەكلىكتە كىشى نىمىلەرنى قىلمايدۇ دەيسىز. بىز مەھەللىنىڭ باللىرى كەچقۇرۇن قاۋۇلاخۇننىڭ ئۆيى ئالدىغا يىغىلىپ، ئۇ ئۆيگە كىرىپ كېتىشى بىلەن «قاۋۇل بەبە، قاۋۇل بەبە» دەپ ئۇنىڭ ئىشىكىگە چالما ئاتاتتۇق. ئۇ ئۆيىدىن چىقىشى بىلەنلا ھەممىمىز ئۆلەر ـ تىرىلىشىمىزگە قارىماي قاچاتتۇق. قاۋۇلاخۇن بۇ ئىشقا تېرىكىپ، بىزگە مۇشتۇمىنى كۆرسىتىپ بىرنىمىلەرنى دەپ كېتەتتى. ئۇ ئۆيىگە كىرىپ كېتىشى بىلەن بىز تېخىمۇ ھەددىمىزدىن ئاشاتتۇق...

قىش كۈنلىرى مەھەللىمىزدىكى ئۆستەڭلەردە سۇ بولمىغاچقا 5 چاقىرىم يىراقلىقتىكى سايدىن سۇ ئەكېلەتتۇق. قاۋۇلاخۇن ئات قوشۇلغان چانىغا يوغان ياغاچ تۇڭنى مەھكەم باغلاپ چوڭ قازانغا سۇ توشۇيتتى. بىر كۈنى بىز مەكتەپتىن قايتىپ كېلىۋېتىپ، سايدىن سۇ ئەكېلىۋاتقان قاۋۇلاخۇننى يىراقتىن كۆرۈپ قالدۇق. ئۇ چانىنىڭ ئالدىدا ئورە تۇرۇۋېلىپ، ئېتىنى قامچىلاپ كېلىۋاتاتتى. ئارىمىزدىكى چوڭراق باللار ئۆز ئارا پىچىرلاشتى ـ دە:

—جۇرۇڭلا، قاۋۇل بەبەنىڭ ئېتىنى ئۈركىتىمىز! ـ دېدى.

قاۋۇلاخۇن بىزگە يېقىنلاپ كېلىشى بىلەنلا، تۇيۇقسىز يولنىڭ ئوتتۇرىسىغا چىقىپ قولىمىزنى پۇلاڭلاتقان ئىدۇق. ئۈركىگەن ئات بۇرۇلۇپ ئوڭ تەرەپتىكى ئورمانغا قاراپ چاپتى. قاۋۇلاخۇن ئۆزىنى ئارقىغا تاشلاپ، قولىدىكى بوجىنى بار كۈچى بىلەن تارتىشقا باشلىدى. چانا تۈك ـ پۈك بىلەن ئۆرۈلگىنى تاسلا قالدى، ئۇ بىر ئاز قىيشايغاندا ئات توختاپ قالدى.

سەپرايى ئۆرلىگەن قاۋۇلاخۇن قامچىسىنى ئالدى ـ دە، چانىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، دەھشەتلىك ھوكۇرەپ بىزنى قوغلىغىلى تۇردى. مەن بەك قورقۇپ كەتتىم. بىز قېلىن قار بىلەن قاپلىنىپ ياتقان ئېتىزغا قاراپ قاچتۇق. قاۋۇلاخۇن كۆلتۈك قاردا پۇتىنى سورەپ يۈگرەلمەي قالدى....

شۇ كۈنى قاۋۇلاخۇننىڭ دەھشەتلىك ھوكۇرىگەن ئاۋازى زادى قۇلۇغۇمدىن كەتمىدى. گويا قاۋۇلاخۇن قامچىسىنى سورەپ تۇيۇقسىز بىر دوخمۇشتىن چىقىپ قالىدىغاندەك كەچكىرگەچە ئەندىشەمنى باسالمىدىم. كەچتە ئاپام، دادام نەدىندۇر ئېلىپ كەلگەن ئۆپكە ـ ھېسىپنى قۇيغان ئىكەن. دادام قېرىشقاندەك:

— ئىليار، قاۋۇلاخۇننى باشلاپ چىققىن، ئۆپكە ـ ھېسىپتىن ئېغىز تەگسۇن، ـ دەپ قالدى.

مەن تىپىمىغىمنى تاتلاپ يەرگە قاراپ تۇردۇم.

— مەن ساڭا گەپ قىلىۋاتىمەن؟

نىمە قىلىشىمنى بىلمەي «پاڭگىدە» قىلىپ يىغلىۋەتتىم ـ دە، ئىسەدەپ تۇرۇپ بولغۇن چۈشتە بولغان ئەھۋالنى دادامغا سوزلەپ بەردىم. دادام ئۆزى چىقىپ قاۋۇلاخۇننى باشلاپ كىردى. مەن قورققىنىمدىن ساراي ئۆيگە قېچىپ كىرىۋالدىم. دادام مېنى قولۇمدىن يېتىلەپ چىقىپ يېنىدا ئولتۇرغۇزدى. مەن كۆزۈمنىڭ قۇيرىغىدا قاۋۇلاخۇنغا قارىغىنىمچە دەككە ـ دۈككىدە تاماق يېيىشكە باشلىدىم. قاۋۇلاخۇن ھېلىلا جوزاپۇزىنى كۆتىرىپ ماڭا ئاتىلىدىغاندەك تۇيۇلاتتى.

لېكىن ئۇ ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرەپ قويدى-دە،
ساپ - سېرىق پىشقان بىر پارچە ئۆپكىنى
ئېلىپ ماڭا تەڭلەپ، بىر قولى بىلەن ئاغزىنى
شەرەت قىلدى. بۇ ئۇنىڭ „قورقما، تاماقنى يە“
دېگىنى بولسا كېرەك. كوڭلۇم سەل ئارام
تاپتى. تاماقتىن كېيىن دادام جوزىنىڭ ئاستىغا
تىقىپ قويغان شۆۋقنى ئېلىپ:

— ئىمىشكە ئۆزەڭدىن چوڭلارنىڭ
چىشىغا تېگىسەن. قاۋۇل چوڭ داداڭ چانىنىڭ
ئاستىدا قالغان بولسا قانداق قىلاتتىڭ! - دەپ
سوراقلاشقا باشلىدى.

مەن تىترەپ كەتتىم. قاۋۇلاخۇنمۇ جىد-
دىيلىشىپ ئورنىدىن تۇردى-دە، دادامنىڭ قولى-
دىن تاياقنى تارتىۋېلىپ، مېنى كەينىگە ئوت-
كۈزۈۋالدى ۋە ئۇ بىر قولى بىلەن مېنى كور-
سىتىپ تۇرۇپ، بىر قولىنىڭ ئالقىنىنى ئېچىپ
يەرگە پەس قىلىپ سوزۇپ „كىچىك بالا ئەمەسمۇ“
دېگەن مەنىنى چۈشەندۇردى. شۇ ئىشتىن كېيىن
مەن قاۋۇلاخۇننى تېرىكتۇرۇپ ئوينايدىغان
باللارغائارىلاشمايدىغان بولدۇم. ياز كۈنلىرى
ئېتىزدىن قايتقاندا قاۋۇلاخۇن ماڭا قاغا-قار -
غۇجىلارنىڭ ئۇچۇم بولاي دېگەن باللىرىنى
ئەكىلىپ بېرەتتى. بارا - بارا مەھەللىنىڭ
باللىرىمۇ ئۇنىڭدىن قورقمايدىغان بولۇپ،
ئۇگىنىپ قېلىشتى. قاۋۇلاخۇن قولىدىكى سېۋەتكە
ئېتىزدىن ئۇژمە، ياۋا قۇلۇپنىك، بۇلجۇرگەنلەرنى
تېرىگەچ كېلىپ، يولدا ئۇچرىغان باللارغا
بېرەتتى. بەزىدە ئۇنىڭ كىچىككىنە ئويى باللار
بىلەن توشۇپ بازارغا ئايلىناتتى.

يىللار ئوتۇپ قاۋۇلاخۇن دادامنىڭ
يېقىن ئاغىنىسى بولۇپ قالدى. بىزمۇ خېلى
چوڭ بولۇپ قالدۇق. مەھەللە ئاشخانىسىدىكى
ھېلىقى يوغان قازاندا تاماق ئېتىلمەيدىغان
بولۇپ، ھەممە ئادەم ئوزىنىڭ ئويدە تاماق
ئېتىپ يەيدىغان بولدى. قاۋۇلاخۇننىڭ تامى-
غى كوپرەك بىزنىڭ ئويدە بولاتتى. ئۇ ئوزى-
نىڭ مىننەتدارلىغىنى بىلدۇرۇش ئۈچۈن
ئويىمىزنىڭ سۇئەكىلىش، نورما ئۇن ئەكىلىش،
قار تازىلاش ئوخشاش ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى
ئۇنىمىغىنىمىزغا قويماي ئوزى قىلىۋېتەتتى.

ئويگە دادامنىڭ مېھمانلىرى كېلىپ
ئولتۇرۇش بولۇپ قالغان چاغلاردا ئۇلارنىڭ
ئارىسىدا قاۋۇلاخۇنكام بولماي قالمايتتى. بەزىدە،
باشقىلارنىڭ زورلىشى بىلەن ئۇمۇ 2- 3 روم-
كا ھاراق ئىچىپ قوياتتى. بۇنداق چاغلاردا
ئۇنىڭ يۇزلىرىگە قىزىللىق يۈگرۈپ، كۆلكە-
دىن كوزلىرى يۇمۇلۇپ، گوشلۇك ئىڭەكلىرى
سالپىيىپ كېتەتتى. بەك قىزىپ كەتكەن كۈن-
لىرى پۈتىنى سورەپ ئۇسۇلغىمۇ چۈشەتتى.
بۇ قىزىقچىلىق مېھمانلارنىڭ ئولتۇرۇشىغا
تېخىمۇ جان كىرگۈزەتتى.

شۇ كۈنلەردە دادام بىلەن ئاپامنىڭ غېمى
قاۋۇلاخۇننى ئويلەپ قويۇشتا بولۇپ قالدى.
لېكىن يېقىن ئەتراپتا لايىقىنىڭ ئېپى يوق
ئىدى. بىر قېتىم دادام „يالغۇزقارىياغاچ“ دې-
گەن جايغا كاماندىرۇپكىغا چىقىپ قايتقاندا ئويگە
خوشال كىرىپ كەلدى.

— تۇران، لايىق تېپىلدى، - دېدى ئۇ
ئاپامغا، - تولىمۇ ئوڭلۇق ئايال ئىكەن، بىراق ئۇمۇ
كېكەش. مەيلى ئەمەسمۇ، ئاش-تاماققا ئۇستا،
قولى گۈل ئايال ئىكەن. قاۋۇلاخۇننى خورلىماي
ئوبدان كۈتسە بولدى.

كەچتە ئاپام پولۇ ئەتتى. قاۋۇلاخۇن
ئېتىزدىن قايتقاندا مەن ئۇنى ئويگە باشلاپ
كىردىم. ئاپام تاماقنى لېگەنگە ئۇستى. دادام
پولۇ يېگەچ ئولتۇرۇپ قاۋۇلاخۇنغا ھېلىقى

خۇشخەۋەرنى ئۇقتۇردى. قاۋۇلاخۇن خىيالغا چوكۇپ بىر هازا تۇرۇپ كېتىپ، ئارقىدىن ئوڭ قولىنىڭ باشمالتىغىنى سول ئالقىنىغا سۈركەپ، ئاندىن قوللىرىنى كەڭ كېرىپ، مۈرىسىنى يۇقۇرى كوتەردى. بۇ ئۇنىڭ پۇل يوق دىگىنى ئىدى. دادام بىلەن ئاپام ئۇنى ئىشارەت بىلەن قايىل قىلىشتى. ئۇلارنىڭ ياردەم قىلىدىغانلىغىنى بىلدۇرىشتى.

توي كۈنى ئاپام مەھەللىدىكى بىر قانچە ئايالنى باشلاپ، ماشىنا بىلەن بېرىپ كېلىنىنى كوچۇرۇپ كەلدى. قاۋۇلاخۇننىڭ ئايالى سارە هەدە كېكەشلىگىنى هىساپقا ئالمىغاندا قالغان ئەزاسى بېجىرىم، قاش-كوزى جايىدا، ئوتتۇرا بوي، ئاقىنە كەلگەن تېتىك ئايال ئىكەن. سارە هەدەم ئاپام بىلەن هەدە - سىڭىلدەك بولۇپ كەتتى. مەن 8 - سىنىپنى پۈتتۈرگەن يىلى سارە هەدەم بىر ئوغۇل تۇغدى. دادام بىر مويسىپىت كىشىنى چاقىرىپ كېلىپ، ئەزەن قىچقىرىپ بوۋاقنىڭ ئىسمىنى مېنىڭ ئىسمىمغا يېقىن بولسۇن دەپ „ دىلىيار " قويدى. قىرىق كۈن بولغاندا ئاپام بوۋاقنىڭ „قىرىق سۈيى" نى قۇيۇپ بەردى. بالا بېقىش تېپىپ، بارا - بارا كوزگە كورۇنۇشكە باشلىدى، قاۋۇلاخۇن بازاردىن چىرايلىق بىر كىچىك مىس قوڭغىراق سېتىۋېلىپ كېلىپ، بوشۇككە باغلاپ قويدى. قوڭغىراق هەر قېتىم جىرىڭلىغاندا كىچىك دىليار ۋىلىققىدە كۈلەتتى. بۇنداق چاغلاردا قاۋۇلاخۇن يوغان بەستىنى هەر تەرەپكە تاشلاپ خوشاللىقتىن ئۆزىنى نەگە قويۇشنى بىلمەي قالاتتى.

كەچكى شەپەقنىڭ قىزغۇچ نۇرلىرى ئۈزۈم بارىڭىنىڭ يېشىل يوپۇرماقلىرى ئارىسىدىن ئوتۇپ، تاماق جوزىمىز ئۈستىدە ياقۇتتەك جىمىرلاپ تۇرغان بىر كۈنى قاۋۇلاخۇن دىليارنى كوتىرىپ دەرۋازىدىن ئىتتىك كىرىپ كەلدى. بىز نىمە بولغاندۇ دەپ قارىشىپلا قالدۇق. قاۋۇلاخۇن دادامنى كورۇپ كۈلۈپ كەتتى ۋە هەدەپ بوۋاقنىڭ ئاغزىنى ئىشارەت قىلدى. بىز شۇ چاغدىلا نىمە گەپ ئىكەنلىگىنى چۈشەندۇق. دىليار نىمىلەرنىدۇ دەپ گۈگراپ سوزلەشكە تەمشىلىۋاتاتتى. قاۋۇلاخۇن مېنى شەرەت قىلىپ بىر نىمىلەرنى دىدى. ئاندىن يانچۇغىدىن ماۋجۇشىنىڭ رەسىمىنى چىقىرىپ، كۈن چىقىش تەرەپنى كورسەتتى. بۇ ئۇنىڭ: ئوغلۇمنى چوڭ بولغانداسائا ئوخشاش ئوقۇتۇپ، بېيجىڭغا — ماۋجۇشى تۇرغان ئورۇنغا ئوقۇشقا ئەۋەتىمەن، دىگىنى ئىدى. بىزھەممىمىز كۈلۈپ كەتتۇق. دادام قاۋۇلاخۇننىڭ قولىنى چىڭ قىسىپ، مۈرىسىگە يېنىك ئۇرۇپ قويدى. ئاپام ئويدىن بىر **گۈللۈك** قولياغلىقنى ئېلىپچىقىپ، دىليار-



ئىنىڭ مۈرىسىگە تېگىپ قويدى.
ئارىدىن بىرەر يىل ئۆتەر - ئۆتمەي
«تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن ئىنقىلاپ» باشلان-
دى. كېيىن «ئىسيانچىلار» دادامنى بىر كېچى-
دە كېلىپ باغلاپ كەتتى، شۇندىن كېيىن ئۇنى
بىزگىمۇ كۆرسەتمىدى. ئىدارىسى ئۇنىڭ مائاشى-
نىمۇ توختىتىۋەتتى. تۇرمۇشنىڭ ئېغىر چېلىغىدىن
مەن مەكتەپكە بېرىشنى تاشلاپ قۇرۇلۇشلاردا
تامغا كېسەك ئاتتىم. دادامنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى
ئاغىنىلىرى ئۆيگە دەسسەپمۇ قويمايدىغان بولدى،
بۇ كۈنلەردە ئائىلىمىزنىڭ ئاساسلىق غەمخورى
قاۋۇلاخۇن بولۇپ قالدى. ئۇ ئوتۇن - كۆمۈر،
ئاشلىقتىن تارتىپ، گوش - ياققىچە تاپقىنىنى
ئېلىپ كېلىپ ھالىمىزدىن خەۋەر ئالاتتى. مەن:
دادامنىڭ بۇ كېكەش ئاغىنىسى ھەققەتەن ياخشى
ئىكەن دەپ ئويلىدىم.

بىر كۈنى «ئىسيانچىلار» دادامنى
كوچىغا ئېلىپ چىقىپ سازايى قىلدى. مەن
دادامنى كۆرۈپ تونىيالمايلا قالدىم. ئۇ ئورۇق-
لاپ، بىر تېرە - بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان
بولۇپ، چاچ - ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەن
ئىدى. بوينىغا «جىنايىتى» يېزىلغان يوغان
تاختا ئېسىلغىق تۇراتتى. مەن دادامغا كۆرۈن-
مەي كىشىلەر توپىغا ئارىلىشىپ يىغلاپ ماڭدىم.
چوڭ كوچىنىڭ دوخمۇشىدىكى كەڭ ئوچۇقچى-
لىققا كەلگەندە «ئىسيانچىلار» ئۇستەل-ئورۇن-
دۇقلىرىنى قويۇپ، لاباللىرىنى بېكىتىپ، دادامنى
كۈرەش قىلىشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ دادامغا
ئىمە جىنايەتلەرنى ئارتىپ سوزلەۋاتقانلىقىنى
ئاڭقىرالمايلا قالدىم. ئارقا - ئارقىدىن ئۈززۈل-
مەي «يوقالسۇن! يوقالسۇن!» دەپ توۋ-
لىغان ئاۋازلار قۇلاق - مېڭىنى يەيتتى. بىر
ئەبلەخ چىقىپ ئىگىشىپ تۇرغان دادامنى بىر
تېپىۋېدى، دادام سىمونت يەرگە دۈم چۈشۈپ
ئاغزى - بۇرنىدىن قان كەتتى. شۇ چاغدا
قاياقتىندۇر قاۋۇلاخۇن پەيدا بولۇپ قالدى-دە،
ھوكۇرىگىنىچە يۈگرەپ مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىغا
ئوتتۇپ، ھېلىقى دادامنى تەپكەن ئىمنىنى بىر
مۇش قويۇپ ئۇڭدىسىغا ئۇچۇرىۋەتتى. ئارقىدىن
جوزا - بەندىلىك، مىكراپونلارنى بېشىدىن ئېگىز
كوتىرىپ يىغىن باشقۇرۇۋاتقانلارغا ئاتقىلى-
تۇردى. قورقۇپ كەتكەن «ئىسيانچىلار»
بىردەمدىلا يىغىن سەھنىسىدىن غايىپ بولدى.
قاۋۇلاخۇن يۈگرەپ كېلىپ دادامنى يۆلەپ،
ئۇنىڭ ئارقىغا قىلىپ باغلانغان قولىنى يەش-
مەكچى بولۇۋاتقاندا 20 - 30 دەك «ئىسيانچى»
ئارقىدىن يوپۇرۇلۇپ كەلدى - دە، قاۋۇلاخۇننى
بېسىپ باغلاۋالدى. قاۋۇلاخۇن بويى بەرمەي
ھەدەپ ئالدىدىن كەلگەنلەرنىڭ قوسىقىغا تېپەت-
تى. لېكىن ئۇلار قاۋۇلاخۇننىڭ بېشىغا كالتەك
بىلەن ئۇرۇپ ئۇنى ھوشسىزلاندۇرۇۋەتتى.

ئاڭلىسام شۇ كېچە «ئىسيانچىلار»
قاۋۇلاخۇننى يوغان ياغاچقا باغلاپ قويۇپ كېچى-
چەنوۋەتلىشىپ ئۇرۇپ چىقىپتۇ. ئەتىگەنلىكى
ئۇلار قاۋۇلاخۇننى زەمبىلگە سېلىپ ئۆيىگە ئەكې-
لىپ قويۇپ كەتتى. قاۋۇلاخۇن شۇ ياتقىنىچە
3٠ كۈن ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ ئۆلۈپ كەتتى.
«ئۇلۇق ئىنقىلاپ» قا قارشى چىققان بۇ
«ئەكسىلئىنقىلابچى» نىڭ ئۆلۈمە رىكىسىگە ئىككى
گوركا، بىر مەزىن باشلىق ئازغىنىلا جامائەت
كەلدى. مەن بېلىمگە ئاقنى مەھكەم باغلاپ،
ئۇنىڭ تاۋۇتى ئالدىدا يىغلاپ ماڭدىم.

شۇندىن باشلاپ سارىخان ھەدە ھويلى-
مىزدىكى كىچىك بىر ئېغىز ئۆيگە كوچۈپ
كىردى. قىسقىغىنىلا ۋاقىت ئىچىدە ئۇنىڭ چاچ-
لىرىغا ئاق كىرىپ كەتتى. كىچىك دىلىيار بولسا

بىزنىڭ ئۆيىنىڭ ئايرىلماس بىر ئەزاسى بولۇپ
قالدى. بىرەر يىلدىن كېيىن دادامىمۇ قايتىپ
چىقتى. ئۇ ئاغىنىسىنىڭ ئولۇمىنى ئاڭلاپ دىليار-
نى قۇچاقلاپ تۇرۇپ ئوكسۇپ يىغلاپ كەتتى.
„ ئىسيانچىلار „ نىڭ يەر ئاستى تۇرمىسى-
دىكى ئۇزلۇكسىز ئازاپلار دادامنىڭمۇ سالامەت-
لىگىنى تۈگەتكەن ئىكەن. ھەسرەت چېكىپ،
مۇكچىيىپ مېڭىپ يۈرۈپ بىر - ئىككى يىلدىن
كېيىن ئۇمۇ ئالەمدىن ئوتتى.

دادامنىڭ تاۋۇتى ئالدىدا دىليار ئىككى-
مىز ئاق باغلاپ يىغلاپ ماڭدۇق. مەن دىل-
يارنىڭ قولىنى مەھكەم تۇتىۋالغان ئىدىم. دىل-
يارنىڭ كوزىدىن ئاققان ياش ئۇنىڭ مەڭزىنى
يۇيلاپ توختىماي ئېقىپ چۈشەتتى. دادام ھايات
ۋاقتىدا دىليارنى تولىمۇ ياخشى كورەتتى. دىليار
ئوز ئاتىسىنى يەنە بىر قېتىم يوقاتقاندەك بولدى...

× × ×

بۇ ئىشلار ئوتكىنىگە ئۇزۇن بولدى. ئەتى-
گەن بىز دىليارنى بېيجىڭغا ئوقۇشقا ئۇزاتتۇق. قاي-
تىپ كېلىپ ھويلىمىزنىڭ ئالدىدىن ئېقىپ
ئوتىدىغان ئوستەڭنىڭ ئۇ قېتىدا ياتقان ھېلى-
قى بىر پارچە يەرگە كوزۇم چۈشكەندە يۇقارقى
ئىشلار ئىختىيارسىز يەنە ئېسىمغا چۈشتى. ھەي
دىليار، دىليار، سەن بىر كېكەش، ئاق كوڭۇل،
ھەققانىيەتنى ياقلايدىغان ئاددى ئادەمنىڭ بالىسى
ئىدىڭ. مۇدھىش قارا قىشتىن كېيىن كەلگەن
يېڭى باھار ساڭا كەڭ قۇچاق ئاچتى. داداڭنىڭ
ھايات ۋاقتىدىكى ئۇمىدىنى ئاقلا!

## دىخان بىلەن باي

( چوچەك )

دىخان بىلەن باي يولدا سەپەرداش بولۇپ قاپتۇ. دىخان ئېشىگىنى „خىت„ دەپ
ئاۋارە ئىكەن. باي ئات ئۇستىدە گىدىيىپ ئولتۇرىدىكەن. ئۇلار بىر جاڭگالغا يېتىپ
كەلگەندە كۇن كەچ بولۇپ، قونۇپ قېلىشقا توغرا كەپتۇ.

ئاي دالادا قونۇپ ئادەتلەنمىگەن باي ياتا - ياتمايلا مۇزلاشقا باشلاپتۇ. ئاق كوڭۇل
دىخان قېلىنراق ياتسۇن دەپ ئۇنىڭ ئۇستىگە بىرنەرسە يېپىپ قويۇپتۇ.

— ئۇستۇمگە ياپقىنىڭ نىمە؟ - دەپ سوراپتۇ باي.

— ئېشەكنىڭ توقۇمى، - دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ دىخان.

بۇگەپنى ئاڭلاپ ئاچچىغىدا يېرىلغىدەك بولغان باي:

— ماڭا ئېشەكنىڭ توقۇمىنى ئارتىپ مېنى نىمە كورۇۋاتىسەن؟ - دەپ ئۇستىدىكى
توقۇمنى ئىرغىتىپ تاشلاپتۇ.

يېرىم كېچىدىن ئوتكەندە باي مۇزلاپ زادىلا ئۇخلالماپتۇ. ئاخىر بولالماي ئۇ:

— ھوي ئاغىنە! - دەپ چاقىرىپتۇ دىخاننى، - ھېلىقى نىمەڭنى ئىسمىنى ئاتىمايلا
ئۇستۇمگە تاشلاپ قويغىنا .

ئەخەت ئابدۇراخمان رەتلىگەن.

# ئىككى شېئىر

ياسىنجان ئىبراھىم

## ئىتتىپاقلىق نەزمىسى

بەخت-سائادەت پەيزىنى سۈرمەكتە بارچە مىللىتىم،
ئۆزئارا دوستلۇقنى چىن سويمەكتە بارچە مىللىتىم،
مىسلى بىرجان-تەن بولۇپ ئۆتمەكتە بارچەمىللىتىم ،
ھەم جاپا - راھەتنى تەڭ كورمەكتە بارچە مىللىتىم،
پاھ! بۈگۈن قەھ - قەھ ئۇرۇپ كۈلمەكتە بارچە مىللىتىم.

بۇندابىرمىللەتنى بىرخىل خۇشپۇراقلىق گۈل، دىسەك،
ھورۇەتەن شۇ خىلمۇ-خىل گۈللەرماكانى-باغ دىمەك،
گۈللىنىپ بارغايكى بۇ باغ، زەرقۇياش يايغاچ ئىپتەك،
خۇددى رەڭدار مۇشكى ئەنبەر-ياشنىغان ھەربىر يۈرەك،
ئۇشبۇ گۈلباغ قەدرىگە يەتمەكتە بارچە مىللىتىم.

ئىش-چېلىش مەيدانىدا جەينەككە يەكنى تەڭ تۇرۇپ،
ئەجرىدىن پۈتكەن ھەسەلنىڭ لەززىتىنى تەڭ كورۇپ،
پەن - ئىلىم دەرياسىدا شۇڭغۇپ بىلىقلاردەك ئۈزۈپ،
تەكتىدىن ھەم بىباھا دۇرى-گوھەرلەرنى سۈزۈپ،
بىرلىشىپ چوللەرنى گۈل ئەتمەكتە بارچە مىللىتىم.

تىلىگىم: بۇ ئوم - ئىناقلىق باغى مەڭگۈ گۈللىسۇن،
گۈل ئارا ئازغان - تىكەن كوكلەشكە ئىمكان بولمىسۇن،
چىن باراۋەرلىكتە ئەل مەنزىلگە تىنماي ئورلىسۇن،
نەزمىدە شائىر ئىناقلىقنى داۋامەت كۈيلىسۇن،
كۈيگە مول ئىلھام ئاتا ئەتمەكتە بارچە مىللىتىم.

## ئورگىلەي ئىلى

ئورگىلەي جەننەت مىسال كوركەم جامالىڭدىن ، ئىلى،
تىل يارار شەرۇەتكە تولغان ئالمىزارىڭدىن، ئىلى،
تاغدا چارۇا، ئويدا ئاشلىق...لالىزارىڭدىن، ئىلى،

بىھىساپ بايلىققا تولغان غەزنەكانىڭدىن، ئىلى،
دىلنى مەپتۇن ئەيلىگەن ئاۋات بازارىڭدىن، ئىلى،
ئۆرگىلەي جان راھىتى سۈلىماس باھارىڭدىن، ئىلى،
كەلگۈسى ئىقبال ئۈچۈن ئەھدۇ-قارارىڭدىن، ئىلى.

توتىيا تۇپراقلىرىڭ مۇنبەت، پايانسىزدۇر سېنىڭ،
سۇلىرىڭ ئابى ھايات - تەنلەرگە جان-قاندۇر سېنىڭ،
كەڭ ئېتىز - خامانلىرىڭ گويا كى زەركاندۇر سېنىڭ،
ساپ ھاۋايىڭ جانغا جان قوشقۇچى دەرماندۇر سېنىڭ،
توتپەسىل ھوسنىڭ بەئەينى لالە - رەيھاندۇر سېنىڭ،
ئۆرگىلەي جان راھىتى سۈلىماس باھارىڭدىن ئىلى،
كەلگۈسى ئىقبال ئۈچۈن ئەھدۇ- قارارىڭدىن، ئىلى.

ئىنتىزار بولغان كەبى پەرھات سەنەمنىڭ ۋەسلىگە،
سېغىنىپ دىلدىن سېنى كەلگەن چېغىم ياز پەسلىدە،
بىر ئەزىم زوقى-ھاياجان ئالدى مەيلىم ئىلكىگە،
مەن سېنى گۈل دەپتىمەن، جەننەت ئىكەنسەن ئەسلىدە،
بەلكى جەننەت ھۆرلىرى تاڭ قالغۇسى بومەركىدە،
ئۆرگىلەي جان راھىتى سۈلىماس باھارىڭدىن ئىلى،
كەلگۈسى-ئىقبال ئۈچۈن ئەھدۇ-قارارىڭدىن، ئىلى.

قالمىدى بىر تال گىيايىڭ مەن ھەۋەستە باقمىغان،
( تۇغۇلۇپ مۇنچە ھەۋەسنىڭ تاشقىنىدا ئاقمىغان )،
توختىماي ھەر كۆنلىگى ئاۋات بازارىڭ قايىنىغان،
قايدا بارسام توقچىلىق— ياغ چايىنىۋال ، دەپ تۇۋلىغان،
دىلنى مەپتۇن ئەيلىشىپ بۇلبۇللىرىڭ شوخ سايرىغان،
ئۆرگىلەي جان راھىتى سۈلىماس باھارىڭدىن ئىلى،
كەلگۈسى-ئىقبال ئۈچۈن ئەھدۇ-قارارىڭدىن، ئىلى.

يۈكسىلىپسەن شان قۇچۇپ، كۆنلەرسېرى تېپىپ رۇناق،
ھەم گۈزەل قوينۇڭ ئارامللەتلىرىڭ شۇنچە ئىناق،
بىر-بىرىگە مېھرىۋان (مېھرى ئىكەن گويا بۇلاق )،
ياڭرىغان ھەرياندا دوستلۇق كۈيىگە سالسام قۇلاق،
يار ئىكەن ھەرچاغ بەخت، غەم - قايغۇدىن بوپسەن يىراق،
ئۆرگىلەي جان راھىتى سۈلىماس باھارىڭدىن ئىلى،
كەلگۈسى - ئىقبال ئۈچۈن ئەھدۇ—قارارىڭدىن، ئىلى.

مەن بۈگۈن ئارزۇ ۋىسال بوستانىدا كوردۇم سېنى،
توتلىششىنىڭ خۇددى ئاتەش ئىشقىدا كوردۇم سېنى،
نۇرچېچىپسەن، پەن-ئىلىم ئاسمانىدا كوردۇم سېنى،
بەيگىدە—شانلىق چېلىش مەيدانىدا كوردۇم سېنى،
قانچىلاپ شائىرلەرنىڭ داستانىدا كوردۇم سېنى،
ئۈزگىلەي جان راھىتى سۆلماس باھارىڭدىن ئىلى،
كەلگۈسى-ئىقبال ئۈچۈن ئەھدۇ-قارارىڭدىن، ئىلى.

ئۈرلىگىن، ئۈرلە يەنە شۇڭقار كەبى، مەنزىل تامان،
ئۈرلە، شات بەختىڭ ئۈچۈن دىلدىن تىلەكداشمەن ھامان،
خوشپۇراق چاچسۇن ئىناقلىق گۈلى سەندە ھەر زامان،
ئەي ئىلى ئالتۇن دىيار، ھوسنى گۈزەل ماھىتابان،
نۇرجامالىڭ ئەتىكى ئەل بەختىنى ئەيلەر ئايان،
ئۈزگىلەي جان راھىتى سۆلماس باھارىڭدىن ئىلى،
كەلگۈسى-ئىقبال ئۈچۈن ئەھدۇ—قارارىڭدىن، ئىلى.

# ئىككى شېئر

ئابدۇغوپۇر ئابدۇراخمان

## ۋەتىنىم

قۇچىغىڭغا ئالدىڭ ۋەتىنىم،
مەن دۇنياغا كوز ئاچقان دەمدە.
قىلدىڭ قۇياشتەك دەخلىسىز نۇرلۇق،
پەرزەنتلىڭ غورۇر بەخشەندە.
بەخت جامى تۇتقۇزدۇڭ ماڭا،
چوڭلىغىڭغا سىغىدۇ جاھان.
ئۇندا مېھرىڭ تۇرار لىپمۇ - لىپ،
ۋۇجۇدۇمغا بېغىشلاپ دەرمان.
ئانام ئۇلۇغ، مەن ئۈچۈن شۇنچە،
ئانامدىنمۇ ئۇلۇغ سەن ئۈزەڭ.

(«ئانام» دەيدۇ ئانامۇ سېنى،
ئانىلارنىڭ ئانىسى ئۈزەڭ).
مەن سېنىڭكى سەن ھەم مېنىڭكى،
تەقدىرىم بىر سەن بىلەن ھەر ۋاق.
سېنىڭ بەختىڭ، قىلار مېنى شات،
غەم قايغۇڭغا بولىمەن ئورتاق.
ئۈزگىلەرگە قىلىپ ئىلتىجا،
بەخت ئىزئام قىلمايمەن تاما.
پەرزەنتىڭمەن، ئىقبال يۇلتۇزى
ھامان پارلاپ تۇرار بېشىمدا.

## يۇر، ماگـايىلـى

قازاق ـ باغرىم، تەقدىردىشىم، سىردىشىم،
تائەزەلدىن سىنىڭ بىلەن تۇققان بىز.
بۇ سوزۇمنىڭ دىلىلىدۇر تارىختا،
ئورتاق مەقسەت ئۇچۇن بىللە باسقان ئىز.
بىللە پىلان تۇزدۇق ھەر ئىش بىشىدا،
سەپەرلەردە ئاتقا بىللە مىنگەشتۇق.
يۇرىگىمىز ھەر دائىما تەڭ تەپتى،
تىلسىملارنىڭ سىرلىرىنى تەڭ يەشتۇق،
بىر كەپىدە بىللە ھايات ئوتكۇزدۇق،
ئارزۇ ـ مەقسەت، نىشانىمىز بولدى بىر،
بىللە ئاشتۇق ئىگىز داۋان ـ تاغلاردىن،
يازغان غەزەل-داستانىمىز بولدى بىر.
قىلدۇق بىللە كوچەت تىكىپ باغ بىنا،
بىر سورۇندا ئورتاق ئوتتى تويىمىز.
ئىچىپ كەلدۇق بىر بۇلاقنىڭ سۇيىنى،
ئوخشاش بىزنىڭ خۇلۇق-مىجەز خۇيىمىز.
بىشىمىزغا ئەلەم تىغى تەڭ چۇشتى،
تەڭ كوتەردۇق سۇبات بىلەن تىك تۇرۇپ.
پۇكەلمىدى قەددىمىزنى، ھەر مەرتە
تەڭ كوكلىدى ئومىدىمىز بىخ ئۇرۇپ.
تەڭ قوزغالدۇق، قارشى كونا دۇنياغا،
ئۇجۇقتۇرۇش توچكىمىز بىر بولدى ھەم.
بەزىدە تەڭ تالاپەتكە يولۇقتۇق،
قانلىرىمىز بىر دەرياغا بولدى جەم.

قان تەر توكۇپ تەڭ قول سىلىپ قوپاردۇق،
مەرىپەتتىن قانچە مەشھۇر سارايىنى.
پەخىرلەنسەڭ سەن بوۋىمىز ماخمۇتتىن،
قىزغىن سويۇپ ئوقۇدۇق بىز ئابايىنى.
سەن سويۇندۇڭ، لۇتۇن يىنىپ غەزەپتە
ياۋغا قارشى نەرە تارتىپ چىققاندا.
بىز شاتلاندۇق تاگجارىق ئوز شىرىنى،
نەيزە قىلىپ ياۋ كوكسىگە تىققاندا.
ئۇچرىغاندا ئاچچىق جۇدۇن ـ سوغلارغا،
كىيىملەرنى تەڭ تاتىشىپ كىيىشتۇق.
دۇچ كەلگەندە يوقسۇللۇققا، ئاپەتكە،
نىنىمىزنى تەڭ بولىشىپ يىيىشتۇق.
ئاچتى مانا زامان بۇگۇن گۇل چىراي،
ئىللىق باھار نۇرلىرىنى تەڭ كوردۇق.
ئىشقا ئىشىپ ئارزۇ ـ ئارمان غايىمىز.
شىرىن بەخت لەززىتىنى تەڭ سۇردۇق.
تەڭ تىكلەندى پۇكۇلمەس بوپ قەددىمىز،
غورۇر بىلەن باقتۇق بۇ كەڭ جاھانغا.
يۇكسىلىشنىڭ گۇللىرىنى تەڭ قىستۇق،
ئالقىشىمىز تەڭ ياغدى بۇ زامانغا.
قولۇڭنى بەر، قازاق-باغرىم، دىلكىشىم،
يۇر ماگـايلى، بىزنى كۇتەر كىلەچەك.
تەڭ تۇتايلى ئىقبال قىزى قولىنى،
ئەجرىمىزدىن ئىچىلدۇرۇپ گۇل چىچەك.

# دادام بىلەن ئاكام توغرىسىدا تەسىراتلىرىم

(ئەسلىمە)

زۇنۇن قادىر



دادام خۇراپىي ئەقىدىلەرگە مەھكەم چاپلىشىۋېلىپ يېڭىلىقنى قوبۇل قىلمايدىغان، مىجەزى چوس بوۋاي ئىدى. ئاكام بولسا ئۇنىڭ ئەكسىچە تۈرلۈك بىلىملەرنى ئىگەللىۋېلىشقا ناھايىتى قىزىقىدىغان ئوسمۇر بولۇپ، ئۇنىڭ ئىزدىنىپ ئىشلەۋاتقان ئىشلىرى كوپ ۋاقىتتا دادامنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچراپ تۇراتتى.

ئەڭ ئاۋۋال ئاكامنىڭ قانداق مەكتەپتە ئوقۇش مەسىلىسى ئۈستىدە دادام بىلەن ئاكام ئوتتۇرىسىدا قاتتىق توقۇنۇش بولدى.

بۇرۇن، بىز تۇرىۋاتقان غۇلجا شەھرىدە دىنىي مەكتەپلەر بولۇپ، ئۇيغۇرچە پەننىي مەكتەپلەر يوق دېيەرلىك ئىدى. 1920-يىللىرىنىڭ باشلىرىدا مۇسابايوپلار تەرىپىدىن غۇلجا شەھرى مەدرىس يېنىدا ئۇيغۇرچە ئوتتۇرا دەرىجىدىكى يېڭىچە پەننىي مەكتەپ ئېچىلغان ئىدى. ئۇنىڭدا ئىستانبۇلدا يۇقۇرى بىلىم ئېلىپ كەلگەن مۇئەللىملەردىن: ئابدىراخمان شادى، تۇرسۇن ئەپەندى؛ تۈركلەردىن تورغوت، خېلىل ئەپەندىلەر ھەم مۇسابايوپلار راسخۇدى بىلەن تۈركىيىدە ئوقۇپ كەلگەن كونا زىيالىلار ئوقۇتقۇچىلىق قىلاتتى. ئاكام تۇردى قادىر مانا مۇشۇ مەكتەپتە ئوقۇش ئۈچۈن دادامغا تەكلىپ قويدى. ئاكام بۇچاغدا كونا دىنىي مەكتەپتە «شەرھىي ۋاقەئى» دېگەن كىتاپنى تاماملاپ مەكتەپنى تۈگەتكەن ئىدى. دادام ئاكامنىڭ يېڭىچە پەننىي مەكتەپكە كىرىش تەلىۋىنى رەت قىلىپ، ئاچچىق بىلەن:

— ئەمدى سەن پەن دېگەن نېمىنى ئوقۇپ دەھرىلىك يولىغا كىرمەكچىمۇ؟ مەن بۇنىڭغا يول قويمايمەن! مەدرىسكە كىرىپ تالىپ بولىسەن! — دېدى.

— دادا، — دېدى ئاكام يالۋۇرۇش ئاھاڭىدا، — مەن ئۇزۇندىن بېرى شەھرىمىزدىمۇ پەننىي مەكتەپ ئېچىلىشىنى ئارزۇ قىلىپ يۈرگەن ئىدىم، جەزمەن مۇشۇ يېڭى مەكتەپكە كىرىپ

ئوقۇيمەن!

— بولمىسا مەھەممەت ئىمىن ئاخۇن غوزا داموللامنىڭ ئۆيىگە بېرىپ مۇختەسەردا قائىدىنى دەرس ئال!

ئۇز مەقسىدىگە زىت بولغان تەكلىپلەر ئاكامنىڭ ئوغىسىنى قايناتتى.

— سىز مېنىڭ مەقسىدىمنى نىمىشكە چۈشەنمەيسىز؟! مەن شۇنچەيىللار ئارزۇ قىلغان مەكتەپنىڭ ئىشىگى مەھەللىمىزدىلا ئېچىلىپ تۇرسا شۇنىڭغا كىرىشكە رۇخسەت قىلمايسىز، مەن يەن ئوقۇيمەن، يەن!

— ھاي بەغەرەز، يەن دىگەن نىمە ئۇ؟

— كىشلەرنى ھاۋاداقۇشتەك ئۇچۇرغان، سۇدا بېلىقتەك ئۈزدۇرگەن نەرسە شۇ!

— ئۇياققا قەدەم باساڭ پۇتۇڭ چېقىلىدۇ! _

بۇتالاش-تارتىشلار خېلى ۋاقىتقىچە داۋام قىلىپ، ئاخىرى ئاكامنىڭ تەلىۋى رەت قىلىنىدى.

دادام مولللارنىڭ سوھبەتلىرىگە ئارىلىشىپ، قۇلاق موللىسى بولۇپ قالغانلىغى ئۈچۈن دىنى مەسىلىلەردىن خېلى كوپ نەرسىلەرنى سوزلەيتتى.

دادام: «چوڭلارنىمەدىسە خوپ دىيىش لازىم»، «بارغا قانائەت قىلىش، ناشايان ئىشلارنى قىلماسلىق، دائىم ئاخىرەتنى ئويلاش لازىم»، «بۇدۇنيادا ساۋاپ بولىدىغان ياخشى ئىشلارنىلا قىلىپ يامان ئىشلاردىن ساقلانسا، تاڭلا مەھشەرگاھدا يورۇق يۈز بىلەن خۇدانىڭ دەرگاھىغابارىدۇ» دىگەندەك نۇرغۇن نەسىھەتلەرنى قىلىپ، مەجبۇرى دىگىدەك ئاكامنى مەدرىسكە يولغا سالدى. ئۇنىڭغا بىر كىچىك جوزا، ئاپتاۋا، چىلاپچا، ئىككى چىنە، بىر دەستۇر بەردى. مەنمۇ بۇنەرسىلەرنى كوتىرىشىپ بەردىم. ئاكامنى تالىپلارنىڭ ھوجرىسىغا جايلاشتۇرۇپ قويدۇق. ئاكام مەلۇم ۋاقىت تالىپ بولۇپ، مەدرىستىن دەرس ئېلىپ يۈردى. ئەمما پات-پاتلا مەدرىس يېنىدىكى ھېلىقى مەكتەپنى ئەگىپ يۈرەتتى.

ئابدۇراخمان ئەپەندى ئاكامنىڭ بۇ مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇش ئىشتىياقىنى بىلگەندىن كېيىن ئۇنى مەكتەپكە قوبۇل قىلماقچى بولۇپ، دادامغا ئوزى يولۇقۇپ، ئوغلىنى يېڭى مەكتەپكە بەرسەكېرەكلىكىنى ئادەم بولۇپ يېتىشىدىغانلىغىنى چۈشەندۇردى ھەم بەزى تەرەققىپەرۋەر كىشىلەر ئارقىلىق تەسىر ئوتكۈزۇپ دادامنى ئاران كوندۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن ئاكام مەقسىدىگە يېتىپ يېڭى مەكتەپكە كىرگەن ۋە ئەلا دەرىجىدە ئوقۇپ يۈرۈپ 7-سىنىپنى تۈگىتىپ چىققان ئىدى.

ئاكام تۇردى قادىر ئاجايىپ خۇشخەت ۋە رەسىم سىزىشقا ماھىر ئىدى، خۇراپى ئادەتلەرنى زاڭلىق قىلىدىغان ھەجۋى رەسىملەرنى سىزىپ، تام، تۈۋرۈكلەرگە چاپلاپ قوياتتى. بىر قېتىم ئۇ ئىشانلارنىڭ ئەۋلىيا سۈپەت بولىۋېلىپ مۇرتلىرىنى ئالداپ نەرسە كېرەك تۇپلايدىغان يامان نەپسىنى زاڭلىق قىلىپ، ئۇزۇن ئىنچىكە بويىنى ئۈستىدىكى بېشىغا قازاندەك سەللە ئورىغان، بارماقلىرى ئارىدەك، چىشلىرى تومۇر گۈرجەكتەك غەلىتى بىر سۈرەت سىزىپ ئاستىغا «نەپسى ئەگەر سۈرەتكە كەلسە، سۈرىتى ئىشان كېلۇر، قوللىرى ئاراكەبى، چىشلىرى تىشاڭ كېلۇر» دەپ يېزىپ، پىشايۋان تۈۋرۈكىگە مىخلاپ قويۇپتۇ. بۇنى دادام كورۇپ يىرتىپ تاشلاپ ئاكامنى قوغلاپ يۈرۈپ، دۇمبالىغان ئىدى. دادام سوپى بولغىنى ئۈچۈن ئىشانلارغىمۇ ئې-

تىمقات قىلاتتى. ئىككىنچىدىن «كىمكى سۈرەت سىزسا، شۇ سۈرەت سىزغۇچىدىن قىيامەتتە جان تەلەپ قىلىدۇ» دېگەن خۇراپى سۆزگە ئىشىنەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاكام رەسىمنى ئۆيىدىن يوشۇرۇپ يۇرۇپ سىزاتتى. ئۇ ماڭمۇ ئات ۋە ئادەملەرنىڭ يېڭىچە تۇرغان رەسىملىرىنى قېرىنداش بىلەن سىزىشنى ئۆگىتەتتى.

مەن بىر كۈنى ئۇنىڭ ئۆگەتكەن ئات سۈرىتىنى سىزىشنى مەشق قىلىۋاتسام تۇيۇقسىز دادام كىرىپ قېلىپ قەغەزنى يىرتىپ كاچىتىمغا ئىككى شاپىلاق سالدى.

— تۈردى دېگەن خۇمپەر سېنىمۇ ئازدۇرۇشقا باشلاپتۇ. مەشھەردە جېنىڭنى بۇنىڭغا بەرسەڭ، ئۆزەڭ خۇدا قازى بولۇپ سورىغاندا ئالدىغا قانداق بارىسەن؟! — دەپ ۋاقىرىدى. — ئەگەر ئىككىنچى يەنە سۈرەت سىزساڭ مانا مۇشۇنداق قىلىپ قولۇڭنى سۇندۇرۇۋېتىمەن، — دېدى-دە، قولۇمدىكى قېرىنداشنى تارتىۋېلىپ، سۇندۇرۇپ تاشلىۋەتتى. مەن قورقۇپ كېتىپ ئىككىنچى سۈرەت سىزمىدىم. ئاكامنىڭ «بۇمۇ قىممەتلىك سەنئەت» دېگەن سۆزلىرىنىمۇ ئاڭلىماس بولدۇم. مەن ئاكامنىڭ تەرەققىپەرۋەرلىك توغرىسىدىكى سۆزلىرىگە ئانچە قۇلاق سالماي، دادامنىڭ: «ئۇنداق ئىشلار يامان بولىدۇ» دېگەن سۆزلىرىگە ئىشىنەتتىم. چۈنكى دادام مېنى ئىبادەت ۋە كىتاپخانلىق بولىدىغان جايلارغا ئەگەشتۈرۈپ باراتتى. ھەر ئامال بىلەن دادام ماڭا «يۇۋاش، مۆمىن بولماي، تۈرلۈك ھەۋەسكە بېرىلسە، گۇناكار بولۇپ دوزاققا چۈشىدۇ» دېگەن چۈشەنچىنى سىڭدۈرەتتى.

ئاكام ساز ئۆگىنىشكە ھەۋەس قىلاتتى. ئۇ دۇتار سېتىۋېلىپ ئۇنى چېلىشنى مەشق قىلىشقا باشلىغان ئىدى. دادام كورۇپ قېلىپ:

— ھاي تۈردى دېگەن تەنتەك، ئەمدى مۇشۇ يامان ئىشنى قىلغىلى باشلىدىڭمۇ، دۇتار بار ئۆيگە پەرىشتىلەر كىرمەيدۇ. يوقات بۇ دوزاق چومىچىڭنى دېگەن ئىدى. ئاكام ئۇنىڭ سۆزىنى زاڭلىق قىلىپ:

— ئۇنداق بولسا مەن ئۆلگەندە گورۇمگە دۇتارنى ئەكىرىپ قويسۇن، مۇنكۇر، نوڭكۇرلەر دېگەن ئازاپ پەرىشتەلىرى ئۆيەرگە كىرمەي، گۆرزە ئازاپلىرىدىن قۇتۇلۇپ قالاي، — دېدى.

دادام ئۇنىڭ ھەجۋىلىك تەمسىلىنى چۈشۈنۈپ، ئۆزىنى مەسخىرە قىلىۋاتقانلىغىغا تېرىكىپ:

— ھاي-ھاي بەدبەخ، شۇم ئاغزىڭدىن مۇنداق كۇپۇرلىق گەپنى چىقارما، گۇناكار بولىسەن. بىلەمسەن، ئاخىرەتتە ئاشۇ دوزاق چومىچى بىلەن ئوتنى ئۇسۇپ ئاغزىڭغا قۇيىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن مانابۇنى مۇشۇنداق قىلىش لازىم، — دەپ دۇتارنى ئاكامنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىپ ئۇرۇپ پاچاقلاپ تاشلىدى.

ئاكام تېخى «داۋانچىلىك» دېگەن ناخشىنى ئۆگىنىپ بىزگە چېلىپ بېرەتتى. دۇتارنىڭ ئادەم روھىنى جانلاندۇرغۇچى جازىبىدار ئاۋازى مېنىمۇ ئۆزىگە جەلپ قىلىپ تۇرغىنى ئۈچۈن، ئۇنىڭ پارە-پارە بولۇپ يەردە چېچىلىپ يېتىشى مەندە ئېچىنىشلىق تەسىر قوزغىدى. مۇشۇ زەربىلەردىن كېيىن رەسىم سىزىش، مۇزىكىغا ئىشتىياق باغلاش ھەۋىسىدىنمۇ مەھرۇم بولغان ئىدۇق.

مەن ئاكامدىن ناھايىتى 2 ياشلا كىچىك ئىدىم. ماڭا ئاكام بىلەن دادام ئارىسىدىكى زىددىيەتلىك توقۇنۇشلار ساۋاق بولۇپ، دادامنىڭ تايىغىدىن قورقۇپ، ئۇنىڭ دېگەن ئىش

لىرىنى باش كوتەرمەي قىلاتتىم. بىر كالا، بىر ئىشەك، ئات، بەش-ئالتە قوينى بېقىش مېنىڭ ئۈستۈمدە ئىدى. ياز كۈنلىرى سىرتتا قوي بېقىش، ئوت ئوروپ كېلىش، بازاردىن شاپاق تېرىش، ھەلەپ ئېتىش بىلەن كەچكىچە قولۇم بوشىماتتى. تېخى 12-13 ياش بولساممۇ تاڭ سەھەردە ئورنۇمدىن تۇرۇپ، تاھارەت ئېلىپ دادام بىلەن بىللە بامدات ناماز ئوقۇش ئۈچۈن مەچىتكە باراتتىم.

بىر كۈنى بىز بامدات نامىزىدىن قايتىپ ئۆيگە كىرسەك ئاكام ئورنىدىن تۇرماي بىخارامان ئۇخلاۋاتقان ئىكەن. بۇنى كورۇپ، دادامنىڭ غەزىۋى ئورلىنىدە، ئاتىنىڭ ژۈگىنى بىلەن ئۇنى يالىڭاچ بەدىنىدىن قان چىققىنچە ئۇرغان ئىدى. يەنە بىر كۈنى دادام ئاكامنىڭ ياشلار ئارىسىدا يېڭى مودا بولۇپ قالغان گەپى شىم تىكتۈرۈپ كىيگىنىنى كورۇپ «سەن بۇ ئورۇسچە ئىشتاننى نىمشكە كىيدىڭ» دەپ دەھشەتلىك غەزەپكە كېلىپ ئۇنى ئۇرۇش ئۈچۈن ئۇياق-بۇياقتىن تاياق ئىزدەشكە باشلىدى، مەن ئەھۋالنىڭ يامان بولىدىغانلىغىنى بايقاپ ھو توشۇيدىغان سوغىدىكى كالتەكنى تونۇرنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇپ قويدۇم. سەپرا بوۋاي ئاچچىغىدا چىدىماي دىرىزىدىكى قاچاگۈلنى ئاكامغا ئاتقان ئىدى، ئاكامنىڭ بېشى يېرىلىپ يۈز-كۆزى قانغا بويالدى. شۇ ئەھۋالدىمۇ دادامنىڭ ئاچچىغى ياندماي بىچارە ئاكامنى قوغلاپ يۈرەتتى. مەن ئۇتتۇر خوشنىمىزنى قىچقىرىپ كىرىپ ئاكامنى تاياقتىن قۇتقۇزۇپ قالدىم، ئەمما بۇۋاي تېخىچىلا قايناپ «مۇنداق يامان ئىشلارنى نىمشقا قىلىسەن، ھاي دەھرى، بەدبەخ، ۋىجدان دىگەن نەرسە بارمۇ-يوق مۇناپىق سەندە» دىگەن سوزلەر بىلەن تىللاۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقان بۇنداق سوزلەرنىڭ مەنىسىنى ئۇ چاغلاردا چۈشىنەلمەيتتىم. خېلى زامانلار ئوتۇپ، ئازتولا ئوقۇپ، ئىجتىمائى مەسىلىلەرگە ئارىلاشقاندىن كېيىن مۇناپىق دىگەن نىمە؟ ۋىجدان دىگەن نىمە؟ دىگەن سوئاللارغا جاۋاپ تېپىشقا باشلىدىم. مۇناپىق، يالغانچى، ھىلىگەر دىگەنلەر ئاغزىدىكى سوزى بىلەن ئەملىيەتتە قىلىپ يۈرگەن ئىشى ئوخشىمايدىغان مەككارلار ئىكەن. ۋىجدان دىگەن مۇناپىقلىق، ئادالەتسىزلىك ئىشلارنى يامان كورىدىغان، ناھەقلارنى بوزەك قىلىش، قاراكوڭۈللۈك ئىشلاردىن يىرگىنىپ، ئازاپلىنىپ ئىنساپ ۋە ھەققانىيەتنى كوزدە تۇتىدىغان روھى كەيپىيات ئىكەن دىگەن چۈشەنچىلەرگە كەلدىم.

ئاكام «سەن يامان ئىشلارنى قىلدىڭ» دەپ يۇقارقى ئاتالغۇلار بىلەن تىللىغىدەك كىشىلەردىن ئەمەس ئىدى. ئۇ ياخشى نىيەتلىك، ئىنساپلىق، ئادالەتنى سويگۈچى، بىلىم تەشناسى، ۋىجدانلىق، خوشامەتچىلىكتىن خالى، كەسكىن، ئوت يۈرەك يىگىت ئىدى. مەن دادام بىلەن ئاكامنىڭ بۇ كونىلىق بىلەن يېڭىلىق ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتى توغرىسىدا بەزى بىر ۋەقەلەرنى ئەسلىگىنىمدە دادامنى سەلبى جەھەتتە ئەسلەپ ئوتتۇم. توغرىسىنى ئېيتقاندا، داداممۇ سەلبى قەھرىمان ئەمەس، خۇراپى ئېتىقات ئۇنى شۇنداق چۈشەنچىلەرگە ئېلىپ كەلگەن. ئەسلىدە ئۇمۇ ئىنساپلىق، ئادالەتنى سويگۈچى ۋىجدان ئىگىسى ئىدى، ئۇ بولسا، بوزەك قىلىنغان بىچارىلەر ئۈچۈن ياقا يىرتىدىغان، يۇرت كاتتىلىرى دىگەنلەرنىڭ نالايىق، بولمىغۇر ئىشلىرىغا يۈزىدىلا رەددىيە بېرىدىغان توغرا كېسەر، خوشامەتنى يامان كورىدىغان، كەسكىن خاراكتېرلىق ئادەم ئىدى، شۇنىڭ ئۈ-

چۈن يۇقۇرى تەبەقە ئەھلى ئۇنىڭغا „قادىر‐تولۇق» دىگەن لەقەمنى قويغان ئىدى.

يۇقۇرقىدەك توقۇنۇشلاردىن كېيىن مەن قانداق ئىشلار ياخشى، قانداق ئىشلار يامان ئىكەنلىگىنى چۈشىنىۋېلىشقا تىرىشتىم. ئاخىرى ئۇنى تاپقاندەك بولدۇم. مېنىڭ پىكرىمچە، كىشىلەر ئۇچۇن چۈشەنچە مەسىلىسى ئەڭ چوڭ، ئەڭ مۇھىم ۋە ئەڭ مۇرەككەپ مەسىلە ئىكەن. چۈنكى بىرخىل ئىشقا ھەرخىل ئادەم ئوخشىمىغان چۈشەنچىدە بولىدىكەن.

ئاكام ئەدبىيات ‐ سەنئەت ئىشلىرىنى ياخشى ئىش دەپ، ماڭا ئۇنىڭ تەسىرىنى ئوتكۈزۈش ئۇچۇن تىرىشاتتى. ئۇبىرنەچچە قېتىم „ماناقارا، كورگەنلا موللا ناۋايى شېئىرلىرىغا مەنا ئېيتالمايدۇ. يەنى ئۇنىڭ سېلىشتۇرۇش، ئوخشىتىش بىلەن كەلتۇرگەن سوزلىرىنىئەتراپلىق چۈشىنەلمەيدۇ» دىگەن ئىدى. ئوزى بولسا، ناۋايىنىڭ شېئىرلىرىنى قىزىقىپ ئوقۇپ شەرھلەپ چۈشەندۇرۇپ بېرەتتى. بەزىدە ئۇنىڭغا تەقلىت قىلىپ شېئىر يېزىپمۇ قوياتتى. مەن ئۇنىڭ موللاھاپىز دىگەن كىشىنىڭ خەيرىنسا ئىسىملىك قىزىنى ياخشى كورۇپ قېلىپ، ئۇنىڭ شەنىگە يازغان بىر شېئىرىنى كورگەن ئىدىم. ئۇنىڭدىن پەقەت تووەندىكى „قوللىرىڭغا خېنە ياقىپسەن قىرمىزى، لالەئىرۇرسەن موللاھاپىزنىڭ قىزى» دىگەن ئىككى مىسرا ئسلا ئېسىمدە قاپتۇ. ئۇيەنە ھاپىزشىرازىنىڭ شېئىرلىرىنى، سەئىدىنىڭ ھىكايەتلىرىنى پارىسچىدىن تەرجىمە قىلىپ ئوقۇپ ھەم تەھلىل قىلىپ بېرەتتى. مەن شەيىخ سەئىدى ھىكايەتلىرىنىڭ ھىكمەتلىك ۋەقەلىرىگە قىزىقىپ ئۇنى ئوقۇپ بېرىشنى سورايتتىم. دادام بولسا ناۋايى ئورنىغا قۇلخوجەخمەت ھوكمىتىنى، سەئىدى ئورنىغا چاھاركىتاپنى ئوقۇشقا دالالەت قىلاتتى. شۇنداق قىلىپ بۇئىككىسىنىڭ مېنى قايسى تەرەپكە باشلاشقا ئۇرۇنغانلىقلىرىنى بارغانسېرى چۈشىنىشكە باشلىدىم.

مەن تەبىئىتىم جەھەتتىن ئاق كوڭۇل ۋەتەسىرچان بالائىدىم. بىرەر بالىنىڭ خۇسۇسەن، يېتىمنىڭ غۇربەتتە قالغانلىغىنى ياكى بىرەر كىشىنىڭ ئازاپلانغانلىغىنى كورگىنىمدە ئېچىنىش ئىچىدە بىئارام بولاتتىم. بىرەر بەختسىزلىك ھىكايىنى ئاڭلىغىنىمدا يىغلاپ كېتەتتىم. ئەرلىرى ئاياللىرىنى ياكى ئاتا‐ئانىلىرى بالىلىرىنى ئۇرسا مەنمۇئازاپلىنىپ، غەزەپكە چومەتتىم. ئائىلىمىزدە بىرەرسى ئاغرىپ „ۋاي، ۋاي» لىسا ئىشىتىپ تۇتۇلۇپ، تاماق يېيەلمەي، كېچىسى ئوخلىيالماي بىئارام بولاتتىم. گۇدەك چاغدىلا مېنىڭ روھىمدا: كوپلىگەن كىشىلەر نىمىشقا ئازاپ‐ئوقۇبەت تارتىۋاتىدۇ؟ ئۇلارغا ياردەم بېرىش چارىسى بولماسمۇ؟ دىگەن سوئاللار تۇغۇلغان ئىدى.



# ئاتمىش يىلنىڭ ئالدىدا كورگەنلىرىم

( ئەسلىمە )

مەھەممەتجان خەيرى

— ئوكامنى بىللە ئېلىپ بارامسەن ؟ — دېدى دادام ئابدۇقېيۇم ئاكامغا قاراپ.

— بىللە ئېلىپ بارمىسام بولماس، ئاشنى ئوتكۈزگىچە ئات — هارۋىلارغا قاراپ تۇرىدىغان ئادەم بولمىسا، ئۈيەردىكىلەر تۇرغانلا بىر بۇلاڭچى ، — دېدى ئاكام.

— ئۇنداق بولسا، تەييارلىغىڭنى پۇتكۈزۈپ ئەتىگەنرەك مېڭىڭلار . كۈنىمۇ سالقىن تارتىپ قالدى. ئوكاڭ مۇزلاپ قالمىسۇن. شەھەرنىڭ پاتقىغى قانداغراقكىن؟ ئاتلارنى ئوبدانراق تويغۇزۇپ، هارۋا — جابدۇقلىرىڭنى ياخشىراق جوندەۋال! —دەپ دادام پېشىن نامىزىنى ئوقىغىلى مەچىتقا چىقىپ كەتتى.

— ئاكا، نەگە بارىمىز؟ شەھەرگىمۇ ؟ مەنمۇ بارىدىغان بولدۇممۇ ؟ — دېگەندەك سوئاللارنى ياغدۇرۇپ، هارۋا—جابدۇقلىرىنىڭ ئوزۇلگەن يەرلىرىنى تىكىۋاتقان ئاكامنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپىلىۋالدىم .

— خىيالىڭدا شەھەرگە ئوينىغىلى بارىدىغان ئوخشايمىز دەۋاتامسەن. دەن① توككىلى بارىمىز، دەن، — دېدى ئاكام ، — نەچچە كۈندىن بېرى غەلۋىردە ئوكۈت قىلغان بوغدايلارنى كورۇدۇڭغۇ؟ ھە، شۇلارنى ئاپىرىپ هوكۈمەت سېڭىغا ئوتكۈزۈپ بېرىمىز .

ئاكام هارۋا — جابدۇقلىرىنى تەييارلاپ بولۇپ، دەن توككىلى بارىدىغان سادىق ئاكاملارنىڭ ئويىگە بېرىپ، ئۇلارنىڭ بوغداي قاچىلانغان تاغارلىرىنى هارۋىغا بېسىشىپ بەردى.

— بۇگۇن كېچە ماڭساق، ئەتە كۈندۈزدە دەننى ئوتكۈزۈپ بولارمىز، ئابدۇقېيۇم ئاكا؟ — دېدى سادىق ئاكام.

— ۋاي ئوكا! — دېدى ئاكام، — ئۇنداق ئوڭاي ئىش نەدە. ئاز دېگەندەبەش كۈندە ئوتكۈزۈپ بولساق خوشال بولغىنا.

— بەش كۈن دەمسەنا؟! — دەپ هەيران بولدى سادىق ئاكام.

— ئاتلارنىڭ يەيدىغان چوپ — بوغۇزلىرىنى جىقراق ئالمىساق بولمايدۇ. بۇ دەننى تۆگەتمىگىچە بىزگە ئارام يوق ئوكا ، — دېدى ئاكام، — بۇ قېتىم دەن توككىلى بارىدىغانلاردىن يەنە قانچىسى بار ئىكىن؟

— ئارا مەھەللە، توۋەن مەھەللىدىن بولۇپ ئون بەشتەك هارۋا ماڭىدىغان ئوخشايدۇ.

— ئۇنداق بولسا ياخشى. شەھەرگەبارغىچە 70 چاقىرىمدەك يول بار. هەمرا جىقراق بولغىنى ياخشى، — دېدى ئاكام.

ئۇلار تۇن يېرىمدا يولغا چىقىدىغانغا ۋەدىلەشتى. شەھەرگە بارىدىغان بولدۇم، دەپ خوشاللىغىم ئىچىمگە سىغماي، كوزۇمنى پاقىرىتىپ يېتىپ: «شەھەر دېگەن قانداقتۇ؟

بىزنىڭ مەھەللىگە ئوخشىمىغاندۇ ؟
ئادەملىرى نېمە يەيدىغاندۇ ؟ ...»
دىگەن خىياللار بىلەن قايسى چاغدا ئۇخلاپ
قالغىنىمنى بىلمەيتىمەن. بىر چاغدا «ھوي ئۇ-
كام، تۇر، تۇر، ماڭىمىز!» دىگەن ئاۋازدىن
ئويغىنىپ كەتتىم. ئاكام ماڭا كونا جۇگامىنى
كىيگۈزۈپ، تاسما بىلەن بېلىمنى باغلاپ، هار-
ۋىدىكى بېدىگە يولەپ ئولتۇرغۇزۇپ قويدى.
يېرىم تۈندە ماڭغان هارۋىلارنىڭ تاراق - تۇ-
رۇق ئاۋازى توخۇلارنى ئويغىتىۋەتتى بولغاي،
بىردەمدىلا توخۇلار قىچقىرىپ، ئىتلار هاۋ-
شۇپ، پۈتۈن مەھەللىگە دەن توكىدىغانلارنىڭ
ماڭغانلىقىنى خەۋەر قىلىشقا باشلىدى.

شۇنداق قىلىپ، يېزىمىزنىڭ قىلۋى
تەرىپىدىكى داۋاندىن ئاتلارغا ياندىشىپ هار-
ۋا تارتىپ، چۇقان-سورەن بىلەن ئوتۇپ، تۇز
يولغا چىقىۋالدۇق. دىخانلارنىڭ بەزىلىرى
هارۋىسى يېنىدا پىيادە، بەزىلىرى هارۋا ئۇس-
تىدە ئولتۇرۇشۇپ، موخۇركىلىرىنى يوغان - يو-
غان ياسىۋېلىپ پۇقۇرتۇپ چېكىشىپ، ئۆزئارا
پاراڭغا چۈشۈشتى.

— ئارۇپ، سېنىڭ توكىدىغان بوغدى-
يىڭ قانچىلىك؟ - دەپ سورىدى بىرى.

— مېنىڭ 2 - دەرىجىلىك 5 خولۇق
يەر ئىدى. ئۇنى 1 - دەرىجىلىك دەپ يېزىپ
قويغان ئىكەن. قارىغاندا يەردىن چىققان هو-
سۇل بىلەن دەننى تۈگەتەلمەيدىغان ئوخشاي-
مەن. ھەممە بوغدايلىرىمنى ئېلىپ ماڭدىم.
ئېھتىيات ئۈچۈن يەنە قادىر ئاكىدىن بەش
پۇت بوغداي قەرز ئېلىپ قوشتۇم، - دىدى
ئارۇپ ئاكا.

— بىر دەن ئۈچۈن قانچىلىك بوغداي
كېتىدۇ، ئابدۇقېيۇم ئاكا؟-دەپ سورىدى يەنە
بىرى.

— بىر دەنگە 5 پۇت بوغداي كېتىدۇ.
ئۇنى ئېلىشتا ئىنساپ بىلەن ئالسا 6 پۇت بوغ-
داي بىلەن تۈگىتىۋالسەن. لېكىن، بوغداينى
ئوتكۈزگىچە خېلى ئىشلارنى كورىسەن. ئىشىڭ
تەتۈرگە مېڭىپ قالسا بىردەنگە 8 پۇت بوغ-
داي تولەپمۇ قۇتۇلالمايسەن، - دىدى ئاكام.

— ئۇنداقتا، بىزنى ئولتۇردى دىگىنە،-
دىدى سادىق ئاكام. - مېنىڭ قولۇمدىكى يو-
دەن ② گە «5 دەن، 3 كۇرە، 7 شىڭ» دەپ
يېزىلغان ئىكەن. شۇنىڭغا ئاتاپ 36 پۇت بوغ-
داي تازىلاپ تاچىلىدىم. ناۋادا ئېشىپ قالسا
سېتىپ، ئويگە چاي-تۇز قىلارمەن دەپتىكەنمەن.

— هوي، ئۇ يەردىن بوغداي ئېشىپ
چىقامدۇ؟ بوغدايلىرىمىز دەنگە يېتىپ، ئوزى-
مىز تىل - ئاھانەت ئاڭلىمايلا قايتىپ چىقساق
بولاتتىغۇ، - دىدى هاشىم بوۋاي. ئۇ يەنە
ئوز - ئوزىگە غۇدۇڭشىغاندەك، - هوكۇمەت
دىگەنىنىڭ ئالىدىغان بېجى ئوز يولىدا بولسا
كىمنىڭ دەردى. سېنىڭ يەرنى تېرىغان-تېرى-
مىغانلىغىڭ، هوسۇلىڭنىڭ ئاز - كوپلىگى
بىلەن هېچكىمنىڭ كارى بولمىسا، هەي، هە-
جەپ شور پېشانە ئىكەنمىزغۇ!... ، - دەپ جى-
مىپ قالدى.

هاشىمكامنىڭ بۇ گېپى ھەممىنى خىيال-
غا سېلىپ قويدى. مەمەيۇزنىڭ ئايغىدىكى
يوغان قارىياغاچقا يېتىپ بارغاندا دىخانلار
ئاتلارنى تويغۇزماقچى بولۇشۇپ هارۋىلارنى
توختىتىپ، ھەركىم ئوز ئېتىنى هارۋىدىن چى-
قىرىپ، ئېرىق ياقىلىتىپ يېتىلەپ كېتىشتى. مەن
يوغان قارىياغاچنىڭ تۈۋىدە جۇگامغا ئورۇنۇپ،
هاشىمكامنىڭ مەيدىسىگە بېشىمنى قويۇپ ياتتىم.
بىر چاغدا هاشىم بوۋاي: -قېنى باللار، ئاتلىرىڭلار
خېلى تويۇپ قالغاندۇ، هارۋىلارنى قوشۇڭ-
لار، ئەتىگەنرەك يامۇلغا يېتىپ بېرىپ، دەن

توكىدىغان يەردىن ئۆرۈن ئېلىۋالايلى، ـ دەپ
ھەممىنى قوزغىۋەتتى.

ھارۋىلار يەنە قاتارلىشىپ يولغا چىقتى.
بىز شۇ ماڭغىنىمىزچە كۆن ئۆرلىگەندە چوڭ ـ
لار «پەرەڭنىڭ دوختۇرخانىسى» دەپ ئاتايدى ـ
غان يەردىن تووەنلەپ چۈشۈپ بازار ئىچىگە
كىرىپ كەلدۇق. دادام ئېيتقاندەك كوچىنىڭ
ھەممە يېرىنى پاتقاق قاپلاپ كەتكەن ئىكەن.
ھاشىم بوۋاي بىلەن ئىككىمىزدىن باشقا ھەم ـ
مە دىخان ھارۋىسىدىن چۈشۈپ، تىزىغىچە
پاتقاق كېچىپ، ئېتىنى يېتىلەپ ماڭدى. ئات
جانىۋارلار بەزىدە يىقىلىپ، تۇمشۇقلىرى بىلەن
پاتقاقنى تىرەپ ئورنىدىن تۇرۇپ، «تىرت!
چۇھ!» دېگەن چۇقانلار ئىچىدە يەنە ئالغا
ئىلگىرىلەيتتى. ھەر قېتىم ئاتلار توختاپ قال ـ
غاندا ھاشىم بوۋاي:

ـ ئاتلارنى ياخشى تويغۇزۇپ، دەم
ئالدۇرۇپ مېڭىڭلار، بازار ئىچى بىلەن «يوگمە» ③
نىڭ پاتقىقى يامان! ـ دەپ ۋاقىرايتتى.

ئاش ۋاقتى بولغاندا «چوڭ كوۋرۈك»
تىكى «مەدىكار بازىرى» نى ئارقىغا تاشلاپ
شەھەر ئىچىگە قاراپ ماڭدۇق. «توت كوچا»،
«دەڭ مەسچىت» ئالدىلىرىدىن ئۆتۈپ «ناس ـ
ۋال بازىرى» دىكى «چاقىسا دەرۋازا» ④ غا
يېتىپ كەلگەندە بىزنىڭ ھارۋىلىرىمىز توختاپ
قالدى. بۇ يەرلەر پاتقاق دېڭىزىغا ئايلانغان
ئىكەن. ئاڭلىساق: چوڭلار «مەتنىياز ھاجىنىڭ
سارىيى» دەپ ئاتايدىغان ساراي ئالدىغا سەھ ـ
رادىن كىرگەن ھارۋىلار تىقىلىشىپ، يوگمە ـ
نىڭ ئىچىدە بىر نەچچە ھارۋىلار پاتقاققا پې ـ
تىپ قاپتۇ.

شۇچاغدا، شەھەر دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدا
قايسى بىر سەھرادىكى شائىيۇنىڭ زىياپىتىگە
قاتنىشىپ قايتقان لوزۇڭ بېگىمنىڭ مەپىسى
پەيدا بولۇپ قالدى. ھېلىقى «يوگمە» ئىچى ـ
دە بىر دىخاننىڭ ھارۋىسى ئۆرۈلۈپ، ھارۋى ـ
دىكى بۇغداي قاچىلىغان تاغارلىرى پاتقاققا
دومىلاپ كەتكەن ئىكەن، قەيەردىندۇر بىر
ئاتلىق يالاقچى پەيدا بولۇپ، پاتقاققا مىلىنىپ
كەتكەن تاغارلارنى چىقىرىشىپ بېرىۋاتقان كىشى ـ
لەرنىڭ ئۈستىگە قامچا سېلىپ ۋاقىراشقا باشلىدى.

ـ تات، ھارۋاڭنى! لوزۇڭ بېگىمنىڭ
مەپىسىگە يول بەر!

بىر نەچچە دىخان ياردەمگە كېلىپ، مە ـ
پىگە يول ئېچىش ئۈچۈن ئۆرۈلگەن ھارۋىنى
ھە ـ ھۇ بىلەن بىر تەرەپكە يانچە قىلىپ يو ـ
لەپ تۇردى. ئاندىن يەنە بىرمۇنچە ئادەم پات ـ
قاق كېچىپ كېلىپ مەپىنى ئىتتىرىپ بۇيەردىن
ئۆتكۈزۈۋەتتى. لوزۇڭ بېگىمنىڭ غەۋغاسىدىن
قۇتۇلغان كىشىلەر يىنىك بىر ئۇھ تارتىشتى ـ دە،
ئاندىن يەنە ھېلىقى دىخاننىڭ ھارۋىسى
بىلەن ھەپىلىشىشكە باشلىدى، ئاخىر يولمۇ
ئېچىلدى. ئۆرۈلگەن ھارۋىنىڭ ئورنىدىن يول ـ
نىڭ يامان يېرىنى بايقىۋالغان دىخانلار ئات ـ
لىرىنى يېتىلىشىپ، كەينى ـ كەينىدىن يوگمە ـ
دىن ئۆتۈپ كېتىشتى.

ـ ھاشىمكا، ئەندىغۇ يامان يەرلەر تۈ ـ
گىگەندۇ؟ ـ دەپ سورىدى شەھەرگە تۇنجى
قېتىم كىرگەن بىرسى.

ـ بۇ كۈنلەردە يامان يەر تۈگەمدۇ، ـ
دېدى ھاشىم بوۋاي مەنىلىك قىلىپ، ـ ئال ـ
دىمىزدا تېخى نۇرغۇن ئىشلارنى كورىسەن.

كۈن پېشىن بولغاندا ساڭ بىلەن يامۇلغا
كېتىدىغان كوچا ئېغىزىغا يېتىپ كەلدۇق. ئىككى
ھارۋا ئۇدۇل كېلىپ قالسا تەسلىكتە ئۆتىشىدىغان
بۇ تار كوچا ھارۋا تولا ماڭغانلىقتىن كاتاڭلىشىپ

كەتكەن بولۇپ، پاتقىقمۇ ناھايىتى يامان ئىكەن. ھەممە ھارۋىكەشلەر: يائاللا! بۇ يەردە ئوق سۇنۇپ، ئات يىقىلىپ قېلىشتىن خۇدا ساقلىسۇن دېيىشىپ، تاتارغان ھالدا بۇ يەرگە ھارۋا سېلىشتى. خۇدا ئوڭلاپ بۇ يەردىنمۇ سالامەت ئۆتۈپ ساڭغا كىردۇق.

ساڭنىڭ يوغان قوراسى دېخانلار چۈشۈرۈپ قويغان تاغار - تاغار ئاشلىق بىلەن تولغان ئىكەن. بىزمۇ ئەكەلگەن بۇغدايلىرىمىزنى ئايرىم بىر يەرگە مەھەللە بويىچە رەتلەپ چۈشەردۇق. ھاشىم بوۋاي قاتارلىق بىر قانچىمىز بوغدايلارغا كوز-قۇلاق بولۇش ئۈچۈن قالدۇق. قالغانلار ھارۋىلارنى شەھەر سىرتىدىكى دەڭلەرگە ئاپىرىۋېتىش ئۈچۈن كەتتى.

نامازدىگەر ۋاقتى بولۇپ قالغان ئىدى. ئېلىپ كەلگەن نانلىرىمىزنى قۇرۇق غاجىلاپ ئولتۇردۇق.

— ھاشىم تاغا، بۇغدايلارنى بۈگۈن ئۆتكۈزۈپ بولارمىزمۇ؟ — دەپ سورىدى باسىت دېگەن بىر دېخان. ھاشىم بوۋاي كۈلۈپ:

— ۋاي بالام، ئەۋۇ دوۋە - دوۋە تاغارلارغا قارىغىنا، ئۇلارنىڭ كەلگىنىگە بىرنەچچە كۈن بولغان ئوخشايدۇ. بۇلارنى ئۆتكۈزۈۋېلىشقا غوجاملارنىڭ تېخى چولىسى تەگمەيۋاتىدۇ، دېگىنە. قارىغاندا بىزمۇ بىرنەچچەكۈن ياتىدىغان ئوخشايمىز، — دىدى.

— ئەكەلگەن ئوزۇق - تۈلىگىمىز 2-3 كۈنگە ئارانلا يېتىدۇ. ئاتلىرىمىز نىمىمۇ يەر؟

— دەڭگە كەتكەنلەر قايتىپ كەلسۇن، بىر مەسلىھەت قىلارمىز.

— ئەنە، ئۇلارمۇ قايتىپ كەلدى.

— قېنى، بۇياققا كېلىڭلار يىگىتلەر! — دەپ ۋاقىرىدى ھاشىم بوۋاي ساقىلىنى تۇتامىلاپ تۇرۇپ، — كۈنمۇ كەچكىرىپ قالدى. بىزدە 15 ھارۋا بار. يولدا كېلىۋېتىپ بايقىشىمچە: سادىقنىڭ چەتكە قوشۇۋالغان تايچىقى بىلەن قوشۇپ ھىساپلىغاندا 25 تۇياق ئات بار، خوش، مەيلى قانچە بولسا شۇنچە بولسۇن، بىز بۇ دەنلەرنى مەھەللىدىكى شاڭيۇ، ئەللىك بېشىلارنىڭ «ماڭ! تۇر!» دەپ ئاھانەت قىلىپ، قوغلىشى بىلەن ئەكەلگەن ئىدۇق. بۇ يەردىكى غوجاملار دەننى ئەپيۇن خۇمارى قېنىپ، خوشياققاندا چىقىپ ئالىدىغان ئوخشايدۇ. بىزدىن بىرنەچچە كۈن بۇرۇن كەلگەن دەنلەرمۇ تېخى ئېلىنماي تۇرۇپتۇ، ئەكەلگەن ئاشنى ئېلىپ چىقىپ كەتكىلى تېخى بولمايدۇ. تاشلاپ قويۇپ كەتكىلى ئەسلى بولمايدۇ. مېنىڭ سوزۇم توغرا كەلسە، دەڭجاغا پۇلىنى ئازراق تولەش ئۈچۈن ئارىمىزدىن 3 كىشىنى ئاجرىتىپ ئاتلارنى دەريا بويىغا ئاپىرىپ ئوزىمىز باقساق. ئابدۇقېيۇم، سەن چوڭراق بولغانىدىن كېيىن، بىر ئاتنى مىنىپ مەھەللىگە چىقىپ، ھەر بىرىمىز ئۈچۈن نان-پانۋەئاز - تولىدىن بۇل يىغىپ كەلسەڭ.

— شۇنداق بولسۇن! — دېيىشتى كوپچىلىك. ھاشىم بوۋاينىڭ ئاتىدارچىلىقىدىن خۇش بولۇپ.

— ئاتلارنى بېقىش ئۈچۈن بىرگە مەن چىقاي، — دىدى گەۋرىلىك، 22 ياشلار چامىسىدىكى، مەھەللىمىزنىڭ چېلىشچىسى رۇستەم.

— بىرگە مەن چىقاي. مەھەللىدە رۇستەمنى چېلىشىپ يىقىتالمىغان ئىدىم. دەريا بويىدا يىقىتىۋالسام ئەجەپ ئەمەس، — دىدى رۇستەم بىلەن تەڭ دىمەتلىك، مەھەللىدىكى

مەشوەپلەردە بالىلارنى كۆلدۈرۈپ، ئويۇننى قىزىتىدىغان مۇختەر.

ئۇنىڭ سوزلىرىگە كوپچىلىك كۆلۈشۈپ كەتتى. شۇ چاغدا تۇرسۇن ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ:

— باياتىن گەپ قىلىسام بۇ ئىككىسى گەپنى يوغان قىلغىلى تۇردى. هاشىم ئاكا، بىرىگە مېنى ئەۋەتىڭا. بۇ ئىككىسى راسا چېلىشۋاتقاندا پوتام بىلەن ئىككىسىنى ئوراپلا باغلاپ، ئاتقا سورۇتۇپ ئويناي!

— مانا ئۇكىلار، ئەندى ئاتلاردىن خاتىرجەم بولدۇق. يۈگەن، نوقتىلارغا ئوبدان قاراڭلار. كەچمۇ بولۇپ قالدى. ئاتلارنى دەڭدە قوندۇرماي ئېلىپ كېتىڭلار، — دېدى هاشىم بوۋاي كۆلۈپ.

ئاكامۇ بىر ئاتنى مىنىپ مەھەللىگە ئۇزۇق - تۈلۈك يىققىلى كەتتى.

☆ ☆ ☆

دەن توككىلى كەلگىنىمىزگە مانا توت كۈنمۇ بولۇپ قالدى. كۈن پېشىن ۋاقتىدىن ئوتكەندە: بېگىم ئېلىنىدىغان بۇغدايلارغا پەيزە ( بەلگە ياغاچ ) قادايدىكەن، ئاندىن ئولچەپ ئالغۇچىلار دەننى تاپشۇرۇۋالىدىكەن، دېگەن خەۋەر تارقالدى.

نەچچە كۈندىن بېرى بۇغدىيىنى ئوتكۈزەلمەي: „مانا چىقىدۇ، ئەنە چىقىدۇ“ دېيىشىپ قىينالغان دىخانلار خوشال بولۇشۇپ، ھەرقايسىسى ئوز بۇغدايلىرىنىڭ بېشىدا تۇرۇپ تەقەززالىق بىلەن كۈتۈشكە باشلىدى. بىر چاغدا، بېشىغا قارا مەخمەل تەقىيە كىيگەن، كوزىگە توچ ساپلىق قارا كوزئەينەك تاقاپ، ئۈستىگە قارا مووۇتتىن تىككەن ئۇزۇن چاپاننى يېپىنچاقلىغان، بۇرۇتلۇق بىرسى ئۇزۇن غاڭزىسىنى ئاغزىنىڭ بىر تەرىپىگە چىشلەپ، ئاغزىنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىن پۈۋۈرتۈپ ئىس چىقىرىپ چىقىپ كەلدى.

بېگىم ئاستا، ھەيۋەت بىلەن مېڭىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدا قاراسىيا بىلەن خەت يېزىلغان 20 - 30 چە تاختىنى كوتەرگەن، ئۇزۇن قارا چاپانلىق بىرسى „بېگىمدىن قانداق بۇيرۇق بولاركىن“ دەپ، قالماي كېلىۋاتاتتى. بۇغداي دۆڭىلانغان مەيداندا بىردىن تاغار، بىردىن غەلۋىرنى قولتۇغىغا قىسىپ „غەلۋىرچى“ لەر، ئېغىزىنىڭ كەڭلىگى يېرىم گەز، تۆۋىنىڭ كەڭلىگى بىر يېرىم گەزچە كېلىدىغان، بېقىنىغا زەمبىلنىڭ سىپىدەك توت ساپ ئورنىتىلغان توت چاسا دەن ساندۇغىنىڭ ( ئىككى ساندۇق بۇغداي بىر دەن ھساپلىنىدىكەن ) يېنىدا ياغاچ شازىلىرىنى تۇتۇپ شازىچىلار تۇراتتى. قالدۇق بۇغداينىڭ تېگىنى سۈپۈرۈۋالىدىغان سۈپۈرگۈچىلەرمۇ „ئېلىنىسۇن“ دېگەن پەيزە قايسى دۆڭگە قادىلاركىن؟ دەپ چەكچىيىپ تۇرۇشاتتى. بۇغدىيىنى ئوتكۈزۈپ، ئويىگە بۇرۇنراق قايتىشقا ئىنتىزار بولغان دىخانلار بېگىمنىڭ „ئىلتىپاتى“ غا ئېرىشىش ئۈچۈن تەلمۈرىشەتتى.

ئالدىن كېلىشىپ ئالغانمىكىن، بېگىم ئۇدۇل كېلىپ بىر دۆگا بۇغداينىڭ يېنىدا توختىدى.

— بۇ كىمنىڭ بۇغدىيى؟

— ھە...ھە...بېگىم، بۇ...بۇ...مېنىڭ بۇغدىيىم.

— تىلىڭنى چاينىماي تېز گەپ قىلمامسەن. سەن ئوزەڭ كىم؟!

— سەلەي مىراپنىڭ كۈيئوغلى ساماخۇن بولىمەن.

پەيزە تاختىدىن بىرى ھېلىقى بۇغدايـ
غا سانچىلدى .

بېگىم ئارا ئۇستەڭلىكلەرنىڭ بۇغدىيـى
تەرەپكە كېلىپ توختىدى .

ــ بۇ كىمنىڭ ؟ ـ دىدى ھېلـىقى ئەـ
مەلدار بىر بۇغداي دۇگىسىنى كورسىتىپ .

ــ مېنىڭ بېگىم، ئېتىم مومىن.

بەگ مومىن ئاكىنىڭ يىرتىق جۇگىسىغا
نەپرەت بىلەن قارىدى ـ دە، ھېلـىقى مىراپـ
نىڭ كۇيئوغلىنىڭ بۇغدىيىغا قارىغاندا نەچچە
ھەسسە پاكىز تۇرغان بۇ قىپ ـ قىزىـل بۇغـ
داينى ياراتماي ئوتۇپ كەتتى. ئەنە شـۇنداق
تاللاش بىلەن نەچچە كۇندىن بېرى بېگىمنىڭ
قېشىغا سوغا ـ سالام بىلەن كىرىپ ـ چىقىپ
مۇناسىۋەت باغلىغان 15 چە كىشىنـىڭ بۇغدىـ
يىغا پەيزە قادالدى. ئاندىن بېگىم باشـقىلار ـ
نىڭ زارلىنىش ـ يالۋۇرۇشلىرىغا پەرۋا قىلماي
ئوز ئۇگىسىغا كىرىپ كەتتى.

ئارىدىن يەنە بىر قانچە كـۇن ئوتكەنـ
دىن كېيىن،بىز ئەكەلگەن ئاشلىقلىرىمىزنىمىڭ
مۇشەققەتتە ئاران ئوتكۇزەلىدۇق. ئالـدى بىـ
لەن يايلارغا ئوخشاش كىيىنىۋالغان بىرسـى
چىقىپ، ھەر بىر دۇگىدىن بىر پۇتچە بۇغدايـ
نى ئۇسـۇپ كېتىپ: « بېگىمنىڭ قەدەم ھەقـ
قى » دەپ تاغارغا قاچىلىدى. ئارقىدىن «پەيـ
زە توتقانلارنىڭ ھەققى » دەپ ھـەر بىر دۇـ
گىدىن بىر غەلۋىردىن بۇغداي ئالدى. ئاندىن
ئەتراپتا تۇرغان غەلۋىرچىلەر پايپاسـلاپ كېـ
لىپ، بۇغداينىڭ تازىلانغان، تازىلانمىغىنىغاقاـ
رىماستىن بۇغدايلارنى غەلۋىر سېلىپ تاسقاشقا
باشلىدى. ئۇلارنىڭ شالاڭ غەلۋىرىدىن سـەللا
ئورۇق بۇغدايلار توختىماي ئوتۇپكېتىدىكەن.
غەلۋىردىن ئوتۇپ يەرگە چۇشكەن بـۇغدايلار
غەلۋىرچىلەرنىڭ ھەققى ھىساپلىنـىدىـكـەن.
«تازىلىنىپ » چىققان بۇغدايلارنى شـازىچىـلار
شازىلىرىغا ئېلىپ، ئىگىز كوتىرىپ ھېلـىقـى
دەن ساندۇغىغا كۇچىنىڭ بارىچەكۇچەپ ئۇرىـ
دىكەن. دەن ساندۇغىنىڭ ئاغزى تار بولغاچـ
قا بۇغداينىڭ بىر قىسمى يەرگە چېـچىلـىپ
كېتىدىكەن. دەن ساندۇغىنىڭ ئەتراپىـدا چېـ
چىلىپ قالغان بۇغدايلار شازىچىلارنىڭ ھەققى
ھىساپلىنىدىكەن، بۇ بۇلاڭ ـ تالاڭ ئاخىرلاشـ
قاندا يەردە يەنە قېلىپ قالغان بۇغدايلارنـى
سۇپۇرگۇچىلەر سۇپۇرۇپ پاك ـ پاكىز قىلىۋەتـ
تى. « بۇغدايلىرىمىز دەنگە يېتەر، بەلكىم ئېـ
شىپ قالار » دىگەن ئۇمىتلىرىمىز بىكـار بولـ
دى. ئەكەلگەن بۇغدايلار بەزىلەرنىڭ تولـەيـ
دىـغـان دەنـىـنـىـڭ يېرىمىغا، بەزىلەر ـ
نىڭ ئۇچتىن ئىككى قىسمىغا ئاران دال بولـ
دى . شەھەرگە كەلگىنىمىزگە 17 كۇن بولدى
دىگەندە، يىمەك ـ ئىچمەك، دەڭ خىراجىـتى
بولۇپ يەنە بىر تالاي قەرزلەرنى بوينىمىز ـ
غا ئارتىپ مەھەللىگە قايتتۇق .

ــ ھاشىمكا ، ـ دەپ سورىدى بـىرسـى
بىز يولغا چىققاندا ، ـ ئەندى قالـغان دەنلەرـ
نى قاچان ئالىدۇ؟ يا ئالمامدۇ ؟ ئەگەر ئالىدىـ
غان بولسا نەدىكى ئاشلىقنى بېرەرمىز ؟

ــ ھەي ئۇكا، بۇ بۇلاڭچىلار ئـالـماي
قويامدۇ ، ـ دەپ ئېتىنى غەزەپ بىلەن قامچىـ
لىدى ھاشىمكام .

شۇ گەپ بىلەن ھەممەيلەن خىيالغا پېـ
تىپ ، جىمجىت بولۇپ قېلىشتى. بىـچارە ئاتـ
لار مەھەللىگە يېتىشكە ئالدىرىغاندەك ھارۋىـ
نى پۇشۇلداپ كۇچەپ تارتاتتى. « شەھەر دىـ
گەنگە ئىككىنچى كىرمەسمەن » دىگەن خىيال
كوڭلۇمدىن كەچتى .....

# ئىككى شېئىر

غوپۇر رەھىم

## يۈرەك سوزى

„مىللەتنىڭ ئورنى ئوخشاش جەمىيەتتە“
دەپ جاكا قىلدى بىزدە ئۇلۇغ قانۇن.
شۇ قانۇن بەرپا قىلغان ساپ ھاۋادىن،
نەپەس ئېلىپ جىمى مىللەت بولدى مەمنۇن.

قانۇنلار شۇنداق ئادىل تۈزۈلگەندە،
تۈگەركەن كوڭۈللەردە ئەندىش - گۇمان.
تىكلەنگەچ چىن - ھەقىقى باراۋەرلىك،
كۈلمەكتە نۇر ئىلكىدە ئانا ماكان.

### ئانا

ئانا، دىسەم تەندە جېنىم يايرايدۇ،
ئانا، دىسەم بەختىم كۇندەك پارلايدۇ.
ئانا، دىسەم قۇتلۇق نامىڭ جاراڭلاپ،
تاغۇ - تاشتىن ھالقىپ كوكتە ياڭرايدۇ.

ئەپسۇس ئانا، ئاقلالمىدىم تۈزۈڭنى،
نە قىسمەتلەر ئەگىپ ئوتتى بېشىڭنى.
تەتۈر پەلەك ياش توككەندە كوزۈڭدىن،
ئوز قولۇمدا ئېيتالمىدىم يېشىڭنى.

ئانا، دىسەم مېھرىم تېشىپ يۈرەكتە،
گۈل ھوسنىڭگە قاراپ كوزۇم تويمايدۇ.
ئانا، دىسەم قەرزىڭنى قىل ئادا، دەپ،
ۋىجدان مېنى كەلگۈسىڭگە ئوندەيدۇ.

ئۇ چاغلاردا ئوخشىمىدى ئاشلىقىم،
ئاتقان ئوقتەك ئوتۇپ كەتتى ياشلىقىم...
بۈگۈن ئانا، گۈللەش ئۈچۈن بېغىڭنى،
باغلىدىم مەن جاسارەتتە بېلىمنى.

سەن بولمىساڭ ماڭا ھايات بولامتى،
ۋۇجۇدۇمغا كۈچ ۋە غەيرەت تولامتى.
ئەڭ ئاددىسى، سەن قوشمىساڭ قاتارغا،
بەختىم مېنىڭ شۇنچە پارلاپ - يورامتى.

دۇر گوھەردىن تون تىكمەن بويۇڭغا،
ئارزۇيىڭدەك توكۇپ ماڭلاي تېرىمنى.
كېرەك بولسا بەختىڭ ئۈچۈن مۇبادا،
قېنىم تۈگۈل، بېرەي ئېزىز جېنىمنى.

---

ئىلاۋە:

① ئەينى يىللاردا دىخانلار يەر بېجى ئۈچۈن ھوكۇمەتكە تاپشۇرىدىغان ئاشلىقنى ،،دەن،، دەپ ئاتاشقان.
② يودەن — دەن تولەشتە ئىشلىتىلىدىغان ھوججەت.
③ ئەينى يىللاردىكى شەھەر سېپىلىنىڭ ھەر بىر دەرۋازىسىغا تاشقارقى - ئىچكىركى بولۇپ ئىككى ئىشىك ئورنىتىلغان بولۇپ، بۇ ئىككى دەرۋازا ئارىلىقى ،،يوگمە،، ئاتالغان.
④ چاقسا دەرۋازا - بۇشۇ چاغدىكى ئەكسىيەتچى ھوكۇمەتنىڭ ئاۋاقى - سەيسىگە ئادەم تۇتقۇش ئۈچۈن يولنى توراپ، چەگرىدىن رەشاتكا قىلىپ يېنىغا ئادەم سولايدىغان ئويلىرىنى ياسىغان دەرۋازا ئىكەن. تۇتۇلغان ئادەملەرنى ئۇدۇللۇق مۇشۇ ئويگە سولاپ، كوپەيگەندە يامۇل ئىچىگە ھايداپ بېرىپ ھەقسىز ئىشلىتىدىكەن.

## بەخت تۈيغۇسى

### ئەخمەتجان مۇتەللىپ

ئالتۇن كۆز شامىلى يۇزلەرنى سىپاپ،
چاچلارنى يەلپۈتۈپ ئۆتىدۇ لەرزان.
مانتىپەز تووۇلايدۇ: مانتاڭنى يەپ كەت،
باقاللار تووۇلايدۇ: شاپتۇلاڭ ئەرزەن.

كىشىلەر چېھرىدە ئىللىق تەبەسسۇم،
كورىسەن كۆزدىمۇ باھار ھوسنىنى.
ئالىسەن بۇ قوۋناق ھاياتتىن لەززەت،
قۇچقاندەك سويۇملۇك نىگار ۋەسلىنى.

بۇندا توي، بۇندا كۈي، بۇندا ئەلنەغمە،
كېلىدۇ ئۇسۇلغا چۆشكۈك ئۇشبۇ دەم.
دىللاردا جۇش ئۇرار بەخت تۈيغۇسى:
مىڭ ياشا، جانىجان ئۇلۇغ پارتىيەم.

سەن بەردىڭ يۇرتۇمغا ھور باياشاتلىق،
سەن بىلەن ئارزۇلار ئاچتى گۈل جامال.
سائادەت بوستانى بۇ قۇتلۇق دىيار،
مېھرىڭدىن نۇر ئېلىپ تاپماقتا كامال.

## يولدا

### ھېيتاخۇن خېلىل

بوۋاي ــ موماي بۇك باراقسان تاش يولدا،
بازار ياقتىن كېلەر مەلە تامانغا.
ھارۋىسىدا ساندۇق، گىلەم تۇرىدۇ،
يۆكى ئېغىر، ئېشەك ئاران كېلىدۇ.
سالام بېرىپ، چاقچاق قىلدىم بوۋايغا:
تويلۇق ئالغان ئوخشىماملا مومايغا؟
بوۋاي ــ موماي كۈلۈپ كەتتى شوخلىنىپ،
سوز باشلىدى ھارۋىسىنى توختىتىپ:
شۇنداق ئوغلۇم، بەركەتلىك بۇ زاماندا،
توي قىلمىساق قالمايمىزمۇ ئارماندا.
مۇھتاجلىقتا نەچچە يىلنى ئۆتكۈزدۇق،
ھەتتا يىرتىق چاپانغىمۇ زار بولدۇق.
قوللار قۇرۇق-ھېچنەرسىمىز قالمىغان،
شۇنچە ئىشلەپ ياكى قوساق تويمىغان.
مانا بۈگۈن تارقاپ قارا تۇمانلار،
يېتىپ كەلدى تەشنا بولغان زامانلار.
يەتتى قوللار كۆتكەن ئارزۇ ــ تىلەككە،
كۆچ ــ قۇۋۋەتلەر تولدى يەنە بىلەككە.
هوددە ئالدىم ئون بەش مولۇق كوچەت باغ،
قىلدىم ئەجىر، بولدى قازان-چومۇچ ياغ.
باشلىنۇەتتۇق مول ھوسۇلدىن يېڭى توي،
بېزىمەكچى موماي ئوينى ئەندى قوي.
دەپ توگەتتى قاسىم بوۋاي سوزىنى،
كۈلۈپ كەتتى توختىتالماي ئوزىنى.
يولغا سالدى ھارۋىسىنى روھلىنىپ،
قاراپ قالدىم ئارقىسىدىن زوقلىنىپ.

# ئىككى شېئىر

ئازات ناسىرى

## گۈلچى قىزغا

ھەر سەھەر ئۆتكىنىمدە باغ يېنىدىن،
خۇشپۇراق ئۇرۇلىدۇ دىمىغىمغا.
قانماستىن ھوزۇرلىنىپ نەپەس ئېلىپ،
قارايمەن گۈللىرىڭگە ـ ئومىغىڭغا.

كورىمەن سېنى گۈللەر ئارىسىدا،
سەنمۇ بىر پۇراق چاچقان نەپىس غۇنچە.

يۇرىسەن گۈللەر بىلەن سىرداش بولۇپ،
تىلىدىن بۇلبۇللىرىڭ توكەر ئۈنچە.

گۈلچى قىز ، يۇرىگىڭنى ئەيلەر ئايان،
جامالى ئېپار چاچقان ھەر چېچەكنىڭ.
نە ئارمان خۇددى سەندەك گۈل پاياندازـ
راسلىسام يوللىرىغا كېلەچەكنىڭ.

## تۇيۇق

ئەي ئىلىم شۇڭقارلىرى،ئۇچقىن ـ قانات ياز،
ھور ۋەتەن قوينىدا مەڭگۇ باھار ـ ياز.
ئىلىم كانلىرىدىن قېزىپ گوھەرلەر،
يىللارسەھىپىسگە ئۇچمەس توھپە ياز.

# ئىلى تەسىراتى

مەمتىمىن بارى

گۈزەل ئىلى ۋادىسىنى قىلىپ زىيارەت،
تەسىراتلار دېڭىزىغا چومدۇم ناھايەت .
قىرغاقسويۇپئاققان دەريا شاۋقۇنىئوخشاش،
كەتتى سىغماي دىلدا شاتلىق ئۇرغۇپكارامەت.
غۇلجا شەھرى بەكمۇ گۈزەل، ئاۋات شەھەركەن،
كوچىلىرى بۇك باراخسان، رەتـرەتئىمارەت.
بازارلىرى ئاۋاتچىلىق، تۇرمۇش پاراۋان،
كەتكەنقىزىپھۈنەرسەنئەت،ھەرخىل تىجارەت
رەتكە چۈشكەچ ھەممە ئىشى شەھەريېزىنىڭ،
مەمنۇن ئىكەن پارتىيەدىن ئەھلىجامائەت.
بارچە مىللەت قېرىنداشتەك بولغاچ ئوم ئىناق،
ئۆزگىرىپتۇ ھەر جەھەتتە تۈپتىن قىياپەت.
شان ـ زەپەرلەر قازىنىپتۇ پەن ـ مائارىپتا،
پارتىيىمىز مەدەت بېرىپ قىلغاچ دالالەت.
جامالىنى ئىلقا، كۈنەس يايلاقلىرىنىڭ،
تەسۋىرلەشكە سوز تاپالماي بولدۇم بىتاقەت.

قازاق قىزى ئولەڭ ئېيتىپ قىمىز تۇتقاندا،
ئاتقا جاۋاپ قايتۇرالماي چەكتىم خىجالەت.
كوتىرىلگەن ئىشتا ئەلنىڭ روھى- غەيرىتى،
ئورۇن ئالغاچ قەلبىدىن چىن ئادىل سىياسەت.
ئاشلىق، چارۋا مەھسۇلاتى ئېشىپ يىلاندىن،
گۈللىنىشكە قەدەم قويغان ھەر خىل سانائەت.
بەل باغلاپتۇ ئېچىش ئۈچۈن مۇنبەت ۋادىنى،
كۈندىن-كۈنگە ئۇرغۇپ چەكسىز غەيرەت جاسارەت.
«قەرزدار» لار ئايلىنىپتۇ يېڭى بايلارغا،
ئۈچىسىدا سارجا- سوكنو، قوللاردا سائەت.
تەكچىلەردە قايماق، قېتىق، مەشكە-سېرىق ماي،
بەردى چەكسىز توق تۇرمۇشتىن روشەن بىشارەت.
كوتىرىلگەچ بۈگۈن ئەلنىڭ قەددى ئاسمانغا،
كورسىتىپتۇ ئىش - ئەمگەكتە راساماھارەت.
مالچى، دىخان ياغ چاينار كەن كۈندە ئۈچ ۋاقتا،
يىلدىن-يىلغا ئېشىپ تۇرغاچ ھوسۇل- دارامەت.
تول ئېلىشتا، مەھسۇلاتتا كوتىرە ئېلىپ،
باشلاپتۇ كەڭ يېزا- يايلاق ئەركىن رىقابەت.
كورۇپ بۇنى ھاياجانغا چومۇلدى قەلبىم،
يۈكسەل ئىلى، ئورلە ئىلى، تاپقىن كامالەت.
ئەزىم دەريا دولقۇنىدەك تىنماي ئالغا باس،
بەختىڭ ئۈچۈن كومپارتىيەمەڭگۈ كاپالەت.

## قۇتلۇق يىللار

### تۇردى داۋۇت

سائادەت ئىلكىدە كۈلگەچكە ھايات،
دىللارنىڭ تەكتىدە شاتلىق قاتمۇ - قات.
مۇبارەك يىللارنىڭ شاراپىتىدىن،
يېڭى - يېڭى تۈس ئالدى زېمىن-كائىنات.

ئىجىللىق - ئىناقلىق ئىلكىدە بۈگۈن،
ئېخ دوستۇم، ھاياتلىق چىن مەنا تاپتى.
ئادەملەر روھىدا جۇشقۇن جاسارەت،
مەنىۋى گۈزەللىك خۇشپۇراق چاچتى.

بوۋاي ۋە مومايلار قىلماس ئەندىشە،
يىللارنىڭ ئالدىراپ ئوتۇشلىرىدىن.
ھەر ئۆينىڭ تورىدە ئولتۇرار مەمنۇن،
مېھرىۋان پەرزەنتلەر كۈتۈشلىرىدىن.

ۋاپادار ئاشىقلار تارتمايدۇ ھەرگىز،
ئەندى ھېچ بىھۇدە ھىجران ئازاۋى.
بەختىدىن يۈرەكلەر يايرايدۇ چەكسىز،
ياشنىغاچ ۋەتەندە ئىقبال باھارى.

ھەر ئىنسان چېھرىدە تۇرىدۇ پارلاپ،
كەلگۈسى دەۋرانغا ئىشەنچ چولپىنى.
قەلبىلەر تەكتىدە يانار چاراخلاپ،
نۇرانە ئەتىگە ئۈمىت يالقۇنى.

قەدەملەر زەپەردىن - زەپەرگە تالىق،
مۇبارەك يىللارنىڭ شاراپىتىدىن.
يىللاردىن ئەڭ توغرا چىقارغان يەكۈن،
قەدىردان پارتىيەم كاپالىتىدىن.

بىز ئۈچۈن ئالتۇندىن مىڭ ھەسسە قىممەت،
ئەندىكى يىللارنىڭ ھەر دەقىقىسى.
شۇ قۇتلۇق يىللاردا تاپىدۇ كامال،
ئىجاتكار ئىنساننىڭ چىن ئەقىدىسى.



# مال بازىردا

(ھىكايە)

مەمتىمىن ۋاسىل

باش توخۇدا ئورنىدىن تۇرغان ساۋۇراخۇن ئوغلى ئەخمەتنى ئويغىتىپ ، ھارۋىنى قېتىشىپ بېرىشنى تاپىلاپ، ئۆزى ئالدىراپ ئېغىل تەرەپكە ماڭدى. ئىگىسىنى كورگەن تاغىل سىيىر يەۋاتقان چوپنى چىشلىگەن پېتى قايرىلىپ مورىشى بىلەن چالا چىشلەنگەن بىر تۇتام چوپ يەرگە چۈشۈپ كەتتى.

„ھە، جانىۋار! ئايرىلىشنى يۈرىگىڭ تۇيەۋاتامدۇ؟ قانداق قىلىسەن، پۇل كېرەك،پۇل، ئوغۇل چوڭ بولۇپ قالدى ... بولدى، ئەندى قالغان چوپنى يېگى ئىگەڭدىن يەرسەن،- شۇ گەپ بىلەن ساۋۇراخۇن ئارقاننى يەشتى- دە، سىيەرنى تالاغا سورەپ ماڭدى.

ئېغىل ئىشىگىگە كەلگەندە تاغىل سىيىر موزىيىغا تارتىشتىمۇ ياكى ئۆگىنىپ قالغان ئىسسىق قوتاندىن ئايرىلىشنى بىلدىمۇ تىرەجەپ تۇرىۋالدى . ساۋۇراخۇن سىيىرنى سورەپمۇ ماڭغۇزالمىغاندىن كېيىن:

— ھوي ئەخمەت ! ماڭا قارا، كالاماڭمايۋاتىدۇ، ھەيدىشىۋەتكىنە ، - دىدى.

— ھازىر دادا، مۇنۇ ئاتنى ھارۋىغا باغلاپ قوياي.

ئەخمەت يېتىپ كېلىپ، ئاۋال موزاينى سىرتقا چىقىرىۋېتىپ، ئاندىن، تاغىل سىيىرنى ئارقىسىدىن „ ھوش، ھوش!» دەپ چىۋىغداشقا باشلىدى. سىيىر ئېغىل ئىشىگىدىن ئىغاڭلاپ چىقىپ، ئامالسىز ھارۋا تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

— ھەببەللى، ئەندى ھارۋاڭنى قاتبالام،- دەپ ئوي تەرەپكە قاراپ ۋاقىرىدى ساۋۇراخۇن،- ھاي زورىخان، يوللۇق نەرسەڭلارنى تەييار قىلىڭلار، ۋاقىت بىر يەرگە باردى. مەن يولغا چىقاي!

ئويدىن خالتىغا نان سېلىپ زورىخان ھەدە چىقىپ كەلدى. ئۇ، ھارۋىغا چىقىپ بولغان ساۋۇراخۇنغا خالتىنى قىيدىغاندەك تاشلاپ بېرىپ، ھارۋىنىڭ كەينىگە باغلانغان تاغىل سىيىرنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ: „قولۇمدا موزاي چېغىڭدىن تارتىپ بېقىپ چوڭ قىلغان ئىدىم . ئەندى سۈتسىزقويدىغان بولدى بۇ كىشى ...» دەپ چوڭقۇر ئۇھ تارتتى.

— خاپا بولما خوتۇن! تاققا چىقىرىۋەتكەن سىيىرنى تۇغۇپتۇ دەيدۇ. يايلاقتىن چۈشكەندە سۈتكە تازا قانارسەن. ئويدىكى قويلارنى سېتىشقا قولۇم بارمىدى. ئوزەڭ بە-

لىسەن، جاھانغا كېلىپ، ئوغۇل چوڭ قىلىپ،
توي قىلمىمىز دەپ تۇرۇپتۇق . بىر تېيىنمۇ
ھىساپقا ئېلىنىدى ئەمەسمۇ، - دېدى - دە
ساۋۇراخۇن ھويلىدىن ئېتىتىگىرەك چىقىۋې-
لىش ئۈچۈن ئاتقا قامچا سالدى.

ئېچىلغان ئېگىزدا «چىر - چىر» قىلغان
چېكەتكىلەرنىڭ ئاۋازى «يول بولسۇن!»
دېگەندەك قىلاتتى. موزىيى پۈتى باغلىنىپ
ھارۋىغا ياتقۇزۇپ قويۇلغاچقا، تاغىل سىيىرمۇ
ھارۋىدىن قېلىشماي ئەگىشىپ كېلىۋاتاتتى.
ساۋۇراخۇن چۇلۋۇرنى يان ياغاچقا باغلاپ
قويۇپ يانچۇغىدىن كېسىپ رەتلەپ قويغان
قەغەزنى ئېلىپ، ئالدىرىماي بىر تال تاماكا
ئورىدى. «ۋال» قىلىپ سەرەڭگە چېقىشى بى-
لەن ئوت ئۈچقۇنىدىن ئۈركىگەن ئاتسول قۇ-
لىغىنى دىڭ قىلىپ، بىر يانغا چاپچىپ توختاپ
قالدى.

— چۇھ، جانىۋار! بۇگۈن سېنىڭمۇ تا-
ۋىڭ يوقمۇ؟ ھەمرايىڭدىن ئايرىلىشقا قىيماي-
ۋاتىسەنغۇ دەيمەن؟ ئۆيدە ساڭا ھەمرا ئۇزۇن
قۇلاقتىن ئىككى ۋاقىرىغاق قالدى. يالغۇزسى-
راپ قالمايسەن ، - دەپ ئاتنىڭ ئوڭ يانپې-
شىغا يېنىك قامچا سالدى ساۋۇراخۇن ۋە ئۇ
ئاتنىڭ بىر خىل مېڭىشىدا تاماكىسىنى قاتتىق
تارتىپ خىيالغا كەتتى.

بۇ يىل ھوسۇل يامان ئەمەس بولدى.
ئېشىنچە ئاشتىنمۇ 1500 جىڭدەك ئوتكۇزۇپ-
تىمەن. يېڭى ئۆينىمۇ پۈتتۈرۈۋالدۇق. ئىك-
كى - ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدا بولسا توخۇ باققىلى
بولىدۇ دەمسەن. قوشۇمچە كىرىمىنىڭ شەپە-
سىنى ئاڭلىسىلا قالپاق تەييار ئىدى. خۇداغا
شۈكرى، شۇ كۈنلەرمۇ ئوتۇپ كەتتى . ھازىر
چوڭ - كىچىك ئون نەچچە تۇياق مېلىمىز
بار. بۇ تاغىل سىيىرنىڭ موزىيى نەسىللىكبۇ-
قىدىن چۈشتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇرغاچى.مە-
ھەللىدىكىلەر 450 سوم قىلسا بەرمىدۇق. با -
زاردا ئوشۇغراق ئېلىپ قالسا ئەجەپ ئەمەس...
بۇ كۈندىكى تويلارنىڭ سېلىغىمۇ ئېغىرلىشىپ
كەتتى. قۇدىلارنىڭ قۇدىسىغىمۇ چورۇلمىلىك
دېگىنى نىمىسى ؟! ئادەم دېگەن قىزىق نىمە-
دە، ئازىراقلا ياخشى كۈن كورسە «قازاندىن
چومۇچ چوڭ» دېگەندەك گەپنىڭ چوڭىنى قى-
لىدۇ ... يەرنى ھوددىگە ئالغاندىن بېرى كۈ-
نىمىز ياخشى بولۇپ قالدى. قولىدا يوق بە -
چارىلەرنىڭ توي قىلمىغى تەس ئوخشايدۇ-
دە. چۇھ جانىۋار! قەدەمنى تېزلەت.

ساۋۇراخۇن چۇلۋۇرنى سىلكىپ قويۇپ
ئالدىغا قارىدى. دىمىغىدا ناخشا ئېيتىپ كې -
تىپ بارغان ئېشەكلىك بىر كىشى ساۋۇراخۇن -
نىڭ ئاۋازىدىن چوچىگەندەك قىلىپ بىر يانغا
ئوتۇپ، ھارۋىغا يول بەردى.

— ھوي، بۇ ھېمىت ئاخۇنغۇ؟ ئەسسا-
لامۇئەلەيكۇم، ئەتىگەندە باش توخۇدا نەگە
ماڭدىڭلا؟ دېدى ساۋۇراخۇن ھېمىت ئاخۇننىڭ
«توخۇ» لەقىمىگە كەلتۈرۈپ چاقچاق قىلىپ.

— ۋائەلەيكۇم ئەسسالام، تاتلايدىغان
بىر نەرسە ئۇچراپ قالامدىكىن دەپ يولغا چى-
قىۋېدىم. ئۆزلىرى نەگە؟ - دېدى ھېمىت ئا -
خۇن ساۋۇراخۇننىڭ «تېزەك» لەقىمىگە ئۇس-
تىلىق بىلەن ئىما قىلىپ.

— بازارغا بۇرادەر، بازارغا مۇنۇ سى-
يىرنى سېتىپ چىقاي دەپ كېتىۋاتىمەن.

— بازارلىرى بولسۇن، ئۆزى قانچەياش
كالىكىن؟

— بۇ يىل 5 تىن 6غا ماڭدى. ھارۋى-
دىكى بالىسىنى ئۈچىنچىسى دېسىلە. 15 سىر-

كايە سۈت بېرىدۇ. بەرىكە تاپقۇرنىڭ موزىيى تېخى ئۇرغاچى،- دەپ ماختىغىلى تۇردى ساۋۇراخۇن.

ھېمىت ئاخۇنمۇ بۈگۈن بازارغا كىرىپ ياخشىراق بىر سېغىن مال ئېلىش ئۈچۈن يولغا چىققان ئىدى. شۇڭا ئۇ، ئېشىكىنىڭ چۇلۋۇرىنى تارتىپ ھارۋىنى ئۆتكۈزۈۋېتىپ، كالىنىڭ ئالدى - كەينىگە زەڭ سېلىپ قاراپ «بولىدىغان مال ئىكەن» دەپ ئويلاپ، ئىتتىك ھارۋىغا ياندىشتى ۋە ساۋۇراخۇننى گەپكە سالماقچى بولۇپ:

— قانچىگە ساتاي دەۋاتىلا؟ - دەپ سوئال قويدى.

— ئۆتكەندە مەھەللىمىزدىكىلەر 500 سوم قىلغان ئىدى،بەرمىگەن، توي ئىشىمىزدۇچ كېلىپ قېلىپ ساتىماقچى بولىۋاتىمەن. ئەندى بازارغا قارايمىزدە بۇرادەر، بازارغا.

— باھاسى بەك ئۆرىكەن. بازار ئارىلاپ يۈرۈپ كوزىمىز خېلى پىشىپ قالدى.ئۆتكەنكى بازارلارغا قارىغاندا، مۇنداق سېيىرلارنى كوپ ئالسا 350، 400 سوملارغا ئالار. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ كالىنىڭ بىر موڭگۈزى چولاقكەن.

— «ئالسا بازارى، ئالمىسا سازايى»دېگەن گەپ بار. بازارغا ئەكىرىپ باقايلى، نېسىپ بولسا كوزى بار خېرىداردىن بىرسى ئېلىپ قالسا ئەجەپ ئەمەس. سىلىنىڭ بولغانلىرى ياخشى بولدى. بازارغا بارغاندا «ھەھۇ» دەپ سېتىشىپ بىرەلا .

— شۇنداق بولمامدىغان،سىلىنىڭ ماللىرى مېنىڭ مېلىمغا ئوخشاش ئەمەسمۇ؟-دەپ ھېمىت ئاخۇن ھارۋىدىكى موزايغا يەنە بىر قېتىم كوز سېلىپ،«مۇشۇ كالىنى قولدىن چىقى-

رىۋەتمەي جۇمۇ» دېگەننى كوڭلىگە پۈكتى ۋە ساۋۇراخۇنغا قاراپ ، - مەنمۇ بۈگۈن بىر سېغىن كالا ئالاي دەپ كېتىۋاتقان ئىدىم. قولىمىزغا ئاز - تولا پۇل چۈشۈۋىدى، خوتۇن: كۆندە خەقنىڭ ئىشىكىگە سۈت دەپ قاترىغىچە ئۆزىمىز بىر كالا ئالايلى، دەپ تۇرۇۋالدى. سىلى دېگەن ئۆز. بازارغا بارساقمۇ ئوخشاش گەپ. مۇشۇ كالا ماڭا قالسا قانداق؟ - دېدى.

— نېسىپ بىلىدۇ، نېسىپ بۇرادەر،-دېدى ساۋۇراخۇن ۋە بازارغا كېتىپ بارغانلارغا يېتىشىۋالماقچى بولغاندەك ئاتقا قامچا سالدى. راستىنى ئېيتقاندا ئۇنىڭ كوڭلىدە: «كالىنى يولدا ساتسام ئەرزەن سېتىپ قويارمەنمۇ» دېگەن ئەندىشە بار ئىدى.

— بۇلتۇر يەرنى ھوددىگە بېرىمىز دېسە قورقۇپ ئوز ئوقىتىم بىلەن بولۇپ كېتىپتىمەن،- دەپ ئېشىكىنى يورغىلىتىپ، ساۋۇراخۇندىن قالماي ياندىشىپ ماڭدى ھېمىت ئاخۇن ،- بۇ يىل 10 مو يەر ئېلىۋېدىم، خۇداغا شۈكرى، قولىمىز ئانچە - مۇنچە پۇل كورۇپ قالدى. نەچچە يىلدىن بېرى مۇشۇ بىر ئېشەكتىن باشقا مېلىمىز يوق ئىدى. ئەندى، ئانچە - مۇنچە مال - ۋاران قىلمىساق بولمىغىدەك. خوش، بايام دېگەندەك مۇشۇ كالىلىرىنى بىر موڭگۈزى چولاق بولسىمۇ مەن ئېلىپ قالاي.

— سېغىن كالا دېگەننى يېلىنىگە قاراپ ئالىدۇ، ھېمىت ئاخۇن، ئۇنىڭ موڭگۈزىنى قونداق قىلاتتىڭلىمۇ ؟- دەپ قاھ - قاھلاپ كۈلۈۋەتتى ساۋۇراخۇن.

— كالا سېلىنىڭ بولغاندىن كېيىن نېمە بولماقچىدى ساۋۇراخۇن. سۈتىدىنمۇ كورە، توختىمايلا تېزەكلەيدۇ دەڭلا،- دەپ بوشكەل-

مىدى ھېمىت ئاخۇن.
ئىككى دېخان شۇنداق چاقچاقلاشقىنىـ
چە بازارغا يېتىپ كېلىپ قالغىنىنى تۇيماي قېـ
لىشتى. «بۇ ئادەم مېلىنى بازارغا سالماي بەرـ
ھەيدىغان ئوخشايدۇ، قېنى بازارنىمۇ كورسۇن»
دەپ ئويلىدى ھېمىت ئاخۇن، ئۇلار بازارغاكىـ
رىۋاتقان قوي، كالا، ئات توپىغا ئەگىشىپ،
مال بازىرىغا ئەگىشىدىغان دوخمۇشقا يېتىپ
كەلگەندە قېرىراق بىر كىشى ئالدىراش كېـ
لىپ :
ــ كالىنى ساتقىلى ئەكەلدىڭلىمۇ؟ــ دەپ
سورىدى.
ــ ھە، تاغا، نېسىپ بولسا ساتىمىز. باـ
زاردا مال كوپ ئوخشىمامدۇ ؟ ــ دېدى ساۋۇـ
راخۇن.
ــ مالغۇ كوپ، ياخشى مالنىڭ يەنە
خېرىدارى بار ، غەم يېمىسىلە. ئوزىمىز پۇل
قىلىپ بېرىمىز،ــ دەپ ھارۋىنىڭ كەينىدىكى
كالىنىڭ چۇلۇۋۇرىنى يەشكىلى تۇردى ھېلىقى
كىشى.
بۇ ئىشنى كورگەن ھېمىت ئاخۇن،
«ئاپلا! بۇ كاساپەت قۇۋ دەللال ئىدى، كالىنى
باشقا بىرسىگە توغرىلىۋەتمىگىدى» دەپ تۇـ
رالماي قالدى. ئۇ يانچۇغىدىن 10 تىيىن چىـ
قىرىپ:
ــ قېنى قاسىمكا ، بەرىكەتلىك قوـ
لۇڭ بىلەن بۇ كالىنى ماڭا كېسىپ قويغىنا،ــ
دەپ پۇلنى دەللالغا سۇندى.
ــ دېمىدىمىمۇ ، بىز تۇتقان مال سودا
تاپىدۇ. قېنى، ئىگىسى قانچە دەيدىكىن. موـ
زىيى قانچە ئايلىق بولدى؟
ــ 5 ئايلىق بولدى، ئانىسىمۇ ياش
تېخى.
ــ خوش ، قانچىگە ساتىمىز، ئوكا؟
ــ كالىغا 700 سوم بەرسۇن.
ــ تولا ئوشۇق دەۋەتتىڭلىغۇ دەيمەن.
خوش، مەيلى. ئالغۇچى قانچە بېرىدىلا.
ــ 350 سوم بېرەي ، دېدى ھېمىت
ئاخۇن.
ھە دېگەندىلا 350 سوم بېرەي دېگەنـ
نى ئاڭلاپ قاسىم دەللال ھېمىت ئاخۇنغا كوـ
زىنىڭ قۇيرىقىدا قاراپ قويدى ــ دە، ساۋۇـ
راخۇن تەرەپكە ئورۇلۇپ:
ــقېنى قوللىرىنى ئەكەلسىلە،راس، ئىـ
سىملىرى نىمىدا؟ــ دەپ سورىدى.
ــ ساۋۇراخۇن.
ــ ساۋۇراخۇن، ھە مانا، تونۇشۇپمۇقالـ
دۇق، قوللىرىنى بەرسىلە، ئالغۇچى 350 سوم
بېرەي دەيدۇ. كالىنى 400 سومغا ساتامدۇق؟
ــ كام بولار.
ــ بوپتۇ، 410 غا ساتتۇقمۇ؟
ــ كام بولار، مەھەللىدە 500 سومغا
ساتىمىغان. مالغا قاراپ كېسىپ قويمامدىلا ،ــ
دەپ قولىنىتارتىۋېلىپ تاغىل سىيىرنىڭساغـ
رىسىنى سىلىغىلى تۇردى ساۋۇراخۇن.
ئالغۇچىنىڭ ئوچۇق ئىپادە بىلدۇرمەـ
گىنىگە قاراپ دەللال :
ــ ساۋۇراخۇن، كالىنى 500 سوم قىلـ
غان يەردە بىز يوق. كالىنى راس ساتقىلىئەـ
كىردىڭلىمۇ، بازار كورسەتكىلىمۇ؟ــ دېدى.
ــساتىمىزاق بازارغا كالا يېتىلەپ كەـ
رەتتۇقمۇ؟ نېسىپ بولسا ساتىمىز تاغا.
ــ ئۇنداق بولسا نەرقى يەتتى ساتەـ
لى،ــ دەپ ئۇلارنىڭ قولىنى قايتا كىرىشتۇـ
رۇپ تۇتتى دەللال،ــ ئەندى بەرىكە تاپ دەـ
سىلە، كالا 420 سوم بولسۇن. ھە بوپتۇ، 430

سوم بولسۇن.

ھېمىت ئاخۇن ئىنتىك قولىنى تار ـ تىۋېلىپ:

ـــ جىم تۇرسام باھانى ئۇرلىتىۋەرگەنـ لىرى نىمىسى؟ ئېشىپ كەتتى، ئالالمايمەن ـ دىدى.

ـــ بىرسى كام بولىدۇ دىسە، بىرى ئالـ مايمەن دەيدۇ. بىز دىگەن خالىس. كوردىلە ـ مۇ ساۋۇراخۇن، سودا دىگەن زىل نىمە، قىل كەتسە يىپ ئۈزۈلىدۇ. مەيلى، ئالمايمەن دىسە دەۋەرسۇن، بەرىكە تاپ دىسىلە.

ـــ كام بولىدۇ.

ـــ دۇشمەنلىرى كام بولسۇن، ساتتۇق. بەرىكە تاپ دىسىلە . قېنى خىرىدار، سىلىـ مۇ تولا سەكرىمەي، ئالدىم دىسىلە.

ـــ ياق، بەك ئېشىپ كەتتى، ئالالمايـ مەن،ـ دەپ ھېمىت ئاخۇن باشقا كاللار تە ـ رەپكە قاراپ ماڭدى.

تاغىل سېيىرنىڭ يىنىغا يەنە بىر قانـ چە ئادەم كېلىپ، ئۇنىڭ ئۇ يەر ـ بۇ يىرىنى سىلاپ كورۇشكە باشلىدى. قاسىم دەللال ساـ ۋۇراخۇننىڭ كوڭلىدە ئاز دىگەندە 450 سومـ نى مولچەر قىلىپ تۇرغانلىغىنى پەملىدىـ دە، كوپچىلىكنى باز ـ بازغا سېلىش ئۈچۈن:

ـــ ماۋۇ سېيىرنى 430 قىلساق بەرمە ـ دى. يەنە ئاشىدىغان بارمۇ؟ـ دەپ ۋاقىرىدى.

كاللىنىڭ ئەتراپىغا ئادەم ئولاشقىنىنى كورۇپ، ھېمىت ئاخۇن بولالماي يەنە يورغـ لاپ يىتىپ كەلدى. ھېمىت ئاخۇننىڭ بۇ تا ـ غىل سېيىرغا كوزى چۈشكەن ئىدى. لېكىن، يانچۇغىدا 420 سومدىن ئوشۇق بىر تىيىن پۇـ لىمۇ يوق ئىدى. ئۇ ئەلەم بىلەن كىشىلەرنىڭ ئارقىسىدىن تۇرۇپ بوينىنى سوزۇپ قارىدى.

شۇ چاغدا توپنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر ئاـ يال پەيدا بولۇپ،سېيىرغا زەڭ سېلىپ قاراش ـ قا باشلىدى.

ـــ سىڭلىم سېغىن كالا ئالماقچى بولـ سىڭىز، مۇشۇ ئوبدان مالنى قولدىن چىقىرىد ـ ۋەتمەڭ، قېنى زاكالىتىڭىزنى چىقىرىڭ،ـ دىدى دەللال.

ئايال بىر سوم پۇلنى پايپىغىدىن ئې ـ لىپ تۇتقۇزدى.

ـــ ئايال كىشىنىڭ قولىنى تۇتقىلى بولـ مايدۇ. ساۋۇراخۇن سىلى قوللىرىنى ئەكەلسىلە، بولىدىغان گەپنى قىلسىلا، كالىنى قانچە بەر ـ سۇن.

ـــبوپتۇ، 600 سوم بېرىپ مۇشۇ سىڭ ـ لىم مال قىلىۋالسۇن.

ـــ ۋىيەي، چولاق كالىنى 600 سومدىـ گىنى نىمىسى ، 250 سوم بېرەي.

باياتىن بىرى «بەرىكە تاپ» دىگەن سالا ـ سۇلادىن زېرىكىپ تۇرغان ساۋۇراخۇن 250 سوم دىگەن گەپنى ئاڭلاپ تېرىكىپ كەتتى.

ـــ بۇياق كالا ئالماي موزاي ئالىدىد ـ غان ئوخشايدۇ ، ئايال كىشى بىلەن سودا قىـ لىشمايمەن،ـ دەپ چەتكە قارىۋالدى ئۇ .

ـــ بەللى ، بۇ دىگەن بازار ساۋۇراـ خۇن. بىرسى ئۇنداق دەيدۇ، بىرسى مۇنداق دەيدۇ. پۇل تېخى خىرىدارنىڭ يانچۇغىدا،مال قوللىرىدا تۇرۇپتۇ. قېنى ئۇكام بەرىكە تاپ دىسىلە.

ـــ قانچىگە بەرىكە تاپ دەيمەن؟ـدەپ تېرىكتى ساۋۇراخۇن.

ـــ بايام كەسكەن 430 غا بەردىلىمۇ؟

ـــ ۋايجان ، مەن 430 سومغا كالا ئا ـ

لالمىغىدەكمەن،— دەپ زاكالات پۇلىنى شارت —
تىدە تارتىۋېلىپ كېتىپ قالدى ئايال.

شۇنداق قىلىپ، بىر قانچەقېتىملىق سو-
دا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندىن كېيىن قاسىم
دەللال خىيالغا چۆشۈپ قالدى. كۈزنىڭ تازا
توكمە ۋاقتى بولغانلىقى ئۈچۈنمىكىن، بۈگۈن
بازارغــا مال ئادەتتىكىدىن كوپ كىرگەن ئى-
دى. ساۋۇراخۇننىڭ كالىسىنى ئادەتتىكى كۈن-
لەر بولسا 500 سومغا پۇل قىلغىنىمۇ بولاتتى.
«خەير، شۇ ئوبدان مالنى 450 كە ئۆزەملا ئې-
لىپ قىلىپ ، خېرىدارىنى تېپىپ پۇل قىلىما-
دىم» دىگەن پىلاننى كوڭلىگە پۈكتى قاسىم
ئاخۇن.



كۈنىمۇ بىر يەرگە بېرىپ، بازاردىكى ئا-
دەملەر شالاڭلىشىشقا باشلىدى. ساۋۇراخۇن تې-
خىچە بىر چەتتە تاغىل سىيىرنى تۇتۇپ تۇ-
راتتى. قاسىم ئاخۇن شۇ ئارىدا يەنە پەيدا
بولدى - دە، تاغىل سىيىرنى يىراقتىن ئەگە-
شىپ يۈرگەن ھېمىت ئاخۇننى قىچقاردى.

— قارىسام ، ئەتىگەندىن بېرى مۇشۇ
كالىنى ئەگىپ كېتەلمەيۋاتىسەن. باشتىمۇ سا-
ڭا سودا قىلىشقان ئىدۇق. قېنى، زاكالىتىڭنى
چىقار.

ھېمىت ئاخۇن ھېلىقى پۇرلۇشۇپ كەت-
كەن 10 تىيىننى يەنە چىقاردى.

— ساۋۇراخۇن كالىنى مۇشۇ ئىنىمغا
ساتايلى، قولىرىنى بەرسىلە.

— شۇنداق بولسۇن، مېنىڭمۇ كالىنى مۇ-
شۇ ئاغىنەمگە بەرگىم بار،- دەپ قولىنى سۇ-
نۇپ كەلدى ساۋۇراخۇن.

— كالىنى 420 گە بەردىلىما؟

— كام بولار.

—بوپتۇ،بايام پىشقان باھا 430 قانداق؟

— ۋاي بولدى، ئېشىپ كەتتى، مەن ئا-
لالمايمەن ،- دەپ قولىنى تارتتى ھېمىت
ئاخۇن.

دەللال يانچۇقىدىن تاراقلاپ تۇرغان10
سوملۇق پۇلدىن بىرنى چىقىرىپ ساۋۇراخۇن-
نىڭ قولىغا تۇتقۇزدى.

— بۇ ئالمىسا، مەن ئالاي، 430 غا بەر-
دىڭىما، ھە، مانا 440!

— كام بولار.

— 450 سوم، بولدىمۇ؟!

ساۋۇراخۇن بىر چەتتە بوينىنى قىسىپ،
تاغىل سىيىردىن كوز ئۈزمەي تۇرغان ھېمىت

(ئاخىرى 64-بەتتە)

# ئاخىرقى بىر مەيدان چېلىشىش

(ھېكايە)

تۇرسۇن لېتىپ

— نودەركا، ئەمدى چېلىشىمەن دېمەي، ياشلارنى تەربىيىلىگىن، چېلىشىش باسقۇچىدىن يېشىڭ ئۆتۈپ كەتتى.

ئەمما نودەركام باشلىقىنىڭ بۇ نەسىھىتىگە كونمىدى، مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇ ئۆزىنىڭ ياشىنىپ قالغانلىقىغا تەن بەرگۈسى كەلمەيتتى. ئۆزىدە بۇرۇنقىدەكلا كۈچ بارلىقىنى ھېس قىلاتتى. باشلىقىنىڭ سۆزىدىن ئۇنىڭ گۆشلۈك يۈزى تىرماشتى. ساقال - بۇرۇتىنى پاكىز قىرغىنى بىلەن ئۇنىڭ يۈزىدىكى، بولۇپمۇ پېشانىسىدىكى چىمبەرقۇتەك قات - قات قورۇقلار ياشىنىپ قالغىنىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى. ئۇ، ئېيىقتەك ئېغىر بەستىنى ماكچىيىپ كەتكەن كىرىسلودىن ئاستا كۆتەردى-دە، باشلىقىغا قاشلىرىنى يىمىرىپ، غورا قاپىقىنى تۈرگەن ھالدا:

— ھىم، ئوتتۇز يىلدىن بېرى ۋىلايىتىڭنىڭ داڭقىنى چىقىرىپ كەلگەن پېقىر ئەمدى كېرەكسىز بولۇپ قالدىمۇ؟ ۋاي سېنى قارا، نودەر ئاكاڭ سەپتىن چېكىنمەكچى ئەمەس!- دېدى.

باشلىق ئۇنىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرىدىن جەڭگە شىردەك ئېتىلىدىغان ئەلپازىنى كۆرۈپ، يۇمشاق ئاۋازدا:

— سېنى خاپا قىلماقچى ئەمەسمەن، ئەگەر 2- سەپكە ئۆتكۈڭ كەلمىسە چېلىشىۋەر،- دېيىشكە مەجبۇر بولدى.

— چېلىشىمەن، ياشلارنى چېلىشىپ تۇرۇپ، تەربىيىلەيمەن!

نودەركام شۇنداق دېدى - دە، ئېيىقتەك ئېغىر قەدەم تاشلاپ بۆلۈمدىن ئاستا چىقىپ كەتتى.

نودەركام ئادەتتە گەپكە پىخسىق ئىدى، ئۇ پالۋانلارغا خاس چوڭ - چوڭ قەدەم تاشلاپ كېتىۋېتىپ، „ئارتۇق گەپ قىلىۋەتتىم - مۇ قانداق؟“ دەپ ئويلاپ قالدى. „ھەي نودەر، باشلىق ئالدىدا پو ئېتىپ قويمىغانسەن. پۇتتا ھەقىقەتەن ماغدۇر بارمۇ؟“ ئۇ ئۆزىنىڭ ئاخىرقى قېتىملىق چېلىشىشىنى ئەسلىدى. شۇ چاغدا ئۇ تۇنجى قېتىم پۇتىنىڭ دىرىلدىگىنىنى سەزگەن ۋە ئۆزىنىڭ ھالسىراۋاتقىنىنى بىلگەن ئىدى. ئەمما ئۇ شۇ قېتىمدىمۇ ماھىرلىق ۋە پەم بىلەن ئۆز رەقىبىنىڭ يېنىنى يەرگە تەككۈزگەن ئىدى. غەلىبىدىن كېيىن ئۇ، بۇ دىرىلدەشنى ئۇنتۇپ قالدى. زالدىكى تەنتەنە، قىيقىرىق، ئۆزىگە بولغان كىشىلەرنىڭ

ھۆرمىتى، مۇخبىرلارنىڭ ۋال - ۋۇل قىلىپ سۆرەتكە تارتىشلىرى ئۇنىڭغا ئاجايىپ ئىلھام ۋە يېڭى كۈچ - قۇۋۋەت بېغىشلىغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنى مەڭگۈ يېنىنى يەرگە تەككۈزمەيدىغان پالۋان دەپ ھېساپلاشقا باشلىغان. بۈگۈن باشلىق ئالدىدا ئۇ ئۆزىنى غورۇرى يەرگە ئۇرۇلغاندەك ھېس قىلىپ، باشلىقنىڭ سۆزىنى ھار ئالدى - دە، قاتتىق جاۋاپ بېرىۋەتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇنى ھەر قېتىمقى چېلىشىشتا ياش پالۋانلار تولىمۇ چارچىتىۋېتەتتى. چېلىشىشتىن كېيىن ئۇنىڭ پۇت - قوللىرى ئاغرىيتتى، تالاتتى، ياش چاغلىرىدا بولسا، دىۋىدەك يوغان پالۋانلارنى كوتىرىپ تاشلىۋەتكىنىدىمۇ مۇنچە ھېرىپ كەتمىگەنتى. ئۇ چاغدا ئۇنىڭ ياش يۈرىگى كۈچەنگەنلىكتىن كۆپكەن تومۇرلارغا دەرھال قان يەتكۈزۈپ بېرەلەيتتى. ھازىر بولسا ئۇ سەمىرىپ، گەۋدىسى ئېغىرلىشىپ كەتكەچكە پۇتلىرى گەۋدىسىنى ئاران كوتىرەتتى. مانا مۇشۇ ھال ئۇنىڭ ئاسانلا چارچىشىغا سەۋەپ بولۇپ قالدى. شۇڭا ئۇ ھەر قانچە كۈچىسىمۇ رەقىبىنى بۇرۇنقىدەك، ئاسانلا كوتىرىپ تاشلىيالمايدىغان بولۇپ قالدى، بەلكى بىر نەچچە مەيدان ئېلىشىپ، ماھىرلىغى ۋە تەجرىبىسىگە تايىنىپ رەقىبىنى ئاران يىقىتالايتتى، ماھارەتتىمۇ ھازىرقى زامان پالۋانلىرىنىڭ ماھارىتىگە يېتەلمەيتتى. نودەركام مەكتەپ بوسۇغىسىنى كورمىگەن دىخان بولغاچقا، تەنتەربىيە كومىتېتىغا كىرگەندىن كېيىن ساۋادىنى چىقىرىۋالغىنىنى ھېساپقائالمىغاندا، ئارتۇق مەدەنىيەت سەۋىيىسى يوق ئىدى. شۇڭا ئۇ زامانغا يېتىشەلمەيمۇ قالدى...

نودەركام شۇ خىياللار بىلەن تەنتەربىيە زالىغا كېلىپ قالغىنىنىمۇ تۇيماي قالدى. ئۇ كىيىم يۇتكەش ئۆيىگە كىرىپ، چېلىش كىيىملىرىنى ئالماشتۇردى - دە، زالدىكى پالازدا مەشق قىلغىلى باشلىدى. ئۇ بۇ نۆۋەتلىك چېلىش مۇسابىقىسىدا، ئۆزىنىڭ قېرىمىغانلىغىنى بىر كورسىتىپ قويۇشقا بەل باغلىغان ئىدى. ئەگەر بۇ قېتىم ئۇتتۇپ چىقالمىسا، تەقدىرگە تەن بېرىپ، باشلىققا بويسۇنۇشتىن باشقا چارە يوقلىغىنى ئۇ بىلەتتى.

× × ×

چېلىش مۇسابىقىسى بىر يۈز يىگىرمە كىلوگىرام ئېغىرلىقتىكى پالۋانلارنىڭ ئېلىشىش باسقۇچىغا ئۆتتى. نودەركام چېلىشىش كىيىمى بىلەن زالىغا كىرگەن ھامان چاۋقان - سورەن كوتىرىلدى.

— ئوھۇ، نودەر پالۋان چېلىشىدىكەن.

— قارىغىنا بەستىنى، دىۋىدەك تۇرىدۇ.

— مېڭىشىنى دىمەمسەن، ئېيىقتەك ماڭىدا.

تاماشىبىنلار نودەركامنى مانا شۇنداق تەرىپلەش بىلەن كۈتۈۋالدى. نودەركام كىشىلەرنىڭ بۇ خىل ماختاش سادالىرى ئىچىدە كوپچىلىككە قولىنى كوتىرىپ ھورمەت بىلدۈرگەن ھالدا، مەيداننىڭ بۇلۇڭىدىكى كىرىسلوغا كېلىپ ئولتۇردى، ئىككى يارەدەمچىسى ئىككى تەرىپىگە ئوتۇپ، ئۇنىڭ بورتۇپ چىققان بىلەك مۇسكۇللىرىنى ئۇگىلاشقا باشلىدى. نودەركام قارشى تەرەپتىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان رەقىبىنى بىر قاراپلا تونىدى ۋە ئۇنىڭغا مىيىغىدا كۈلۈپ، كوزىنى قىسىپ قويىدى. نودەركام ئۆزىدىن ئون ياش كىچىك بۇ پالۋاننى تالاي قېتىم يىقىتقان، شۇڭا ئۇنىڭ كوڭ-

لى توق ئىدى.

مەيدانغا چۇشۇش سىۋىستوكى چېلىندى، رېپىرى پالۋانلارنىڭ قول ۋە كىيىملىرىنى تەكشۇردى. ئاندىن ئىككى پالۋان سەممى قول ئېلىشتى، رېپىرى سىۋىستوك چېلىش بىلەن ئىككى پالۋان جەڭگىۋار ھالەتكە كېلىپ، ھوشيارلىق بىلەن بىر - بىرىگە يېقىنلاشتى. ئالدىرىماي بەل ئېلىشتى. تەڭشەلگەندەك بولۇپ، ئىغاڭلىشىپ، كۇچ سىناشتى. ئۇلارنىڭ ھەركىتى سۇس ۋە زېرىكەرلىك ئىدى. تاماشىبىنلار ئۇلارنىڭ تېز ھۇجۇم قىلىشىنى، بىر-بىرىنى يەرگە ئېتىشىنى سەۋىرسىزلىك بىلەن كۇتەتتى. بىراق، پالۋانلارنىڭ سالماق، لەرزان ھەركىتى ۋە ئېھتىيات بىلەن كۇچ سىناشلىرى يەنىلا ئۆزگەرمىدى. رېپىرىلار باشلىغى ھەر ئىككىسىگە ئاگاھلاندۇرۇش بايرىغى چىقاردى. بۇنودەركامنىڭ رەقىبىگە تەسىر قىلدى بولغاي. ئۇ نودەركامنى كوتىرىپ يامپاشقائالدى-دە، يەرگە ئاتتى. نودەركام ئۆگدىسىغا چۇشۇپ، ئەگمە كوۋرۇك شەكلىنى ئالدى. قارشى پالۋان ھەرقانچە بېسىپمۇ ئۇنىڭ ئىككى تاغىنىنى يەرگە تەككۇزەلمىدى، پەقەت كوتىرىپ تاشلىغىنى ئۇچۇن ئىككى نومۇر ئالدى. ئىككىنچى مەيداندا نودەركام رەقىبىنىڭ بېلىنى قورۇپ تۇتتى - دە، ئىگىز كوتىرىپ بېشىچە يەرگە ئېتىۋەتتى. ئۇنىڭ رەقىبى ئارقا مىڭىسىنىڭ قاتتىق تېگىشىدىن چوچۇپ بويىنىنى ئىگىۋېدى، تاغىنى پالازغا تەگدى. زالدا گۇلدۇراس ئالقىش، تەنتەنە ياڭرىدى. نودەركام «قانداق؟» دېگەندەك، رەئىس مۇنبىرىدە ئولتۇرغان باشلىقىغا قاراپ قويدى.

مۇسابىقىنىڭ ئاخىرقى كۇنى — ھەر خىل ياش ۋە ئېغىرلىق بويىچە چېمپىيونلىق تالىشىش كۇنى ئىدى. پالۋانلارلا ئەمەس، پۇتۇن زال ھاياجاندا تەۋرىنەتتى. مانا نودەركام چېمپىيونلىق تالىشىش مۇسابىقىسىگە چۇشتى، بۇ ئۇنىڭ ئۇچۇن يا ياشلىق بىلەن ۋىدالىشىدىغان ياكى يەنە داۋاملىق ئۆز كۇچىنى نامايەن قىلىدىغان ھەل قىلغۇچ مىنۇتلار ئىدى. رېپىرادوكتۇردىن:

— ھازىر بىر يۇز يىگىرمە كىلوگىرام ئېغىرلىق بويىچە ياش پالۋان قادىر بىلەن پېشقەدەم پالۋان نودەر ئاكا ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىغە چۇشىدۇ!- دېگەن سادا ئاڭلىنىش بىلەن تەڭ زال جىم - جىتلىققا چومدى.

نودەركام ئۆز ئورۇندۇغىدا ئولتۇرۇپ، قادىر پالۋانغا كوزىنىڭ قۇيرۇغىدا سەپ سالدى. ئۇ بىر دەقىقىدىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن قاتتىق ئېلىشىدۇ، يا ئۇنى يېقىتىپ ياشلىق باھارىنى ساقلاپ قالىدۇ، ياكى يېقىلىپ، باشلىغىنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنۇپ، ئىككىنچى سەپكە ئوتىدۇ. ئۇ قادىرنىڭ بۇقىنىڭ بويىندەك مەزمۇت بويىنىنى كورۇپ، ئۇنىڭ قالتىس كۇچلۇك ئىكەنلىگىنى ھېس قىلدى. ئۇ كەڭ كوكرىگى، كۇچلۇك مۇسكۇللىرىنى نامايىش قىلغاندەك، كېرىلىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ بۇلجۇڭ گوشلىرى تارمۇشتەك چىڭ ئىدى. نودەركام ئۇنىڭ بۇ تۇرقى ۋە ئوتكۇر كوزلىرىدىن ئۇرغۇپ تۇرغان ياشلىق جاسارىتىنى كوردى. نودەركام نەچچە كۇندىن بېرى چېلىشقانلىرى ئۆزىگە ئوخشاش ئۇزۇن يىللىق كۇرەشلەردە ئۆزىنىڭ ياشلىق كۇچىنى خوراتقان پالۋانلار ئىكەنلىگىنى، بۇگۇن بولسا چىڭ پولاتقا دۇچ كەلگىنىنى چۇشەندى. ئۆزىنىڭ قادىرنىڭ يېشىدىكى چاغلىرى بولسا ئىدى، ئۇ قىلچە پەرۋا قىلمىغان بولاتتى. ئۇزۇن يىللىق كۇرەشلەردە

ئۇنىڭ ئەينى يىللاردىكى كۈچ - قۇۋۋىتى كۆپ
خورىغان ئىدى. ئۇ كېيىنكى يىللىرى ھەر قې -
تىملىق چېلىشتىن كېيىن يۈرىكى قاتتىق سې -
لىپ، ھاسىراپ، ھالىدىن كەتكەندەك بولىدى -
غان بولۇپ قالغان ئىدى. ئەشۇ يىگىتتەك چې -
غىدا، ئۇمۇ بۇقىدەك چوڭ پالۋانلارنى يىقى -
قان ئىدى. بۇنىڭدىن يىگىرمە نەچچە يىل
ئىلگىرى سايرام كۆلى بويىدا بولغان بىر ئىش
ئۇنىڭ ئېسىدە تۇرۇپتۇ. شۇ چاغدا „سايرامدا
يەرمەنكە بولىۋېتىپتۇ، چېلىش بولىدىكەن“ دې -
گەن گەپنى ئاڭلاپ نودەر تۇرالماي قالدى.
ئىككى ئاغىنىسىنى كوندۇرۇپ، ئاتلىق سەپەر
قىلدى. ئۇلار سايرام كۆلى بويىغا كېلىپ، ھېچنىمە -
گە قارىماي، توغرا كىشىلەر توپلىشۋالغان يەرگە
كەلدى. كىشىلەر بىلەن ئورالغان مەيداننىڭ
ئوتتۇرىسىدا „نودەردەك بەش پارچە چىقىدى -
غان ئىككى پالۋان چېلىشۋاتاتتى. نودەر ئات -
تىن سەكرەپ چۈشۈپ، كىشىلەر ئالدىغا ئۆت -
تى. ئىشىكىدۇ ئۇنىڭ چىرايى ئاپپاق تاتىرىپ
كەتتى، تىزلىرى تىترىدى، قوللىرى ئىختىيار -
سىز مۇش بولۇپ تۈگۈلدى. شۇ ئارىدا پالۋان -
لاردىن بىرسى يەنە بىرسىنى يەرگە باستى.
قىيقىرىق سادالىرى ئىچىدە چېلىش باشقۇر -
غۇچى جاكالىدى.

— يەنە كىم چۈشىدۇ، باشقا چېلىشىدى -
غانلار بولمىسا، ئىگەر - توقۇملۇق بوز ئات
مۇشۇ پالۋانغا بېرىلىدۇ!

نودەر ئۆزىنىڭ قانداقلارچە مەيداننىڭ
ئوتتۇرىسىغا چۈشۈپ قالغىنىنى سەزمىدى. ئۇنىڭ
ئاغىنىلىرى „نودەر قايت، بۇ ئويىنىشىدىغان
پالۋان ئەمەس!“ دەپ ۋاقىراشتى. ئەمما نو -
دەرنىڭ قۇلىقىغا بۇ گەپلەر نەدىمۇ كىرسۇن!
نودەر تۇتىشىپ كەتتى. ئۇنىڭ تېشىغا تېپىپ
تۇرغان كۈچى رەقىبىنى ھالسىراتتى. رەقىبى -
نىڭ ھالسىرىغىنىنى سەزگەن نودەر ياملاشقا
ئېلىپ يانچە ئۇردى. مانا شۇ ۋەقەدىن كېيىن
ئۇنىڭ نامى پۇر كەتكەن ئىدى. مانا يىللار
نودەرنى ئەشۇ جۇشقۇن ياشلىقىدىن ئايرىپ،
مۇشۇ قادىر ئالدىدا تۇنجى قېتىم ئېغىر خە -
يالغا سالدى.

بىرىنچى مەيداندىلا قادىر ئۆزىنىڭ
چاققان، كۈچلۈكلىكىنى نامايەن قىلدى. ئۇ
خۇددى كەپتەر چىقارغان خورازدەك زادى تې -
نىم تاپمايتتى. ئىككى قولىنى مەيدىسىگە يې -
غىۋېلىپ، بىردە نودەركامنىڭ ئالدىدىن، بىر -
دە يېنىدىن خىرىس قىلاتتى. بىردە داجىغان -
دەك بولۇپ، نودەركامنىڭ قولتۇقىدىن قولى -
نى ئۆتكۈزۈپ، بېلىدىن تۇتىۋېلىشقا ئۇرۇناتت -
تى؛ بىردە ھەيۋە بىلەن ئېتىلىپ كېلىپ، نو -
دەركامنىڭ گەجگىسىدىن قاتتىق تۇتۇپ، ئال -
دىغا كۈچ بىلەن تارتاتتى. ئۇ ھەركەتتە نا -
ھايىتى چاققان ۋە چەبدەس ئىدى. ئۇنىڭ
چاقماقتەك تېز ھۇجۇمى تاماشىبىنلاردا زوق
قوزغىۋەتتى. نودەركام رەقىبىنىڭ بۇنداق ئار -
تۇقچە ئۇرۇنۇشىغا ئىچىدە كۈلدى، چۈنكى
رەقىبى بۇنىڭ بىلەن كۈچىنى خورىتاتتى. نو -
دەركام ئۆز كۈچىنى ساقلاپ قېلىش تاكتىكى -
سىنى قوللىنىپ، پاسسىپ مۇداپىئەدە تۇردى.
مۇنداق پاسسىپ مۇداپىئەدە ناھايىتى كەتسە نو -
دەركام بىر نەچچە نومۇر ئۇتتۇراتتى، خالاس.
ئەمما ھەل قىلغۇچ جەڭدە ئۇنىڭغا كۈچ كې -
رەك ئىدى.

قادىر يەڭگىل ھەركەتلەر بىلەن موكى -
دەك تىنىم تاپماي، نودەركامنىڭ چىشىغا تې -
گىۋەردى. تاماشىبىنلار ئىچىدە نودەركامنى
شاڭخۇ قىلغان كۈلكىلەر كۆتۈرۈلدى. نودەر -

كام قادىرنىڭ ئويۇنچۇغى بولۇشقا سەۋىر -
تاقەت بىلەن چىدىدى. ئاخىرى قادىر نودەر-
كامنىڭ قولتۇغىدىن قولىنى سىلىپ، بېلىدىن
قاماپ تۇتۇۋالدى ۋە نودەركامنى بىردە ئوڭغا،
بىردە سولغا كوتىرىپ تاشلاشقا كۆچىنەتتى.
قادىر نودەركامنى يەرگە ئۇرۇپ غەلىبە تەنتە-
نىسىنىڭ شارابىدىن لەززەتلىنىش ئۈچۈن، پۈ-
تۈن كۈچىنى سېلىپ كوتەردى. نودەركام
بولسا يىلتىزلىق كوتەكتەك ئىككى پۇتىنى كې-
رىپ قوزغالماي تۇراتتى.

بىرىنچى مەيدان پۈتۈنلەي قادىرنىڭ
ئۈستۈنلىگى بىلەن تاماملاندى. دەم
ئېلىش ۋاقتىدا نودەركام پۇتلىرىنى سوزۇپ
كېرىلىپ ئولتۇردى. ياردەمچىسى ئۇنى لوڭگە
بىلەن يەلپۈۋىدى، نەپەس ئېلىشى يەڭگىللە-
دى. نودەركام قادىرنىڭ ماھارىتىنىڭ سىرىنى
بىلىۋالغىنى ئۈچۈن، خېلى ئۈمىتۋار ئىدى. ئۇ
كوڭلىگە ئۇنى يېڭىش پىلانىنى پۈكۈپ قويدى.

ئىككىنچى مەيداندا قادىر ھەدىگەندىلا
نودەركامغا شىردەك ئېتىلىپ بېرىپ بېلىدىن
تۇتۇپ كوتەردى - دە، يەرگە ئېتىۋەتتى. نو-
دەركام پاقىدەك دۈم يىقىۋالدى. قادىر ئۇنىڭ
يەرگە چاپلىشىپ كەتكەن قوللىرىنىمۇ - پۇت-
لىرىنىمۇ ئاجرىتالماي ھەپسىلىسى پىر بولدى.
سىۋىستوك چېلىنىپ، ئۇلار يەنە قايتا تۇتىش -
تى. نودەركام پاسسىپ نومۇرغا جازالىنىۋەر-
مەسلىك ئۈچۈن ئارىلاپ يالغان ھۇجۇم (كۈ-
چىنى خوراتمايدىغان دەرىجىدە) قىلىپ، قا-
دىرنى ئىككى - ئۈچ قېتىم يىقىرىتىپ قويدى.
قادىر ئۇنىڭ بۇ ھالسىز ھۇجۇمىنى ئاجىزلىغى
دەپ بىلىپ، تېخىمۇ جۇشقۇن ھەركەت بىلەن
نودەركامنى كوتىرىپ تاشلىۋەتتى، ئەمما نو-
دەركام بۇ نوۋەت ئىككى پۇتى بىلەن تىك

تۇرۇپ ئالدى، تاماشىبىنلار ئۇنىڭ بۇ خىل
ماھىر مۇداپىئەسىگە قايىل بولۇپ، قاتتىق ئال-
قىش ياڭراتتى. ئۇزىگە قاراپ ھىجىيىپ تۇرغان
نودەركامنى كورۇپ قادىرنىڭ جەھلى چىقتى.
ئۇ تېخىمۇ قىزىشىپ نودەركامغا ئېسىلىشىغا
نودەركام ئۇنى بېلىدىن قۇچاغلىۋالدى ۋە خۇد-
دى ئېيىققا ئوخشاش ئەزمىلىك بىلەن بىرئور-
نىدا تۇرۇۋالدى. قادىر ئۇنىڭ كۈچلۈك بى-
لەكلىرىدىن ئۇزىنى ئاجرىتالمىغانسېرى تېرى-
كىپ ئارتۇقچە كۈچىنەتتى. نودەركام ئۇز تەج-
رىبىسىدىن توپلىغان ئۇستىلىقلارنىڭ ھەممى-
سىنى قوللىنىپ كۈچىنى ساقلىدى - دە، قادىر-
نىڭ كۈچى خورىغىنىغا كوزى يەتكەن ھامان
ئۇنى يامپاشقا ئېلىپ پۈتۈن كۈچى بىلەن يەرگە
ئاتتى. ئەمما قادىر بەكمۇ چاققان ئىدى، شۇ-
ڭا ئۇ دەرھال كوۋرۈك مۇداپىئەسى بويىچە
قېتىپ تۇرىۋالدى. ئۇنىڭ يوغان بويىنى برون-
زىغا ئوخشاش، قىلچە ئىگىلمەي، بېشىنى تى-
رەپ تۇراتتى. نودەركام شۇنچە كۈچەيمۇ ئۇ-
نىڭ بويىنىنى ئىگەلمەي، پۇتىغا يېپىشتى. ئەم-
ما قادىرنىڭ پۇتى سىمونت ئاركىدەك مۇس-
تەھكەم تۇراتتى. ئاخىرى رېپىرى سىۋىستوك
چالدى. قادىر لىككىدە سەكرەپ تۇرۇپ كەت-
تى. ئۇ خېلىلا كۈچىدىن ئايرىلغان بولسىمۇ
يەنىلا ماغدىرى بار ئىدى. بىراق نودەركامدىن
چوچۇپ قالغان بولسا كېرەك، ئاۋايلاپ، ئېھ-
تىيات بىلەن ھەركەت قىلىشقا مەجبۇر بولدى.
ئۇنىڭ ھەركىتى دەسلەپكى مەيداندىكىدىن
خېلىلا سۇسلاشقان ئىدى. ۋاقىت قىممەتلىك.
ھازىر مىنۇت ئەمەس، سېكۇنت سانايدىغان ۋا-
قىت قالغان ئىدى. شۇڭا نودەركام تېز ھۇجۇم
قىلىپ، قادىرنىڭ بىر قولىدىن تۇتتى - دە،
كەينىگە بىرلا بۇرۇلۇپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن

قادىرنىڭ قولىنى سىلكىپ تارتتى، قادىر ئى-
لاستىكىلىك يېڭىكلىك بىلەن نودەركامنىڭ ئال-
دىغىلا بېشىچە چۈشتى. تەنتەنە ساداسى قد -
قاس - چۇقان كوتىرىلىپزالنى لەرزىگە سې -
لىۋەتتى. نودەركام غەلىبە قىلدىمۇ؟ ياق! قا-
دىر ئالدىنقى چېلىشچىدەك بېشىنى قاچۇرماي،
نەق بېشىنى پالازغا تىرەپ، يەنەكوۋرۇك شەك-
لىگە كىرىۋالغان ئىدى، نودەركام ئۇزىنى
ئۇنىڭ ئۇستىگە تاشلاپ،پۈتۈن كۈچىنى-ئىك-
كى مەيدان چېلىشتىن يىغىپ قالغان كۈچىنى
سەرپ قىلىپ ئۇنى باستى. چىڭقالغانلىغىدىن
ئۇنىڭ چېكە تومۇرلىرى كۆپۈپ كەتتى. پېشانىسىگە
شەبنەمدەك تەرتامچىلىرى پەيدا بولدى. ئەمما
قادىر ھەممىگە چىدايدىغان كۈچ ۋە سەۋر
بىلەن بەرداشلىق بەردى، نودەركام ئەمدى
ئۇنىڭ ئىككى قولىنى يىغىنچاقلاپ، بويىندىن
بېسىش ئۈچۈن ئۇستىدىن چۈشۈشىگە قادىر
ياشلارغا خاس چاققانلىق بىلەن سول يانغا
ئۆرۈلدى - دە، ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇ
ئوزىگە ھەيران بولۇپ قاراپ قالغان نودەر-
كامغا ئەمدى قىلچە رەھىم قىلمايدىغان ئەل-
پازدا ئارىسلاندەك ئېتىلىپ بېرىپ، ئۇنىڭ مۇ-
داپىە ئۈچۈن سوزغان قولىنى تۇتۇپ، مۇرى-
سىگە ئارتتى - دە، بېشىدىن ئارتىلدۇرۇپ
تاشلىۋەتتى. زالدا يەنە قىقاس - چۇقان كو-
تىرىلدى، مۇداپىە ئالماشتى، نودەركام بۇتېز
ۋە تۇيۇقسىز ھۇجۇمدىن ئېسەنكىرىگىنىچە
كوۋرۇك مۇداپىەسىدە تۇراتتى. ئەمما ئۇنىڭ
شۇ ياتقىنىچە مىدىرلىغۇچىلىكى يوق ئىدى.
پۇتلىرى ئېغىرلىشىپ، ئىككى تىزى دىر - دىر
تىترەيتتى، شۇندىمۇ قەيسەرلىك قىلىپ زورغا
بەرداشلىق بېرىپ مۇداپىەدە تۇراتتى. قادىر
نودەركام كۈچى يەتمىگەن ئۇسۇلنى قوللى-
نىپ، ئۇنىڭ ئىككى قولىنى قايرىپ تۇتۇپ
ئايلاندۇردى، ئۇ نودەركامنى بىر ئىزدا بىر
ئايلاندۇرۇپ چىقتى، بۇ قادىردىكى ياشلىقنىڭ
خورىمىغان كۈچى ئىدى. نودەركام قولىنى
بوشىتىشقا كۈچىنىۋىدى، قادىر ئۇنىڭ كوك-
سىدىن كۆچەپ بىر بېسىپ تاغىنىنى يەرگە
تەككۈزدى. ھاياجانلانغان زال بىردىن تەۋ-
رەپ كەتتى. تەنتەنە، قىچقىرىق، ئۇشقىتىش،
ئالقىش قوشۇلۇپ، زالنىڭ ئوگزىسىنى
كوتىرىۋەتكىدەك دەرىجىگە يەتتى. بۇ ۋاڭ -
چۇڭلار نودەركامنىڭ كالىلىسىغا كىرمىدى، ئۇ
پەقەت: «ئېھ، ياشلىق! مەندىن كېتىپسەن.
تەقدىرگە تەن بېرىمەن! قادىرنىڭ ياشلىق
كۈچى ۋە جاسارىتىگە مېنىڭ تەجرىبەم قو -
شۇلسا، ئۇ چوقۇم ماھىر پالۋان بولۇپ، ۋەتى-
نىمىزگە شان - شەرەپ كەلتۈرىدۇ!» دىگەننى
ئويلىدى. قادىر ئۇنىڭ ئويىنى بىلگەندەكلا
نودەركامنى ئاستا يولەپ تۇرغۇزدى ۋە: «كە-
چۈرۈڭ ئۇستاز، چېلىش ئىكەن، ئامال يوق!»
دىدى. نودەركام «يارايسەن يىگىت!» دىدى -
دە، ئۇنىڭ كەڭ كوكرىكىگە ئۇرۇپ قويدى.
ئۇ قادىرنى قولىدىن تۇتقان پېتى رەئىسلەر
سەھنىسىدە ئولتۇرغان باشلىقنىڭ ئالدىغا باش-
لاپ باردى:

— باشلىق، ئوتكەنكى پىكرىڭىنى قو-
بۇل قىلىمەن. مەن ئەندى چېلىش مەيدانى-
دىن چېكىنىدىم. قادىر پالۋاننى ماڭا بەر، بار
پاراستىم ۋە تەجرىبەمنى ئۇنىڭغا تەقدىم
قىلاي، - دىدى.

— بارىكاللا نودەركا! - دەپ جاۋاپ
بەردى باشلىقمۇ.

# تۇنجى قار

( نەسىر )

مىرزىگۈل خۇدابەردى

مەن سۇبھى بىلەن تەڭ ئويغاندىم - دە، تېز كىيىنىپ سىرتقا چىقتىم. «ۋاي - ۋۇي قار يېغىپتۇ!» ھويلىمۇ ئاق، دەرەخلەرمۇ ئاق، ئاسمانمۇ ئاق! يۈرىكىم ھاياجاندىن ئۇرۇپ، قەلبىم شاتلىقتىن يايراپ كەتتى. ئەشۇ ئاپپاق قار پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى ئەسىر قىلىپ، مېنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلدى. مەن تېخى ھېچكىمنىڭ ئىزى چۈشمىگەن ئاپپاق قار ئۈستىدە ئىز قالدۇرۇپ، ئۆيىمىزنىڭ كەينىدىكى كىچىك باغچىمىزغا يۈگۈرگەن پېتى كىردىم.

ۋاھ! باغچا ئىچى تېخىمۇ گۈزەللىشىپ كېتىپتۇ. ئالما، ئانار، ئۆرۈك، ئالۇچا دەرەخلىرىنىڭ شاخلىرى ئاپپاق تون كىيىپ، مۇلايىم تەۋرىنىپ، پۇتاقلىرىدىن قار گۈللىرى چېچىپ، بىر - بىرىگە ئەتىگەنلىك سالام بېرىۋاتقاندەك تۇرۇشۇپتۇ. يەر ئۈستىگە گويا سانسىز غازلارنىڭ مامۇقلىرى تەكشى يېيىتىلغاندەك كۆرۈنەتتى. باغنىڭ كەچكۈزدە ياپراقلار تۆكۈلگەن چاغدىكى كۆڭۈلسىز مەنزىرىسى ئاخىرلىشىپ، بۇ ئاق لىباسلىق ھۆسنى ئەتراپتىكى ئۆيلەر بىلەن قوشۇلۇپ، كىشىگە رىۋايەتلەردە ئېيتىلغان پەرىلەرنىڭ ھەشەمەتلىك مەرمەر سارايلىرىنى ئەسلىتەتتى. مېنىڭ ئەشۇ مامۇقتەك يۇمشاق ئاپپاق قار ئۈستىدە يېتىپ ھارغىچە دومىلىغۇم، دەرەخلەرنى سىلكىپ ئۈستى-بېشىمنى داغسىز ئاق گۈللەرگە پۈركىگۈم كېلىپ كەتتى...

ئېھ! ھەر دىلنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلغان داغسىز قار! سەن پاك كۆڭۈلنىڭ سىمۋولى - سەن، سېنىڭ ئاقلىقىڭ دىل ئاقلىقىنىڭ بىشارىتى ئەمەسمۇ؟ مانا ئەمدى ئوماق باللار ئۆيلىرىدىن چۇقۇرۇشۇپ چىقىپ، سېنى پومىلاپ ئېتىشىپ ئوينايدۇ. سېنىڭدىن قىش بوۋايلارنى ياساپ، ئۆزلىرىنىڭ بۇ ئەمگىكىدىن لەززەتلىنىدۇ. بەزىلەر بىر - بىرىگە قارلىق تاشلىشىدۇ. دوستلار ئۆيلىرىدە قارلىق چېيىنىڭ مەشرەپلىرى قاينايدۇ.

قار! ئۈچ پەسىلنى تاقەت بىلەن ئۆتكۈزگەن تۇنجى قار! سەن ئىنسانىيەتكە بەخت ئېلىپ كېلىسەن، ئۇخچۇغان بولاقلارغا بىھېساپ ئوزۇق بېرىسەن، ئۆز ئاقلىقىڭ بىلەن ھەر دىلنىڭ نازۇك تارلىرىنى چېكىسەن، زېمىنغا گۈللەر چاچىسەن!

## ئىككى شېئىر

### ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

### نۇرغا ئوخشاتتىم ...

پاختەكتەك ـ تورغايدەك چۈشتى كۈمۈچ قار،
ئادەمنىڭ ئىزلىرى چوككەنگە قەدەر.
شىر كەبى ھوكۇرەپ چىققان بورانمۇ،
ھاردىمۇ؟توختىدى ئۈچىنچى سەھەر.

ئاپپاق تاغ ئىزمىسى يېتىپتۇ قاتار،
تاڭ سەھەر سىرتقا چىقسام ئالدىراپ.
ئىشىگىم ئالدىنى كىمدۇ، ئاللىكەم،
چىنىدەك پاكىزە قويغان تازىلاپ.

تىگىرقاپ كوز سالدىم ئوڭ ۋە سول تامان-
تانىدەك تارتىلىپ ئېچىلغان يولغا.
سۈپ ـ سۈزۈك سەھەردەك يورىدى قەلبىم،
پەزىلەت ئىگىسىنى ئوخشاتتىم نۇرغا.

### كومۈر

رەڭگى قاپقارا بولسىمۇ ئۈنىڭ،
قىشتا ئىنسانغا بېرىدۇ ئىسسىق.
تومۇزدا سايە ئىزلىگەن ئادەم،
سوغدا كومۈرگە باش ئۇرار، قىزىق!

يۈزى سۈتتەك ئاق، دىلى قاپقارا،
تىلىدىن شېكەر تېمىتقانلاردىن.
كورىمەن ئەشۇ كومۈرنى ئەلا،
ئەلنى ئاسرىغان زىمىستانلاردىن.

## تيانشان لىرىكىسى

### مۇبارەك ئەزىزى

داۋانلاردىن ئاشتىم توختىماي،
تاقىر تاغلار ئارتىمدا قالدى.
ئارچىزارلىق يېشىل يوتىلار،
كوز ئالدىمدا يېڭى تۇس ئالدى.

شەپەق سويگەن كۈمۈچ چوققىلار،
كوك ئاسمانغا سېلىپتۇ گىرە.
خەنجەر سۈپەت قىيا باغرىدا،
ئاق بۇلۇتلار ئۈزنىشەر خىرە.

سالار دىلنى ئاجايىپ ھىسقا،
تاغ قۇچقىچى يېقىملىق جىرلاپ.
مەيىن شامال چىللايدۇ تىنماي،
توقايلىقلار ئارا، شىۋىرلاپ.

كوك تىرىگەن قارىغايزارلىقلار،
جىرالارغا تاشلاپتۇ سايە.
ئوركەشلىگەن گۇللەر دېڭىزى،
ناز ئىلكىدە باقار سىپايە.

ئۆزمەكتىمەن يېشىل دېڭىزدا،
گاھى ئورلەپ، گاھىدا شۇڭغۇپ.
گۇزەللىكنىڭ زۇمرەت دولقۇنى،
بارار دىلغا كەشتىلەر توقۇپ.

مېھنەت نۇرى چاقنار ھوسنۇڭدە،
ئارزۇغا باي بۇركۇت ماكانى.
تارىخىمىز شاھىدى ئوزەڭ،
خىسلىتىڭنىڭ يوقتۇر پايانى ......

## مۇھەببەت

ئەخمەت پاسار

ھاياتِ دەپتىرىدە كوپتۇر مۇھەببەت ھەققىدە داستان،
يەكۇن شۇ: كەچمىسەڭ جاندىن، ساڭا تالىق ئەمەس جانان.

كوڭۇل مەيلىڭ قايان چاپسا مۇھەببەت دەپ بىلىشۋەرمە،
سۇيۇق ـ ئۆژمە كوڭۇلنى بەك ئوزىگە تارتىدۇ شەيتان.

كوڭۇلنىڭ بىر كوزى نەپرەت، يەنە بىرسى مۇھەببەتتۇر،
شۇ كوزسىز ئايرىيالامدۇ تىكەندىن لالىنى ئىنسان؟

مۇھەببەتلىك يۇرەك يالغۇز يىگىت ـ قىز ئىشقىغا تەپمەس،
ۋەتەن ھەم خەلقىغە كويگەن چىن ئاشىق ـ نادىرى دەۋران.

جاھاندا سويگىلى زىنھار ۋەتەندىن ياخشى رەنا يوق،
ۋەتەن ئىشقى جىمى سويگۇ ـ مۇھەببەتكە شىبكەر سالغان.



# ئۇنتۇلماس ئىشلار

( ئەسلىمە )

مەھەممەت توخسۇنوپ

1944 ـ يىلى كۈز غۇلجىدا گـومىنـداڭ
ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى قوراللىق ئىنقىـلاپ
پارتلىدى. زۇلۇم ۋە خورلۇقنى يەتكىچە تارتـ
قان خەلقلەر جان تىكىپ قاتتىق كۈرەش قىـ
لىپ، قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە ئىلى، تارباغاـ
تاي، ئالتايدىن ئىبارەت 3 ۋىلايەتتە گـومىنـ
داڭ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، گـومىنـ
داڭ ئەسكەرلىرىنى سۈرۈپ، ماناس دەرياسىـ
نىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتكۈزۈۋەتتى. شۇ چـاغدىـ
كى خەلقارا ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى ۋەزىيەتـ
كە ئاساسەن، مەسىلىنى تىنچلىق بىلەن ھـەل
قىلىش ئۈچۈن، 1946 ـ يىلى گومىنداڭ تـەـ
رەپ بىلەن 3 ۋىلايەت تەرەپ ئوتتـۇرىسىدا
تىنچلىق كېلىشىمى ئىمزالاندى. لېكىن،مەغلۇـ
بىيىتىگە تەن بەرمىگەن گومىنداڭ ئەكسىيەتـ
چىلىرى كېلىشىم ئىمزالانغاندىن كېيىنمۇ ئۇـ
رۇمچىدە خەلققە قارشى نامايىشلارنى قوزغاپ،
ئەكسىيەتچىلەرنى قۇترىتىپ، 3 ۋىلايەت دائىـ
رىسىگە ئىشپىيونلارنى كىرگۈزۈپ ، ئـۈزلـۈكـ
سىز تۈردە بۇزغۇنچىلىق، پاراكەندىـچىلـىك
قىلدى، 3 ۋىلايەت تەرەپ جەڭگىۋارلىـغىنـى
قىلچىمۇ بوشاشتۇرماي، دۈشمەننىڭ ھەر بـىر
ھەركىتىگە ۋاقتىدا سوققا بېرىپ، ئازاتلىق ـ
ئەركىنلىكنى، خەلقنىڭ ھاياتى ، مال ـ مـۈلـ
كىنى ساقلىدى، دۈشمەننىڭ نەچچە ئون مىڭـ
لىغان ئەسكەرلىرىنى بەنت قىلىپ، جـۇڭگـوـ
نىڭ ئومۇمى ئازاتلىغى ئۈچۈن زور ھـەسـسە
قوشتى. ئارىدىن 40 يىلچە ۋاقىت ئـوتـكـەن
بۈگۈنكى كۈندە، شۇ چاغدا بولغان ئايرىم ۋەـ
قەلەرنى ئەسلەپ ئوتتۇم.

1

1944 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ بـاشـلـىرى
ئىدى. شۇ يىلى كۈزمۇ ياخشى كەلدى. ئـاشـ
لىقلار ئاساسەن يىغىلىپ بولغان چاغ. ئـەتەـ
گەن ـ ئاخشامدىكى ئازراق سوغاقنى دىمىسە،
كۈن تېخى خېلىلا ئىللىق ئىدى. مەن تـوپەـ
دەڭدە بىرسىنىڭ ئويىگە كىرىپ قونۇپ قالـ
غان ئىدىم. شۇ ئويدىكى مەن بىلەن بىر دىـ
مەتلىك بالا بىلەن ئىككىمىز ئويدىكى چوڭـ
لار ئورنىدىن تۇرۇپ، چايلىرىنى ئىچىپ بولـ
غىچە ئۇخلاپتىمىز. بىز ئورنىمىزدىن تـۇرۇپ،
چالا ـ پۇلا ناشتا قىلدۇق ـ تە، تالاغا يۈگرىـ
دۇق. مەھەللىدىكى كەيپىيات كۈنـدىكـىدىـن
باشقىچە: كوچىدا كىشىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەـ
لىشىپ قالغان، ئادەملەر ئۇيەر ـ بۇيەردە توپـ
لىشىۋېلىپ، جىددى ۋە قىزغىن پاراڭلاشماقـ
ما ئىدى. بىز، نىمە ئىش بولغانلىغىنى ئـاڭـ
قىرالمىدۇق.

كۈن چاشكا بولغان چاغ. تۇيۇقسىز كىـ
شىلەر كۈن چىقىش تەرەپكە قاراپ ئـېقىشـقا

باشلىدى. كوپچىلىك ئىچىدىن :
ــ كېلىۋاتىدۇ !
ــ ئەنە ـ ئەنە كەلدى، ـ دىگەن چۇ-
قانلار كوتىرىلدى. بىزمۇ كىشىلەر ئارىسىدا
قىسىلىپ ـ سىقىلىپ يۈرۈپ شۇ تەرەپكە قا-
راپ ماڭدۇق. شۇ چاغدا، ئۇستى ـ بېشىنى
ئاپپاق چاڭ باسقان 30 ـ 40 پارتىزان سازلىق-
تىكى تۇگمەن تەرەپتىن كېلىدىغان يول بى-
لەن مەھەللىگە كىرىپ كەلدى. ھېلىمۇ ھا-
زىرقىدەكلا كوز ئالدىمدا تۇرىدۇ: ئەشۇ بىر
توپ پارتىزانلارنىڭ بار ـ يوق قورالى 10
دەك مىلتىق (بەزىسى تېخى ئۇزۇن ئىستوۋۇل-
لۇق قارا مىلتىقلار)، 7 ـ 8 دانە ساپلىق گى-
رانات بولۇپ، ئۇلار چىش ـ تىرنىغىغىچە قو-
راللانغان، غالجىرلىقتا چېكىگە يەتكەن گومىن-
داڭ ئەكسىيەتچىلىرى بېسىپ ياتقان شەھەرگە
تاغدەك باتۇرلۇق بىلەن بېسىپ كىرمەكتە ئى-
دى ....

پۈتۈن كوچا، پۈتۈن مەھەللە جانلىن-
نىپ كەتتى. كىشىلەر ئالقىشلار ياڭراتتى.
ــ قەدىمىڭلارغا مۇبارەك بولسۇن، ئال-
لا سىلەرگە يار بولسۇن!ـدەپ دۇئاغا قول كو-
تەردى مويسىپىتلەر، موماي‌لارنىڭ خوشاللىق
ياشلىرى قورۇق باسقان يۈزلىرىنى بويلاپ تا-
راملاپ توكۈلەتتى. ئۇششاق‌باللار يۈگرىشىپ،
چۇقىرىشىپ، بۇ تەنتەنىگە جور بولماقتا ئى-
دى ....

پارتىزانلار شۇ چاغدا „تارانچى مىچىت“
دەپ ئاتىلىدىغان مىچىتنىڭ يېنىدىكى بىر چوڭ
قوراغا چۈشتى. دەل شۇ چاغدا، ئايىرۇدۇروم-
دىن بىر قوشقاناتلىق ئايرۇپىلان كوتىرىلىپ
كېلىپ، توپىدەڭنىڭ ھاۋا بوشلۇغىدا بىر قۇر
ئايلىنىپ، قايتىپ چۈشۈپ كەتتى. كىشىلەر-
نىڭ بەزىلىرى: پارتىزانلار ئايىرۇدۇرومنىمۇ
ئېلىپ بوپتۇ، دىسە، بەزىلىرى: شۇنىداق، ھا-
زىر ئۇچقان ئايرۇپىلاننى ھەيدىگەن بىزنىڭ
ئادەملەر، دىيىشەتتى. ھايال قىلماي، ئايرۇپى-
لان 2 بولۇپ چىقتى. توپىدەڭ ئۈستىنى بىر
ئايلانغاندىن كېيىن، تۇيۇقسىزدىن تووۋەنلەپ،
پارتىزانلار چۈشكەن قورا ئەتراپىنى ئوققا تۇ-
تۇشقا باشلىدى. كىشىلەر ئەنسىزچىلىككە چۈش-
تى، لېكىن، پارتىزانلاردا ھېچقانداق ھودۇ-
قۇشنىڭ ئالامىتى يوق ئىدى. ئايرۇپىلان پەس-
لەپ ئوق ياغدۇرغاندا، ئۇلار ئەپچىللىك بىلەن
ئوزلىرىنى دالدىغا ئالدى، ئايرۇپىلان ئوتۇپ
كېتىشى بىلەنلا يەنە ئۇز پىلانى بويىچە ھەر-
كەتلىنىۋەردى. ئاخىرى، چۈشلەرگە يېقىن،
پارتىزانلار توپىدەڭدىكى تۈرمىگە قاماپ قو-
يۇلغان بىر نەچچە كىشىنى قۇتقۇزۇپ، ساق ـ
سالامەت قايتىپ كەتتى.

2

1944 ـ يىلنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى.غۇل-
جا شەھرى گومىنداڭ جاللاتلىرىنىڭ تومۇر
تىرنىغىدىن ئاساسەن ئازات بولغان بولۇپ،
گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ھەرەمباغ، ئايرۇدۇروم-
لارغا تىقىلىۋېلىپ جان تالاشماقتا ئىدى. ئۇ-
لار نۇرغۇن پۇقرالارنى ئالداپ، ئوزلىرى بى-
لەن بىللە ئەكىرىۋالغانلىغى ئۈچۈن، بىز تە-
رەپ بىگۇنا خەلقلەرگە زىيان ـ زەخمەت يې-
تىپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ
ئوزلىگىدىن تەسلىم بولۇشىنى كۈتۈپ ھۇجۇم
قىلماي‌قورشاپ ياتقان ئىدى. ھەرەمباغ، ئايرۇ-
دۇروملارغا يېقىن بولغان بىزنىڭ مەھەللىنى
پارتىزانلار قانداق مەقسەت بىلەندۇ، قورشى-
ماي بوش قويغان ئىدى. بىر كۈنى دۈشمەن-
نىڭ بىر بەن قوراللىق ئەسكىرى ئايرۇدۇروم-

دىن بىزنىڭ مەلىگە كېلىپ، خەلقنىڭ توخۇ ـ تۇخۇملىرىنى بۇلىغىلى تۇردى. مەلىدىن بىرسى خەۋەر قىلغان بولۇشى كېرەك، توپىدەك تەرەپتىن بىر پارتىزان مەلىمىزنىڭ ئايىغىغا كېلىپ بىر پاي ئوق چىقاردى. ھېلىقى بۇلاڭچىلار مىلتىق ئاۋازىنى ئاڭلاپلا جېنى چىققۇدەك قورقۇپ، بۇلىغان نەرسىلىرىنى تاشلاپ ئايرۇدۇرومغا قاراپ بەدەر قاچتى. خەلقنىڭ بەزىلىرى: ھەي، ئۇركۇتۇپ قاچۇرۇۋەتكىچە ھەر بىرسىنى بىر توقماق بىلەنلا يىقىتىپ، مىلتىقلىرىنى يىغىۋالساقچۇ دېسە، بەزىلىرى: پارتىزانلار كېلىپ بىزنىڭ مەلىنى ساقلىمايدىغان بولسا، بۇ ئۇششۇك ھەرىلەر يوپۇرۇلۇپ چىقىپ، ئوچىنى بىزدىن ئالىدىغان ئوخشايدۇ ـ جۇمۇ! دەپ بېشىنى چايقىشاتتى.

دېگەنىدەك ئىش بولدى، ئەتىسى چۈشكە يېقىن: «گومىنداڭ ئەسكەرلىرى بېسىپ كېلىۋاتىدۇ» دېگەن ئەنسىز خەۋەرلەر تارقالدى. كوچىدىكى كىشىلەر ئۆيلىرىگە قاراپ يۈگرىدى، خوشال ـ خورام ئويناۋاتقان بالىلارمۇ سادىن قاچقان چۈجىلەردەك غايىپ بولدى. بىردەمنىڭ ئىچىدىلا پۈتۈن مەلە سۈرلۈك جىمجىتلىققا چۆمدى. كىشىلەر ئەندىشە ۋە غەزەپ بىلەن ئىشىكلەرنىڭ يوچۇغىدىن مارىشىپ، ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى كۈتەتتى.

گومىنداڭ ئەسكەرلىرى بارغانسېرى يېقىنلىشىپ، ئاچ بۆرىدەك ئوزىنى ئۇرۇپ بىر قىسمى مەلىگە كىرىشكىمۇ باشلىدى. «تاڭ» قىلغان بىرىنچى پاي ئوق ئاۋازى بىلەن تەڭ، ھەر تەرەپتىن مىلتىقلار سايراپ كەتتى. يول ياقىسىدىكى باغلارنىڭ قورۇق تاملىرىنى دالدا قىلىپ، ئاللىقاچان تەييارلىنىپ تۇرغان پارتىزانلار دۈشمەن ئۈستىگە ئەجەل ئوقلىرىنى ياغدۇرۇۋەتكەن ئىدى. ئويۇقسىز تورغا چۈشكەن گومىنداڭ ئەسكەرلىرى پاقىدەك يەرگە چاپلىشىۋېلىپ، ئۇدۇل كەلگەن تەرەپكە قارىتىپ ئوق چىقارغىلى تۇردى. بىردەمنىڭ ئىچىدە بىر قانچىسى يەر چىشلىدى .....

بۇلاڭچىلار ئولۇكلىرىنى تاشلاپ، پايىپېتەك بولۇشۇپ قاچقان چاغدا، مەلە خەلقى كوچىلارغا چىقىپ، چۇقان ـ سورەن قىلىپ غەلىبىنى تەبرىكلەشتى، بىر قانچىسى پارتىزانلارغا قوشۇلۇپ، قالغان دۈشمەنلەرنى سۈرۈپ ـ توقايلىتىپ ئۆگىسىغا كىرگۈزۈۋەتتى.

3

تاڭ سەھەرنىڭ تاتلىق ئۇيقىسىدا ياتاتتۇق، تالادىكى ۋاڭ ـ چۇڭدىن ھەممىمىز ئويغىنىپ كەتتۇق.

— يەنە نىمە ئەنسىزچىلىكتۇخۇدايىم؟ ـ دېدى ئاپام لامپىنى يېقىۋېتىپ، ـ ھېلىقى ئالۋاستىلار يەنە كېلىپ قالدىمۇ ـ يە؟!...

ھويلىدا خوشنىمىزنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

— خوشخەۋەر! گومىنداڭلار ھەرەمباغنى تاشلاپ قېچىپتۇ.

كىيىمىنى ئالدىراپ كىيدىمدە، بېلىمنى باغلاپ تالاغا ئوزەمنى ئاتتىم. خەلق زەھەردەك سوققا قارىماي، ئۆلگۈرگەنلەر ئېتىنى ئىگەرلەپ، ئالدىرىغانلار ياۋىداق مىنىپ ھەرەمباغ تەرەپكە قاراپ سالدۇرۇپ كېتىۋېتىپتۇ. مەن پىيادە يۈگرىشىپ كېتىپ بارغان توپنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتىم.

بىز يېتىپ كەلگەن چاغدا ھەرەمباغ گازارمىسى ئاللىقاچان ئادەملەر بىلەن تولغان ئىكەن. كىرىپلا يۈرىكىم جىغىغىدە قىلدى. پۈتۈن ئەتراپ خارابىلىققا ئايلىنىپتۇ.

گومىنداڭ چېرىكلىرى ئوت قويۇۋېتىپ قاچقان
ئۆيلەردىن ئاچچىق ئىس ـ تۈتەكلەر كۆتۈ ـ
رىلىپ تۇرۇپتۇ. ئەتراپتا ئومۇچۇك تورىدەك
ھەر تەرەپكە تارتىلغان خەندەكلەر، ئات ـ ئۇ ـ
لاقلارنىڭ ئۇستىخانلىرى ، قالايمىقان تاشلان ـ
غان ياغاچ ـ تاش، تومۇر ـ تەسەك دۆۋىلىرى
كوزگە تاشلىنىپ تۇرۇپتۇ ....

بىللە كىرگەن بىر نەچچىمىز ئۆيەر ـ
بۇيەرنى ئارىلىدۇق. بەزىلەرخوشاللىقتىن ھۇر ـ
را توۋلاپ تەنتەنە قىلدى. بەزىلەر بۇ يەر ـ
دىكى ئېچىنىشلىق ئەھۋاللارنى كورۇپ كوز
يېشى قىلدى. بەزى جايلارنى قوغداپ ئەس ـ
كەرلەر پوستا تۇراتتى. يۇگرەپ بىر توپنىڭ
يېنىغا باردىم. يائاللا، نىمىدىگەن دەھشەت!
ئىككى كوكسى كېسىپ تاشلانغان قىپيالىڭاچ
بىر ئايال قانغا مىلىنىپ يېتىپتۇ. ئۇ يەردىن
ئىككىنچى بىر توپقا باردۇق، ئۇ يەردە كوزلى ـ
رى ئويۇلغان ، تىللىرى كېسىلگەن جەسەتلەر
يېتىپتۇ.

ــ ئادەم بالىسى مۇنداق ۋەھشىلىكنى
كورمىگەن بولغىدى ، ـ دىدى يېنىمىزدا تۇر ـ
غان بىر كىشى غەزەپ بىلەن.

چېچىغا ئاق سانچىغان، ئەلەمدىن بېلى
مۇكچەيگەن بىر ئايالنىڭ يىغىسىغا ھەممى ـ
مىز چىداپ تۇرالمىدۇق.

ــ جېنىم بالام ، ـ دەپ بوزلايتتى بې ـ
چارە ئايال، ـ قانچىلىك ئازاپتا جان ئۇزگەن ـ
سەن. قاراڭلار، خالايىق! بۇ قانخورلار ئويۇم ـ
گە ئوت قويدى، نەۋرەمنى نەيزە سانچىپ ئول ـ
تۇردى، مېلىمنى بۇلىدى، بۇ بالامنى تۇتۇپ
كېتىپ ....

ئايال سوزلىيەلمەي قالدى. ئۇزىنى
بالىسىنىڭ ئۇستىگە تاشلىۋەتتى ... ھېلىقى
بالىنىڭ پۇت ـ قولى كېسىپ تاشلانغان، بە ـ
دەنلىرى بىر نەچچە يەردىن داغلانغان ئىدى.

ــ ۋەھشىلىك بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق بول ـ
ماس !

ــ قېچىشىنىڭ ئالدىدا قىيناپ ئولتۇ ـ
رۇپتۇ ـ دە، بىچارىنى ....

ــ قانغا قان، جانغا جان ئالىمىز !

غەزەپ ئوتى سەپەرۋەرلىك بۇيرۇغى
بولدى. نەچچە يۇزلىگەن پىدائىلار دۇشمەن
قاچقان تەرەپكە ــ پىلىچى غولىغا قاراپ ئات
سالدى.

4

گومىنداڭ تەرەپ بىلەن 3 ۋىلايەت تەرەپ
ئوتتۇرىسىدا كېلىشكەن كېلىشىمگە ئاساسەن،
ماناس دەرياسىنىڭ ئۇ تەرىپىدە گومىنداڭ
ئەسكەرلىرى، بۇ تەرىپىدە 3 ۋىلايەت ئەسكەر ـ
لىرى بىر ـ بىرىگە قارىمۇ ـ قارشى سەپ
تۇزۇپ تۇرغان ۋەزىيەت شەكىللەنگەن ئىدى.
ماناس دەرياسى ئوتتۇرىدا چېگرا بولۇپ قال ـ
دى. بىزنىڭ قىسىم بىر مەزگىل ماناس دەر ـ
ياسىنىڭ شىخەنزە رايونى تەۋەسىدىكى بولە ـ
گىنى ساقلاشقا مەسئۇل بولدى.

ماناس دەرياسىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى
دىخانلار بۇرۇندىن ماناس دەرياسىنىڭ بىر
قىسىم سۇيىنى يۇقۇرى تاغ تەرەپتىن باغلاپ،
ئىككى تەرەپكە باشلاپ دىخانچىلىق قىلىپ
كەلگەن ئىدى. ماناس دەرياسى چېگرا بولۇپ
قالغاندىن كېيىنمۇ، بۇ ئەنئەنە يەنە شۇ پېتى
داۋاملاشتى. ماناس كوۋرۇكىدە تۇرغان ھەر
ئىككى تەرەپنىڭ قاراۋۇللىرى قىش كۇنلىرى
بىر كاچكولدىن سۇ ئىچەتتۇق. ئات سۇغارغى ـ
لى ياكى ئىچىدىغانغا سۇ ئالغىلى ھەر ئىككى
تەرەپنىڭ ئادەملىرى دەريا ئىچىگە تەڭلا چۇ ـ

شۇپ قالغان چاغلاردا بولسا، گومىنداڭ چېرىكلىرى كەينىگە قاراپ بەدەر قاچاتتى، بىز سۇ ئېلىپ ياكى ئاتلارنى سۇغىرىپ بولۇپ قايتىپ چىققاندىن كېيىن، ئاندىن ئۇلار ئاستا دەرياغا چۈشەتتى.

دەريا ياقىلاپ ساق يەرنى قويماي، تۈلۈم چاشقانغا ئوخشاش يەرنى كولاپ بېكىنىۋالغان گومىنداڭ چېرىكلىرى ئۆز ئايىغىدىن چوچۇپ، ئارامخۇدا ئۇخلىيالماي كېچىچە قالايمىقان ئوق ئېتىپ چىقاتتى. بۇنداق چاغلاردا، بىز بۇ تەرەپتە كۆلتۈك قارغا كومۇلۇۋېلىپ، بېشىمىزنى چىقىرىپ قويۇپ ئۇلارنىڭ تاماشىسىنى كۆرۈپ جىم ياتاتتۇق. لېكىن ماناس دەرياسىنىڭ تاغ ئىچىدىن ئاقىدىغان جايلىرىدا، ياكى بىزنىڭ ئەسكەرلەر ئانچە بارمايدىغان خىلۋەت جايلاردا بولسا، دۈشمەن پۇرسەت تاپسىلا پاراكەندىچىلىك، بۇزغۇنچىلىق قىلاتتى.

1948 ـ يىلى 5 ـ ئاي مەزگىللىرى، سۇنىڭ راسا دورا ۋاقتى ئىدى. شىخەنزە رايونلۇق ساقچىنىڭ بىر خادىمى بىلەن دېخانلاردىن ئىسمايىل ئاخۇن دېگەن بىر كىشى سۇنى ئۆلغايتىپ كېلىش ئۈچۈن (شۇ چاغلاردا قەستەن بىرەر چاتاق چىقىرىش ئۈچۈن، گومىنداڭچىلار پات ـ پاتلا، بىز تەرەپكە ئاقىدىغان سۇنى توسۇپ قوياتتى) ئۆستەڭنىڭ بېشىغا بېرىپ دەرياغا چۈشۈشىگە،گومىنداڭ چېرىكلىرىدىن 40 ـ 50 ى قوراللىرىنى شاراقلىتىپ قورشاپ كېلىپلا، ھېلىقى 2 ئادەمنى تۇتۇپ كېتىپتۇ. يېقىن ئەتراپتا ئىشلەۋاتقان بىر دېخان بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، دەرھال بىز تەرەپكە خەۋەر قىلدى. بىزنىڭ ئەسكەرلىرىمىزدىن بىر پەي كىشى شۇ ھامان دەريا بويىغا بېرىپ، مىلتىقلىرىمىزنى گومىنداڭ تەرەپكە تەڭلەپ سەپ تۈزۈپ ياتتۇق ۋە ئۇلاردىن بىزنىڭ ئادەملىرىمىزنى دەرھال چىقىرىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدۇق، ئەگەر چىقىرىپ بەرمىسە، پۈتۈن سەپ بويىچە ھۇجۇم باشلايمىز، دەپ ئاگاھلاندۇردۇق. ھايال ئۆتمەي، بىزنىڭ ئادەملىرىمىزنى چىقىرىپ بەردى. سورۇن تېلەت بىر چېرىك كېلىپ، بىزدىن «ئەپۇ سورىغان» بولدى ......

چاغلىماي شىلتىڭ ئاتقان دۈشمەن مات بولدى، شۇنىڭدىن كېيىن، بىز تەرەپكە ئاقىدىغان سۇنىمۇ توسمايدىغان بولدى.

5

دەريا ياقىسىدىكى مەلۇم ئارىلىقنى چارلاپ كۆزىتىش نوۋىتى بىر كۈنى كېچىسى مۇقان ئىككىمىزگە كەلگەن ئىكەن، ئىككىمىز ئاتنىڭ تۇشۋاغلىرىنى چىڭ تارتىپ، ئوق ـ ياراقلىرىمىزنى تەخلەپ، دەريا بويىنى ياقىلاپ ماڭدۇق. بەزىدە چاتقاللار ئارىسىدىكى چىغىر يوللاردا ئاتتىن چۈشۈپ، يەرگە قۇلىقىمىزنى يېقىپ، بىرەر غەيرى ئاۋازنىڭ بار ـ يوقلىقىنى تىڭشايتتۇق. بەزىدە ئاتنىڭ تۇيىقىدىن قاتتىقراق ئاۋاز چىقىپ كېتىشىدىنمۇ ئېھتىيات قىلىپ، ئاستا ماڭاتتۇق. بەزىدە، ئۇشتۇمتۇتلا ئايىغىمىز ئاستىدىن قىرغاۋۇللار پالاقلاپ ئۇچۇپ، ئاتلىرىمىزنى ئۈركىتىۋېتەتتى. يېقىنلا بىر يەرلەردە ياۋا چوشقىلارنىڭ خارتىلدىغان ئاۋازى ئاڭلىناتتى.

تاڭ سۈزۈلۈپ، ئەتراپ گىرىمسەن كۆرۈنۈشكە باشلىغان چاغ ئىدى. ئىككىمىز قاتارلىشىپ چىغىر يول بىلەن ئاستا كېتىپ باراتتۇق. تۇيۇقسىزدىن ئاستىمىزدىكى ئات توختاپ قۇلاقلىرىنى دىڭگايتىپ، خارتىلدىغلى تۇردى. بىز دەرھال ئاتتىن چۈشۈپ، ئەتراپقا زەڭ سې

لىشقا باشلىدۇق. بىز بىر تۇرۇپ: يەنە ياۋا چوشقا پادىسىغا يولۇقۇپ قالغان ئوخشايمىز، دەپ ئويلىدۇق. چۈنكى، دەريا بويى بۈككىدە چاتقاللىق، قومۇچلۇق بولغاچقا، ياۋا چوشقا كوپ ئىدى. ئەمما، شۇنداقمىكىن دەيلى دىسەك، ھېچبىر شالدىرلىغان، ياكى خارتىلدىغان ئاۋاز يوق. بىر تۇرۇپ: گومىنداڭچىلار يەنە ئىتلىرىدىن بىرەرسىنى ئەۋەتكەن ئوخشايدۇ، ئۇنداقتا، تېخىمۇ ياخشى، ئۇنى قولغا چۈشۈرۈش بىز ئۈچۈن بىر غەنىمەت، دەپ ئويلىدۇق. دىگەندەك، كېيىنكى ئويىمىز توغرا چىقىپ قالدى: بىزدىن 10 ماڭدام نېرىدىلا بىر نەچچە تال قومۇچنىڭ مىدىرلاۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالدۇق. دۈشمەن تېخىمۇ ئىچكىرىرەك يوشۇرۇنۇشنى پەملىگەن بولسا كېرەك، قومۇچلارنى شالدىرلىتىپ، ئورۇن يوتكىگەندەك بولدى.

— قوزغالما! مىدىرلىساڭ ئاتىمەن، — بۇيرۇق ئاھاڭىدا قاتتىق ۋاقىرىدىم. قومۇچلۇق جىمجىت بولۇپ قالدى. ئىككىمىز بىر - بىرىمىزگە قارىشىۋالدۇق. ئىستووۇلنىڭ ئاغزىنى شەپە چىققان جايغا ئۇدۇللاپ، مىلتىقلىرىمىزنى بەتلەپ تۇردۇق.

— تۇر ئورنىڭدىن! كوتەر قولۇڭنى! — دەپ ھەمرىيىممۇ دەرھال ۋاقىرىدى. ئادەم يېتىۋالسا ئارانلا چوككىدەك پاكار قومۇچلۇق ئىچىدىن ئاۋال بىر ئادەمنىڭ ئىككى قولى كورۇندى، ئاندىن بېشى كورۇنۇپ،ئاستا ئورنىدىن تۇردى.

ئىككىمىز مىلتىقلىرىمىزنى تەڭلىگەن پېتى ئۇنىڭغا يېقىنلاپ باردۇق. ھەمرىيىم: مىدىرلىما! دەپ، مىلتىقنى تەڭلەپ تۇردى. مەن بېرىپ ئاۋال ئۇنىڭ كوزىنى تاڭدىم، ئاندىن قولىنى ئارقىسىغا قىلىپ مەھكەم باغلىدىم. بىز ئۇنى ئاتقا مىنگەشتۈرۈپ ئېلىپ بېرىپ، تېزلىكتە ئورۇنغا تاپشۇردۇق. كېيىن ئۇقۇشىمىزچە، ھېلىقى ئەبلەخ گومىنداڭ جاللاتلىرىنىڭ تاپشۇرۇغى بويىچە، بىز تەرەپكە ئوتكەن ئىشپىيون ئىكەن. «ئوغرىنىڭ يۈرىگى پوك - پوك» دىگەندەك، كېچىچە دەريا ياقىسىدا دەككە - دۈككىدە يۈرۈپ، تاڭغا يېقىنلا چېگرىدىن ئوتكەن ئىكەن.

6

1949 - يىلى يانۋارنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىنىڭ بىرى، جاڭگىرلاپ تۇرغان سوغاق. كېچە ياققان قار تاڭغا يېقىن توختاپ، پۈتۈن ئەتراپ ئاپپاقچىلىققا چۈمكەلگەن ئىدى.

جىددى بېرىلگەن ئۇقتۇرۇش بىلەن تەڭ، ئون نەچچىمىز ئاتلارنى توقۇپ، تەخ بولۇپ تۇردۇق. چېگرا بويىدىكى قاراۋۇلدىن كەلگەن خەۋەرلەرگە قارىغاندا، گومىنداڭ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن باندىتلار ئوغرىلىقچە چېگرىدىن ئوتۇپ، بىز تەرەپتىكى پۇخرالارنىڭ 30 نەچچە ئېتىنى ھايداپ قاچقان ئىكەن. خەۋەرنى ئاڭلاپ: «دۈشمەننىڭ بىر تال مويىمىزغا تېگىشىگىمۇ يول قويمايمىز، ئۇلارنىڭ جاجىسىنى بېرىپ، ئوزىمىزنى تونۇتۇپ قويىمىز» دەپ ئىرادە بىلدۈردۇق.

بىز ۋەزىپىگە ئاتلانغاندا، تېخى تاڭ سۈزۈلمىگەن ئىدى. ھودۇققان دۈشمەن ئاتلارنى ھەيدەپ توقايلىقلاردا بىر نەچچە قېتىم ئوڭتەتۈر ئايلانغاندىن كېيىن، گومىنداڭ تەرەپكە ئوتكۈزۈپ كېتىپتۇ. ئىز قوغلاپ بېرىپ، كۈن ئەندىلا چىقىۋاتقان چاغدا، گومىنداڭ بىلەن بىز تەرەپنىڭ چېگرىسى بولغان ماناس دەرياسىدىن ئوتتۇق. قاتتىق سوغاق، ئاغزى-

بۇرنىمىزدىن چىقىۋاتقان هور ھەممىمىزنى «قار بوۋاي» غا ئوخشىتىپ قويىدى. لېكىن جەڭچىلەر غەزەپ ئوتىدا لاۋۇلداپ ياناتتى.

چەكسىز كەتكەن قۇملۇقتا توپ - توپ ئۆسكەن قىزىل يۇلغۇن، قىيشىيىپ ياتقان سوك - سوك ئوتۇنلىرى، ئۇيەر - بۇيەردە چوخچىيىپ تۇرغان قۇم بارخانلىرىدىن باشقا، ھېچنەرسە كورۇنمەيتتى. ئارىلاپ ئوتۇندچىلار ماڭغان هارۋا يوللىرىنىڭ ئىزناسى ئۇچراپ قالاتتى.

دۈشمەنگە بولغان قەھرى - غەزەپ، خەلقنىڭ مال - مۈلكىنى قوغداش بۇرچىمىزنى ئادا قىلىش ئىستىكى بىلەن باندىتلارنىڭ ئىزىنى يۇتتۇرمەي ئالغا قاراپ قوغلاۋەردۇق. گومىنداڭ جاللاتلىرى ئىگەللەپ ياتقان جۇڭغار ئويمانلىغىنىڭ قۇم دېڭىزى ئىچىدە بىر بۇردا نان يېمەي، بىر يۇتۇم سۇ ئىچمەي، ئاتلارنى دەم ئالدۇرماي بىر كۈن كەچكىچە قوغلىدۇق.

كۈن ئولتۇرۇشقا يېقىن باندىتلارنىڭ قارىسى كورۇندى. ئالغان ئولجىسى بىلەن مەس بولۇپ، ئۇگىسىغا بىخارامان كېتىپ بارغان باندىتلار بىزنىڭ قوغلاپ كېلىۋاتقانلىغىمىزنى كورۇشى بىلەنلا، ئالاقزادە بولۇشۇپ، قىيا-چىيا ۋاقىراپ ئاتلىرىغا قامچا سالغىلى تۇردى. بىزمۇ جىددىيلەشتۇق. ئارىلىغىمىز بارغانسېرى يېقىنلىشىشقا باشلىدى. باندىتلاردىن 5-6 سى ئاتلارنى قوغلاپ ماڭدى، قالغان 10 نەچچىسى ئەپلىك جايلارغا موكۇنۇۋېلىپ، بىزگە قارىتىپ ئوق چىقارغىلى تۇردى. قىسقا جەڭ باشلاندى. باندىتلار بىردەم ئېتىشىپ، بىردەم چېكىنىپ، ئامال قىلىپ ئاتلارنى ئېلىپ قېچىشنىڭ كويىدا بولدى. بىزمۇ بارغانسېرى شىپقاپ، دۈشمەننىڭ 2 - 3 ئېتىنى موللاق ئاتقۇزدۇق. ئۇلار ئولگەن ئاتلىرىنى تاشلاپ، يېتىلەۋالغان زاپاس ئاتلىرىنى مىنىپ يەنە قاچتى. بىز ئۇلارغا ئارام بەرمەي قوغلاپ، خېلى يېقىنلىشىپ قالدۇق. بۇ چاغدا كۈن ئولتۇرۇپ، يەرجاھاننى قاراڭغۇلۇق قاپلاشقا باشلىغان ئىدى. ئاخىرى، ئوزلىرىنى قۇتقۇزۇشنىڭ قايغۇسىغا چۈشۈپ قالغان باندىتلار ئاتلارنى تاشلاپ، كېچە قاراڭغۇسىدىن پايدىلىنىپ، يارلىقلارنى دالدا قىلىپ قۇيرىغىنى تىكىۋەتتى. 30 نەچچە ئاتنىڭ بىرسىنىمۇ زايە قىلماي قولغا چۈشۈردۇق. قۇم دېڭىزى ئىچىدە يەنە كېچىچە يول مېڭىپ، ئەتىسى ئەتىگەنلىگى سائەت 8 لەر بىلەن ماناس دەرياسىدىن ئوتۇپ، ئاتلارنى ئوز ئىگىلىرىگە تاپشۇردۇق.

# يۇرت ئوغلى

(داستان)

(مەرھۇم ئەخمەتجان قاسىمىغا ھورمەت بىلەن بېغىشلايمەن)

ئابدۇكېرىم مەخسۇت

---

## مۇقەددىمە

ئانا يۇرت، تارىخىڭنىڭ ھەر قۇرىدا،
ئەجداتلار قىسسىلىرى تۇرار چاقناپ.
ئانا يۇرت، سېنىڭ قۇتلۇق قۇچىغىڭدا،
ياتىدۇ قانچە مەرتلەر تىنىچ ئۇخلاپ.

ئەجداتلار ئارزۇسىنى كۆلدۈرۈشكە،
ئەۋلاتلار قىلدى تالاي قانلىق ئىسيان.
ئانا يۇرت، سىڭسە ساڭا قىزىل قانلار،
يالىلداپ تۇردى ئۇچمەي ئارزۇ - ئارمان.

ئانا يۇرت، ساڭا باقسام قىلىپ تازىم،
ئەجدادىم سوئال بىلەن كوتەردى باش.
(قەلبىدە يانار ئارمان گۈلخانلىرى،
كوزىدە كورۇنمەيدۇ بىر زەررە ياش.)

بۇ سوئال ۋۇجۇدۇمدا ياندۇردى ئوت،
جىسمىمنى تۇمەن قۇياش قىلدىماكان.

ئەي ساقى، ئۇزات ماڭا بىر كاسامەي،
ئىلھامىنىڭ پەرىسىگە بىرەر ئىمكان.

بەس بۇلبۇل، ۋاقتى يەتتى كۈي كۈيلەشنىڭ،
بىر قىسسە پەزىلەتتىن قىلغىن بايان.
ئارزۇنىڭ يۈكسەكلىكى ياخشى خىسلەت،
قەلىمنىڭ ئاجىزلىغى ئەلگە ئايان.

مۇشەققەت كارۋان ئۇچۇن بولسا شاتلىق،
مەنزىلى ئاڭا قوچاق ئاچمامدىكەن.
قەلىمنىڭ ئاجىز بولسا قىلما ۋايىم،
يۈرىگىنىڭ بىر زەررە نۇر چاچمامدىكەن.

بۇ ئۇمىت بولدى ماڭا ئالتۇن قانات،
يۇرت ئوغلى قىسسىسىنى باشلاي دىدىم.
ئەجرىمگە لايىق مىۋە بولار جەزمەن،
ئەندىشە غەمنى نېرى تاشلاي دىدىم.

## بىرىنچى باپ

### ئەينەكچى

كوچىلار - كوچىلارغا تۇتىشىدۇ،
ئۇزىدۇ ئاتلار پاتقاق دەرياسىدا.

ئۇزىدۇ كوكتە سۇررەڭ بۇلۇت ئاستا،
بۇ شەھەر ياتار ئەلەم دۇنياسىدا.

تۇرخۇندىن چىققان تۈتۈن پاكار - پاكار
ئوكزىنى يالاپ ئاستا تارىلىدۇ.
كومۇلاچ تام، قاشالارنىڭ ئارقىسىدا
غەزەپتىن تۈمەن خەنجەر يارىلىدۇ.

ئەينەكچى ئارىلايدۇ كوچىلارنى،
بېشىدا كونىرىغان دوپپىسى بار.
قاپقارا بۇرۇت ئاڭا قوشقان ھوسۇن،
بېلىدە قارا لەمبۇك پوتىسى بار.

چوڭلارغا سالام بىجا ئەيلەپ ھەر ئان،
تۇققاندەك مۇڭدىشىدۇ يول ئۈستىدە.
يۈزىدە تەبەسسۇمنىڭ قىيانى بار،
ئۇلغىيار ئاڭا ھورمەت يۇرت كوكسىدە.

باللار ئەتراپىغا توپلىنىدۇ،
تىڭلايدۇ ئەينەكچىنىڭ چوچىكىنى.
بېشىنى سىلاپ، قىزىق گەپكە سالار،
ئارىدا كۈلۈپ تۇرغان كىچىكىنى.

ئەينەكچى كەلسە قايسى مەھەللىگە،
چاقنايدۇ ئۈمىت - تىلەك چولپانلىرى.
ئەينەكچى گەپلىرىدىن كوڭۈللەردە،
زامانغا يانار غەزەپ گۈلخانلىرى.

X X

تالادا پېشىن ۋاقتى بولسا ئويىنى—
نامازشام گۈگۈملىرى بېسىپ تۇرار.
پەنجىرە كوزلىرىدە توقۇم قەغەز،
قۇياشنىڭ نۇرلىرىنى توسۇپ تۇرار.

بىز تەشنا خۇددى مەشۇت تالاسىدەك،
قۇياشنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئاققان نۇرغا.
تۇتىدۇ پەرۋانىلەر بۇندا ھازا،
ئۆچىدۇ چىراق ئىسى بۇرغا - بۇرغا.

غۇلجىنىڭ يېغىنگەرلىك كۈز كۈنلىرى،
ئويىمىز ئايلىنىدۇ خۇددى گورگە.

قىينىسا جاننى كۈزنىڭ ئاچچىق سوغى،
تەنلەرنى تالار زەيدە تۈمەن بۇرگە.

كۈن چۈشسە بۇ كۈنلەرمۇ بولماس ئىدى،
دەپ قاخشار ئەلەم بىلەن ئانام بەزەن.
قويساقچۇ بىزمۇ ئەينەك ھېيتەملەردەك،
دەيتتىم - دە، يالۋۇراتتىم ئاتامغا مەن.

تىكەتتى ئاتام غەمدىن كوزلىرىنى،
ئۇھ تارتىپ، ئۇزاقلارغا، ئارمان بىلەن.
تۈيۈقسىز كۈز يامغۇرى توكتۇەتتى،
چېقىلدى چاقماق، ئاڭا باقتىم زوقمەن.

بېشىمنى سىلاپ تۇرۇپ دىدى ئاتام:
بىزگىمۇ يۇرۇق تاڭلار كۈلەر بىر كۈن.
„ئەسسالام!....» كىرىپ كەلدى ئويگەبىركىم،
(سۇ ئىدى مېھماننىڭ باش- ئۈستى پۈتۈن).

خۇشچىراي، ئوي تورىدىن كورسەتتى جاي
قەدىناس تونىشىدەك ئاتام ئاڭا،
ئەينەكچى ئوي تورىگە ئوتتى شۇئان،
ئادەتنى بىجا ئەيلەپ قىلدى دۇئا.

مانتىدا مەڭگەن قالار ئانام غەمكىن،
باشلاندى ئويىمىزدە قىزغىن سوھبەت.
(چېلەكلەپ توكىلىدۇ سىرتتا يامغۇر،
كوڭۈلگە گۈلدۈرماما سالار دەھشەت).

يوقسىزلىق قۇرۇپ كەتسۇن، دىسە ئاتام،
ئەينەكچى باش لىڭشىتىپ كۈلۈپ قويدى.
يوقسىزلىق يىلتىزىغا پالتا ئۇرماي،
ئوزىچە قۇرۇپ كەتمەس، ئاكا دىدى.

ئەينەكچى ئولچەپ پەنجىر كوزلىرىنى،
ئۈچ كوزنىڭ قەغىزىنى يىرتىۋەتتى.
„بۇ نىمە قىلغانلىرى، مەندە پۇل يوق،
يىرتمىسىلا پەنجىرىنى»— ئاتام دەيتتى.

«پۇل دىگەن تېپىلىدۇ جان بولسىلا،
هازىرچە پۇل گېپىنى قويۇپ تۇرۇڭ.
يامغۇردىن كېيىن قۇياش توكىدۇ نۇر،
ئۈچ كوزدىن بولسىمۇ نۇر كورۇپ تۇرۇڭ.»

ئەينەكچى باشلىۋەتتى ئىشنى بىردىن،
ئەينەكنى كەستى شۇئان ئالماس بىلەن.
بۇ قىزىق كارامەتكە ھەيران بولۇپ،
ئەينەكچى ئەتراپىدىن كەتمىدىم مەن.

«ئېيتقىنا قوزام، سېنىڭ ئىسمىڭ نىمە؟»—
دىدى ئۇ مېنى سويۇپ ئەركىلىتىپ.
«ئادىلجان»— دىدىم مەنمۇ يىتىرقىماي،
كوڭلۇمدە ئاتام كەبى يېقىن بىلىپ.

ئەينەكچى كۆلۈمسىرەپ باقتى ماڭا،
«ئەقىللىق زىرەك بالا ئىكەن بۇ» دەپ.
مەن ئۇنى پەرۋانىدەك ئەگىپ يۈردۈم،
ماڭىمۇ ئەينەك كېسىپ بىيەمشەن» دەپ.

«چوڭ بولساڭ كىم بولسەن ئېيتىپ باقە؟»—
دىدى ئۇ زاماسكىنى پىلتە قىلغاچ.
«ئەپەندىم بويىمەن» دەپ بەردىم جاۋاپ،
باغرىغا باستى مېنى ئاتام ئوخشاش.

سويدى ئۇ ماڭلىيىمدىن مېھرى بىلەن،
بېشىدىن ئىگىز چورۇپ تۇتۇۋالدى.
«ئاپىرىن! نىيىتىڭگە يەتكىن قوزام،
سوزلىرىڭ يۈرىگىمنى ئۇتىۋالدى.»

دىدى-دە، كېسىپ بەردى ماڭا ئەينەك،
شاتلىقتىن بېشىم كوككە يەتتى مېنىڭ.
ئارزۇيۇم خۇددى باھار قالغىچىدەك،
شوخلىنىپ كوكتە پەرۋاز ئەتتى مېنىڭ.

ئەينەكچى دىدى: ئاكا بالىڭىزنى،
ئوقۇتۇڭ، مۇشكۇلگە سىز قىلىپ ئامال.
نادانلىق نادامەتنىڭ بوشىگىدۇر،
مەرىپەت بىلەن يوقسۇل تاپار كامال.

قاشقالىق پېشانىگە پۈتۈلمىگەن،
تەغدىرىم شۇنداق مېنىڭ، دىمەڭ ھەرگىز.
مۇشتۇمنىڭ قۇدرىتىنى بىلىسىزغۇ؟!
ئوملۇك ھەم بىلىم بىلەن چېچەكلەيمىز.

× ×

توختىدى يامغۇر كوكتە ئۇزەر بۇلۇت،
ئەينەكچى چىقىپ كەتتى، سوزى قالدى.
ھەسرەتنىڭ پەردىلىرى توسقان كوزدە،
ئۈمىتنىڭ چولپانلىرى كۆلۈپ ياندى.

كۆن نۇرى چۆشمەس ئەشۇ پەنجىرىدە،
ئۈچ كوزنەك تاڭ نۇرىنى قىلدى ئايان.
ئۈچ كوزنىڭ ھېكمىتى شۇ ئەينەكچىنىڭ،
ئاجايىپ خىسلىتىنى ئەيلەر بايان.

ئاخشىمى غۇۋا چىراق يورۇغىدا،
خوشنىلار سوھبەت قۇرار ئويىمىزدە.
ئوتمەيدۇ ھېچبىر سوھبەت ئەينەكچىنىڭ-
خىسلىتى قوشۇلماستىن سوزىمىزگە.

ئۇ كەتتى ھويلىمىزدىن، لېكىن دىلغا،
شەپقەتىنىڭ كەۋسىرىنى قويۇپ كەتتى.
ھەر سوزى مېنىڭ ئارزۇ - ئۈمىدىمگە،
ئەبەتكە تالماس قانات بەخش ئەتتى.

## ئىككىنچى باپ

## سالچىلار ئارىسىدا

غولجىدا باھار پەسلى - چېچەك پەسلى،
شاماللار ئېپار پۇركۇپ ئۇچار ھەر يان.
كاككۇكلار ناۋاسىدىن سويۇنىدۇ،
باھارنىڭ قۇچىغىدا كۆلۈپ ھەر جان.

شوخ ئىلى ئۈنچە چېچىپ ئاقار ئويناپ،
قاسنىغى جىگدىزارلىق، ئالمىزارلىق.
دەرياغا چوككىنىدە تۈمەن يۇلتۇز،
دىلدارى يىگىتكە تۇتار ياغلىق.

قىرغاقتا خىيال سۈرۈپ ئولتۇرسمەن،
كوز ئۈزمەي قۇچاقلاشقان دولقۇنلاردىن.
كوز ئۈزمەي ئەشۇ دولقۇن ۋۇجۇدىدا،
چاقنىغان كۈمۈچ رەڭلىك يالقۇنلاردىن.

شاۋقۇنىدىن تەۋرىنىدۇ كېمە بويى، ①
بەزىدە كاۋاپ ھىدى پۇراپ كېتەر،
گوياكى توسۇن ئاتنەك سۇنى كېسىپ،
قىرغاقتىن كېمە ئاستا ئۈزاپ كېتەر.

سال كېلەر دولقۇن ئارا، يىراقلاردىن-
سالچىلار كۈلكىلىرى ئاڭلىنىدۇ.
بەزىدە ئېيتقان لەرزان ناخشىسىدا،
سالچىنىڭ باتۇرلىغى داڭلىنىدۇ.

„سال كەلدى„دىدى شۇچاغ كىمدۇر بىرى،
خىيالىم يىپلىرىنى ئۈزۈۋەتتى.
بولدىمۇ جىگدىلىكتە قىزىق چاقچاق،
يىگىتلەر پاراققىدە كۈلىۋەتتى.

سال كېلەر دولقۇنلارغا پىسەنت قىلماي،
سالچىلار پالىغىنى ئوينىتىدۇ.
دولقۇنلار ئۈنچە چېچىپ سال ئۈستىگە،
دىللاردا يېڭى تۇيغۇ ئويغىتىدۇ.

سال كېلەر چىمەنزارلىق قىرنى كوزلەپ،
شاقىراپ دولقۇن قىرغا ئۈرۈلىدۇ.
مەرۋايىت تامچىلاردىن چىمەنلەرنىڭ—
كوكسىدە تۈمەن يۇلتۇز تورىلىدۇ.

چىمەنلىك قاشقا كېلىپ توختىدى سال،
باغلاندى قوزۇقلارغا تۇلپار مىسال.
سالچىلار ئارىسىدا تونۇش چىراي،
ئىنتىلدىم، قانات يايدىم شۇڭقار مىسال.

سالچىلار چاقچاقلىشار ئۈنىڭ بىلەن،
بەزىدە قىزغىن سوھبەت قىلار داۋام.
سالچىلار ۋۇجۇدىنى ئەسىر قىلغان،
ئەينەكچى قىلغان ھەر بىر شېرىن كالام.

بېشىدا چوغدەك ئىلى دوپپىسى بار،
پۇشقىغى تىزىغىچە تۈرۈلۈپتۇ.
كىيىمىدىن تېمىپ تۇرار سۇ تامچىسى،
تامچىدىن يېڭى خىسلەت تورىلىپتۇ.

ئۈزگەرگەن پەقەت تۇرقى ئەينەكچىنىڭ،
ماڭلىيى بويلاپ ئەجىن ئىز سىلىپتۇ.
تىكىلدى ماڭا، كۈلدى، سالاملاشتۇق،
بىر قاراپ، كىملىگىمنى ئۇ بىلىپتۇ.

„چوپ - چوڭلا يىگىت بوپسەن قارىغىنا،
ھە، داداڭ، ئاناڭ تېچمۇ - سالامەتمۇ؟
چېچەكلەپ دەۋر بىلەن ئارمانلىرى،
قەلبىنى ئىللىتقاندۇ سائادەتمۇ؟!„

يۈرىكىم غۇسسىسىنى كوز يېشىمدىن،
ئەينەكچى ئۇستامغا مەن ئايان قىلدىم.
ئۇن تىنىسىز باش ئەگدىمەن ئەلەم بىلەن،
ئاتامنىڭ ئارزۇسىنى ئايان قىلدىم،

بىر ھازا جىمجىتلىقتا باقتى ماڭا،
خىيالنىڭ دەرياسىدا ئۈزۈپ كەتتى:
„ئۇ چاغلار زىمىستاننىڭ دەھشىتىدىن،
تۈمەنلەپ گۈل - غۇنچىلار سولۇپ كەتتى„

①كېمە توختايدىغان جاينى كىشىلەر شۇنداق ئاتىشىدۇ.

ئاتامنىڭ ۋەسىيىتىن ئېلىپ ئەسكە،
ئەينەكـنىڭ ھەققىنى مەن تولەي، دىدىم.
ئۇسسۇلۇق ئىچىپ تۇرۇڭ ئويگە كىرىپ،
پۇلنى مەن ئويدىن ئېلىپ بېرەي، دىدىم.

كۇلدى ئۇ، كۇلكىسىدىن تاپتى شىپا،
ئەلەملىك كوڭۇللەرنىڭ جاراھىتى.
كۇلدى ئۇ، كۇلكىسىدىن بولدى ئايان،
ئەينەكچى يۇرىگىنىڭ كارامىتى.

ياشقىنا ئايال كەلدى قېشىمىزغا،
يۇزىدە زەپمۇ ئىللىق كۇلكىسى بار.
ياغلىقتا چىگىپ تۇتقان كورىسىنى،
قولتۇقتا نىمىدۇ بىر بوپىسى بار:

„ئەپەندىم، ئەنسىرىدىم بەكمۇ سىزدىن،
پىكاپتا قايتىپ كېلەر دىگەن ئىدىم.
سال بىلەن كەتتى، دىدى، تۇرالمىدىم،
قىرغاقتا مۇشۇ يەردە چىقار، دىدىم.

تاماقنى ئالدىم ئويدە ئولتۇرالماي،
بۇ يەرگە يېتىپ كەلدىم، تاپتىم ئارام.
ھېلىمۇ ساق، سالامەت يېتىپ كەپسىز،
بولامدۇ رەھبەر بۇنچە بولسا قارام."

„ئەپەندىم!..." باقتۇق ھەممە ھاياجاندا،
كوزلەردىن ئىسسىق ياشلار تېمىپ كەتتى.
„ئەپەندىم!..." قەلبىمىزنىڭ ئاسمىنىدا،
ھورمەتنىڭ يۇلتۇزلىرى يېنىپ كەتتى.

× ×

سالچىلار ئوگى تۇگۇل چۇشىدە ھەم،
كورمىگەن رەھبەر سالدا يۇرگىنىنى.
خەتەرلىك ئەگمىلەردىن ئەپچىلگىنە،
ئەگدىتىپ سالنى ئالغا سۇرگىنىنى.

تولغىنىپ ئاقسا ھەيۋەت ئەزىم دەريا،
شاۋقۇندىن يەرۇ-ئاسمان گوكىرەيدۇ.
چوققىدىن پەسكە ئوقتەك ئېتىلغان سۇ،
يۇرەكنى جىغىلدىتىپ ھوكىرەيدۇ.

شۇڭغىدى سال توۋەنگە بۇركۇت مىسال،
سالچىلار ئەنسىرەشتى مېھمىنىدىن.
قاراشتى سۇدىن شۇڭغۇپ چىققىنىدا،
چىققاندۇ يۇرىگى دەپ ئوز قىنىدىن.

ئەپەندىم پىسەنتقىلماي ئۇرۇپ پالاق،
قايناملىق قىستاڭلاردىن ئېشىپ كەلدى.
سوزلىرى چاقچاقلىرى بىلەن دىلغا،
ئېقبالنىڭ نۇرلىرىنى چېچىپ كەلدى.

× ×

تاماقنى ئالدى ئايال قولىدىن ئۇ،
يەشتى - دە، قىلدى تەكلىپ ئولتۇرۇشقا،
( پەيت كەلدى، دىدىم شۇندا ئوز-ئوزەمگە،
قەلبىمگە بىلىم نۇرى تولدۇرۇشقا ).

ئەپەندىم مېھرى بىلەن باقتى ماڭا،
خىيالغا چوكمە، تاماق يېگىن، دىدى.
خوشلاشتى قىسىپ تۇرۇپ قولۇمنى ئۇ،
ھەدەمگە مەندىن سالام دىگىن، دىدى.

ئۇ كەتتى، ۋۇجۇدۇمدا ياندى گۇلخان،
كوز ئۇزمەي ئارقىسىدىن قاراپ قالدىم.
كوزۇمدىن ياش ئۇنچىسى ئاقتى بىردىن،
ئوزەمنى ئاران - ئاران قولغا ئالدىم.

يۇگرىدىم، يۇگرىمىدىم، ئۇچۇپ كەلدىم،
گۇلزارلىق ھويلىمىزغا، قالغاچ مىسال.
ئانامۇ قۇچاق ئاچتى كۇلۇپ شۇئان،
كوز نۇرۇم، تامىغىڭ يە، دىدى خوشال.

ئوتەمدۇ تاماق مېنىڭ گەللىرىمدىن،
بەختلىك ئۇچرىشىشنى قىلماي بايان.
كۇلەتتى كوز ئالدىمدا ئەركىلىنىپ،
گۇلزارلار، ئالمىزارلار - جىمى بوستان.

ئانامنى ئۇلتۇرغۇزدۇم بۇگلۇككە مەن ،
تەمدە ھەشقىپىچەك كۈلۈپ تۇرار.
بىر ھازا گەپكە كەلمەي قالدى تىلىم،
يۈرىكىم ھاياجاندا ئۇرۇپ تۇرار.

ئويلىدىم كېزىنتتىكى سۈرەتنى مەن ،
ئاختۇرۇپ تېپىپ چىقتىم ئوي ئىچىدىن.
تامىغىنىڭ سوۋۇپ قالدى، يىسەڭچۇ، دەپ ،
كوينەر ئانام ماڭا ئىچ - ئىچىدىن.

ئانامغا كورسەتتىم شۇ سۈرەتنى مەن :
— بۇ كىمۇ، ئانا ئوبدان قاراپ باققىن .
— ئەخمەتجان ئەپەندىمغۇ، توۋا بالام ...
— ياق ئانا، تازا زەڭ سېپ قاراپ باققىن!

تېرىكتى ئانام بىر ئاز بولۇپ جىلە:
— ئەخمەتجان ئەپەندىمنى بىلمەيتتىممۇ؟!
شۇ ئادەم قوزغىمىسا ئىنقىلاپنى،
ئاتاڭدەك، ئارمان بىلەن ئولمەيتتىممۇ؟!

— تېرىكمە، خاپا بولما جېنىم ئانا ،
ئېسىڭدە بارمۇ ئەينەك سالغان ئۇستام .
— كوزلىرىم كور بولمامدۇ ئەينەكچىنىڭ،
مېھرىنى ئەجەبا مەن ئۇنتۇپ قالسام .

— ھە بەللى، قارىغىنا سۈرەتكە سەن ،
ئەينەكچى ئۇستام ئوزى ئەمەسمۇ ئۇ .
— قويغىنا بالام بۇنداق چاقچىغىڭنى،
رەھبەرمۇ ئەينەكچىلىك قىلاتتىمۇ ؟ !

سوزلىدىم ئىلى دەريا بويىدا مەن،
سالچىلار ئارىسىدا كورگىنىمنى.
تاماق يەپ رەھبەر بىلەن بىر داسقاندا ،
سوزىدىن ھوزۇر - لەززەت سۈرگىنىمنى .

تىڭشايتتى سوزلىرىمنى، كىرپىك قاقماي ،
سۈرەتكە تەلمۈرگەنچە ئانام شادىمان .
تىڭشايتتى ھەتتا ھەر بىر گۈلۈ - گىيا،
سويۇنۇپ ۋۇجۇدىدىن باغۇ - بوستان.

## ئۈچىنچى باپ

### نودەركام ئالمىسى

بۇ يۇرتنىڭ بېغى تۇگۈل، كوچىسىمۇ،
كومۈلگەن يۇرىغىغا ئالمىلارنىڭ.
بۇ يۇرتنىڭ قۇچاقلىرى گويا جەننەت ،
ھوسنىگە نەدە تەڭداش داللارنىڭ .

ياپراقلار ئارىسىدىن ماراپ كۈلگەن
ئالمىلار يۇلتۇزلارنى ئەسلىتىدۇ.
تەككەندە لىۋىڭ ئالما لەۋلىرىگە،
ۋۇجۇدۇڭ - يۇرىگىڭنى سەگىتىدۇ .

× ×

تەبىئەت كىيگەن چاغدا زەردىن لىباس،
سونۇركام باشلاپ كىردى باققا مېنى.
باغ ئەمەس، خىيالدىكى جەننەت ئوزى،
ئىشقىدا سېلىپ قويدى ئوتقا مېنى .

باش ئېگىپ ئانا يەرنى سويگەن شاختا ،
ئالمىلار لەۋلىرىدىن توكىدۇ بال.
ئالمىلار قاشتېشىدەك جولالىنىپ،
شەپەقنى رەڭگى بىلەن قىلىدۇ لال.

ئېرىقنىڭ بويى چىمەن-گۈل-چېچەكلىك ،
كېپىنەك بەزمە قۇرار چېچەكلەردە.
كاككۇكلار ناۋا ئەيلەپ ئۇزاقلاردىن،
زەپ ئېسىل تويغۇ قوزغار يۈرەكلەردە.

باقمەن ئالمىلارغا، بولۇپ ھەيران،
تەمى ھەم رەڭگى-تۈرقى بەك ئۆزگىچە.
ئەقلىگە ئادەملەرنىڭ ئېيتىپ تەھسىن،
باغ ئارا ياشار بولسام تا ئۆلگىچە.

بىخلىنىپ تىلەكلىرىم، ياشنار جېنىم،
ئارزۇيۇم ياسار چېچەك تۇمانىنى.
تەنلىرىم تۈمەن بۇلاق بولۇپ شۇئان،
سۇغۇرار گۈزەل ئىلھام بوستانىنى.

مۇھتاجمەن، مۇھتاجلىغىم بار ئەزەلدىن،
بىر ئېسىل ماۋزۇغا، گۈل باغلار ئارا.
ھەر ئالما ئېسىل ماۋزۇ بولۇپ شۇئان،
دىلداردەك نازلىق كۈلۈپ باقار ماڭا.

سونۇركام توختىغاندا، بولۇقلىقتىن—
بېشىنى يەرگە ئەككەن شاخ تۇۋىدە؛
قەلبىدىن شاتلىق كۈي ئاقار ئۇنىڭ،
كۆلكىدىن قۇياش پارلاپ جۇپ كوزىدە.

ئۇزاتتى ئالتۇن رەڭلىك ئالمىنى ئۇ:
نودەركام ئالمىسى بۇ، تېتىپ بېقىڭ.
ئالمىنىڭ شەرۋىتىدىن باغۇنىنىڭ،
ئەجرىنىڭ قىممىتىگە يېتىپ بېقىڭ.

نودەركام ئالمىسىنىڭ شەرۋىتىدىن،
تىلىمدىن دەريا - دەريا كۈي توكۈلدى.
كاچلىقتا ئىزلەر ئىدىم يېڭى ماۋزۇ،
ماۋزۇمۇ ناخشا بىلەن تەڭ تېپىلدى.

× • ×

نودەركام كۈلمەي ئۆتتى بۇ جاھاندىن،
ئىچىدىن تۈگەتكەچكە ئەلەم، كۈلپەت.
كورمىدى ھاياتىدا قىلچە خۇۋلۇق،
تەرىدىن باي، غوجام «لار ئىچتى شەرۋەت.

شۇندىمۇ تىن تارتمىدى ھېچ ئىنسانغا،
ئالمىنىڭ تۈۋلىرىدە ئومرى ئۆتتى.

كۈلپەتنىڭ قارى چۈشۈپ باشلىرىغا،
غۇسسىلار ئەجىنلەرنى سىلىپ ئۆتتى.

ئومۇرنىڭ ئالتۇن پەسلى كەتتى قايان
ۋەلېكىن ھايات ئىشقى بەردى چىدام.
پەلەكنىڭ چاقى ئۇنىڭ باش - ئۈستىدە،
زۇلمەتنىڭ سودىسىنى قىلسا داۋام؛

ئالمىغا باققان ھامان غەملەر تۈگەپ،
جىلمىيىپ تاتلىقىنا كۈلەتتى ئۇ.
ئالمىغا ۋۇجۇدىدا بار ئىشقىنى
ئايماي مېھرى بىلەن توكەتتى ئۇ.

تاغلاردىن ئۇچۇپ كەلگەن تۈن شامىلى،
شۇرلار گۈل - چېچەكلەر قۇلىغىغا.
بېشىغا پەرەڭ ياغلىق چىگىپ قىزلار،
كېلىدۇ يېزىمەزنىڭ بۇلىغىغا.

ئالمىنىڭ شاخلىرىدا قىزىغاندا،
نەغمىچى قۇشلارنىڭ شات سوھبەتلىرى.
نودەركام كەپىسىدە چالار دۇتار،
جۇپ تاردىن توكۈلىدۇ كۈلپەتلىرى.

ئەخمەتجان ئەپەندىم ھەم كېلەر باغدا،
زوقلىنىپ ئالمىلارنىڭ پۇرىغىدىن.
دىلىدا ئاقار شاتلىق دەريالىرى،
ناۋاكەش بۇلبۇلنىڭ شوخ قوشىغىدىن.

بۇلبۇلنىڭ ناۋاسىغا بولۇپ تەڭكەش،
تارالدى دۇتار كۈيى باغلار ئارا.
بۇ كۈيلەر ئېلىپ كەتتى خىياللارنى،
ئازاپلىق ۋادىلارغا، داغلار ئارا.

ئەخمەتجان ئەپەندىمۇ تۇرۇپ قالدى،
كەپىنىڭ ئىشىگىدە ئويغا پېتىپ.
كۈگۈمنىڭ پەردىسىگە ئورۇلۇپ باغ،
تەلپۈنەر، شۇرلىشار تاڭغا بېقىپ.

ئەخمەتجان سالام بىلەن كىرىپ كەلدى،
نودەركام يولەپ قويدى دۇتارىنى.
جانلاندى كەپە ئىچى شوخ كۈلكىدىن ،
كۈلكىلەر ئېلىپ كەتتى دىل زارىنى .

پاراڭغا چۈشتى ئۇلار باغ ھەققىدە ،
ئالىمنىڭ خىللىرىنى تەرىپ ئەيلەپ.
ئۇلىدى سوھبەت بىلەن تۈننى تاڭغا ،
سوھبەتتە ئېسىل مىۋە كەشىپ ئەيلەپ .

نودەركام سوھبەت ئارا مېھمىنىغا،
كەلتۈرۈپ چىنىتەخسىدە ئالما قويدى .
تەمىنى تېتىپ بېقىڭ ئالىمنىڭ، دەپ ،
يېنىدىن بەكسىنى ئېلىپ سۇندى.

ئالىمدىن سوز ئېچىلسا، نودەركامنىڭ ـــ
جانلىرى سويۇنەتتى يايراپ شۇئان.
ئەپەندىم بولمەي ئۇنىڭ سوزلىرىنى،
سالاتتى ئاخىرغىچە قۇلاق ھامان.

سوھبەتنىڭ تېمىسى ھېچ يوتكەلمىدى،
ئەپەندىم ئوقۇپ بەردى ئاڭا كىتاپ .
مىچورىن تەلىماتى يۇرىگىگە
ئۇمىت ھەم كامالەتتىن توكتى ئاپتاپ .

ئەپەندىم ئېلىپ كەلگەن بۇ كىتاپنى ،
نودەركام ئۇلمەي ھايات ياشىغاي، دەپ.
(بۇ كىتاپ باغۋەنلەرنىڭ يۇرىگىگە
ئوت ياقار، يېڭىلىقتىن ساۋاق ئەيلەپ .)

ئەپەندىم ئوقۇپ بەردى شۇ كىتاپنى ،
نودەركام يۇرىگىگە يېزىپ ئالدى.
بىر يەرگە تىكىپ بەزەن كوزلىرىنى،
ئۇمىتلىك خىياللارغا پېتىپ قالدى.

× ×

نودەركام توكتى ماڭلاي تەرلىرىنى ،
كوچەتلەر بەردى ئاڭا سويگۇ، ھايات .
ئەپەندىم بەردى ئۇنىڭ ئارزۇسىغا،
قايىرىلماس، ھەمدە تالماس ئۇچقۇر قانات.

كوچەتلەر چېچەك ئاتتى، نودەر ئاكا ،
چېچەكنى چاڭلاشتۇرۇپ كۇلدى خوشال.
بەش باھار ئوتتى شۇنداق، قىلدى ئەجىر،
مىۋىلەر مەي باغلىدى، تاپتى كامال ...

نودەركام ئوچتى بۇندىن ئۇچقۇنسىمان،
مۇقەددەس ئەجرى ئۇنىڭ ياشار ھايات.
نودەركام ئەل بىلەن تەڭ ياشارمىدى ،
ئەخمەتجان ئارزۇسىغا پۇتمەي قانات.

× ×

ۋۇجۇدۇم بولدى گويا ئۇلۇغ گۈلخان ،
ھىسسىياتىم چاچتى شولا ، مىسلى چولپان.
بولاقتا ئايلانغاندا قەلبىم مېنىڭ،
ئىلھامىم ئوركەشلىدى ياساپ قىيان .

تىلىگىم بوستانىدا ئېچىلدى گۈل،
لىۋەن قىز قۇلىغىغا قىستى ئۇنى.
ۋاپىغا يەتكۈزەركەن ھالال ئەمگەك ،
ئىنساننىڭ ھورمىتىنى، غۇرۇرىنى .

تىڭلىدىم نودەركامنىڭ ئالىمىدىن ،
ئەخمەتجان ھەققىدە مەن ئېسىل قىسسە .
بۇ قىسسە ياشار مەڭگۇ ئەل قەلبىدە ،
چىقسىمۇ دەريا ئىزدىن، يۇلتۇز كوچسە .

## توتىنچى باپ

### يولدا

بۇ يوللار قەدىم يوللار، ئۇزۇن يوللار،
ئەجداتلار قەدەم ئىزى تۇرار چاقناپ.
بۇ يولنىڭ ئەگىم - ئەگىم داۋىنى بار،
تۇرىدۇ داۋانلارنى تۇمان قاپلاپ.

بۇ يوللار باغۇ - بوستان، چىمەنزارلىق ،
پۈركىيدۇ ۋۇجۇدىدىن ئەترە، ئىپار .
بۇ يولدا زىمىستانغا قىلماي پىسەنت ،
نەسەپنىڭ كارۋانلىرى كېلەر قاتار.

بۇ يولنىڭ ھەر تال تېشى، گۈل، گىياسى،
تارىخى قىسسەلەرنىڭ ۋارىغىدۇر.
بۇ يولنىڭ داۋانلىرى، ئۆتەڭلىرى،
ئەجدادلار ئارمىنىنىڭ راۋىغىدۇر.

بۇ يولدا كېلەر ئەنە شامالدىن تېز،
ماشىنا سىگنال بىلەن ئېشىپ داۋان .
( ئىرگۈلۈ بېسىپ ئۆتكەن ئەشۇ يولدا ،
ئۇچىدۇ ماشىنىلار قاتار راۋان).

شوپۇرنىڭ قولى رولدا، كوزى يولدا ،
كېلىدۇ ئىلان ئىزى يوللار بىلەن.
چاقنايدۇ قار ئۈستىدە تۇمەن يۇلتۇز،
كۆلگەندەك باھار پەسلى رەڭدار چىمەن .

كابىنكا ئىچرە قىزغىن سوھبەت ئاقار،
كۆلكىلەر ساداسى بار تاغ - تېشىدا.
«سەپەردە سەپەرداشلار بولار تۇققان» ،
دەر ئىدى ئەخمەتجان ھەم گەپ بېشىدا .

غەرىپۇللا ئېيتىپ تەستىق ئۇنىڭسوزىنى،
گەپ قاتتى: «جاپا - راھەت بولارئورتاق،»
ئۇنتۇلماس سەپەردىكى قىزغىن سوھبەت،
'سەپەرداش بولسا گەپچى، سەپەر قوۋناق .

ئۇنچىقماس شوپۇر، لېكىن يۇرىكىدە،
بۇ ئاددى پاراڭلاردىن لەززەت ئالار .
كابىنكا ئىچى تولغان كۆلكە بىلەن،
كۆلكىلەر ۋادىلاردا ياڭراپ قالار.

ئەپەندىم تاتارچىنى سوزلىگەندە،
غەرىپۇللا يۇرىكىدىن بولار قايىل .
غەرىپۇللا ھەۋەس بىلەن جىرلىغاندا ،
ئۇزاتتى قول سىلكىشىپ گۇلدار ساھىل.

ئەخمەتجان يۇرىكىدە يانار ئارمان ،
بولسىمۇ تۇمەن تاغدەك توھپىسى ھەم.
خۇشپىچىم قامىتىگە ياردىشىپتۇ،
چوكۇرۇپ كىيگەن مەخمەل توپىسى ھەم.

بەزىدە شوپۇرغىمۇ قىلار چاقچاق ،
ئەخمەتجان ھوزۇر بېرىپ كوڭۇللەرگە.
نە ئارمان قالار ئەل- يۇرت يۇرىكىدە،
شۇ پەرزەنت بەخت بەرسە ئومۇرلەرگە.

يايىغاندەك دالا بويلاپ زۇلمەت ئېتەك،
ئەتراپىنى قاراڭغۇلۇق باستى شۇئان.
ئوق تەككەن ئارىسلاندەك ھوكىرەيدۇ،
كەڭ دالا قوچىغىدا مۇدھىش بوران.

توت قەدەم نېرىنىمۇ كورۇپ بولماس ،
كابىنكا ئەينىكىگە چاپلىشار قار.
ماشىنا چىراقلىرى ئوتلۇق نەيزە،
زۇلمەتنىڭ لەشكىرىنى قىلار تار - مار.

ماشىنا ئۇچۇپ بارار بوران ئارا،
تەنلەرگە سانچىلىدۇ سوغ نەشتىرى.
قويۇندا تەلمۇرىدۇ ماشىنىغا،
مۇكچەيگەن، ئايدالادا كىمىدۇ بىرى .

توختىدى ماشىنىمۇ بېرىپ سىگنال ،
كومۇلگەن چالىنىڭ ئۇستى ئاق قار بىلەن،
تىترەكتىن كاسىلدايدۇ چىشى ئۇنىڭ ،
تىلەيدۇ ئوتنى شۇنچە دۇمچەك بەدەن.

ئەخمەتجان دىدى: «ئاچقىن شوپۇرىكىت-
كابىنكا ئىشىگىنى، ئولتارسۇن چال. »
ھەيران بوپ باقتى شوپۇر ئەخمەتجانغا ،
دىگەندەك پاتمايدىغۇ، يوققۇ ئامال .

ئەخمەتجان كابىنكىدىن چۈشتى يەركە ،
يېپىلدى تۈلكە جۇگا چال ئۈستىگە.
كابىنكا ئىچىگە چال كىرىپ كەتتى ،
ئەخمەتجان چىقتى شۇئان يۈك ئۈستىگە .

ماشىنا ئۈچۈپ بارار دالا بويلاپ ،
«بارمۇ سىز؟ »دەيدۇ شوپۇر بەزەن توختاپ.
ئىلاندەك نەشتەر ئۇرار تەنگە شامال،
ئۈيۈشۈپ بارار ئاستاپۇت - قول، بەدەن.

كۈن پېتىپ، كەچكى كۈگۈم يايدى ئېتەك،
بورانمۇ ئۈتۈپ كەتتى، توختىدى قار .
ئاڭلاندى يىراقلاردىن ئىتلار ئۈنى،
ئاسماننىڭ جىيىكىدە يۇلتۇر يانار.

ئەخمەتجان ئولتۇرىدۇ يۈك ئۈستىدە،
توپىسى ئايلىنىپتۇ ئاق سەللىگە .
قاپ - قارا بۇرۇتلىرى ئاپپاق قىروۇ،
پۈتلىرى بوي سۇنمايدۇ ھېچ مەيلىگە.

ماشىنا يېتىپ كەلدى قىشلاققىمۇ،
كابىنكا ئىچىدىن چال چۈشتى خوشال.
ئەخمەتجان يۈك ئۈستىدىن چۈشكىنىدە،
جۈگىنى ئەخمەتجانغا كىيگۈزدى چال .

ئۆيىگە باشلاپ كىردى مېھمانلارنى،
دەستىخان يايدى، قويدى ئىسسىق چاينى.
«قوزىدىن بىرنى تۇتۇپ كېلىپ سويغىن»،
دەپ يولغا سالدى ئوغلى ئورمانباينى.

ئەخمەتجان ئەپەندىمگە سۇندى كەمپىر،
تاۋاقتا قوي بېشىنى سېلىپ ئالدىن.
(مېھماندوست قازاقلارنىڭ ئادىتى بۇ،
مېھماندىن پەتە ئېلىپ گوش يەرئاندىن .)

چېرتىلدى دومبۇرىنىڭ كۈمۈچ تارى،
ئۇنتۇلدى مۇشكۇل سەپەر ھارغىنلىغى.
ئەخمەتجان ئولتۇرىدۇ ئۆي توردە،
بىردەمدە جەم بولۇشتى قىشلاق ئەھلى .

تاڭ ئاتتى، مېھمانلارنى ئۇزاتتى چال،
ماشىنا سېگنالىدىن كۈلدى دالا.
ئەخمەتجان ۋۇجۇدىدا چېچەكلىدى،
قىشلاقنىڭ كېلەچىگى - نۇرلۇق دۇنيا.

كەڭ دالا قۇچىغىدا شامالدىن تېز،
ماشىنا مەنزىلىسېرى ئۇچار تىنماي.
ئەخمەتجان قاسىمنىڭ بۇ خىسلىتى،
ئالغانتى قىشلاق ئەھلى قەلبىدىن جاي.

كۈيلەيدۇ بۇ داستاننى تۈمەن ئاقىن ،
ئەۋلاتلار يۈرىگىدە ياندۇرۇپ ئوت.
بۇ يولنى كومەلمەيدۇ قۇم ۋە بوران ،
بۇ ئوتنى ئۆچىرەلمەس زىمىستان جۇت.

× ×

دولقۇنلار دولقۇنلارغا ئۇلانغاندەك ،
بۇ يولدىن ئۆتەر ھەر كۈن تۈمەن كارۋان.
بىز تېخى شانلىق سەپەر يولىدا بىز،
بىز بىلەن ئەخمەتجانمۇ كېلەر شادىمان .

## خاتىمە

ئانا يۇرت، قارىغىدەك ئاق چېچىم مېنىڭ،
ئالماڭدەك چېچەكلەيدۇ ئارزۇ - تىلەك.
ئانا يۇرت، مۇقەددەس، ھور قۇچىغىڭدا،
سوۋىسا قالماس ئارمان تەندە يۈرەك.

ئانا يۇرت، قوينۇڭ ماڭا ئالتۇن بوشۇك،
جامالىڭ چۈشۈمدىمۇ بولار ئايان .
ئانا يۇرت، سەن بەرگەن سۈت ھالال ئاپپاق،
تامچە سۈت ۋۇجۇدۇمغا بېغىشلار جان.

ئانا يۇرت، قۇچاقلىرىڭ ئالەم جاھان،
كوز ئېچىپ قۇچار سېنى نەسىللىرىڭ.
باغرىنى يېقىپ ياتار جىمى ئىنسان،
ئوزگەرسە ھەر خىل تۇستە پەسىللىرىڭ.

ئانا يۇرت، كورۇنمەيدۇ قۇچىغىڭدا،
ئوچكەندەك سامادىن بىر يورۇق يۇلتۇز.
ئۇلارنىڭ جىسمىدىن گۇل كۇلەر ئەتە،
لېۋىدىن ھەسەل توكۇپ كەلسە نورۇز.

× ×

بالىغا ئانا باغرى ئىسسىق ماكان،
يىگىتنىڭ قەلبىدە يۇرت مېھرى دەريا.
كوز يۇمۇپ ئوتسە بۇندىن بەزى ئىنسان،
بىر تىنىق ئوتەر - ئوتمەي ئۇنتار دۇنيا.

بىر نىگاھ تاشلىمايدۇ بەزىلەرنىڭ،
قەۋرىگە قويۇلسىمۇ ئالتۇن مۇنار.
بىلمەيدۇ ھېچبىر ئادەم بۇ قەۋرىنىڭ،
ئاستىدا قانداق ئادەم ئۇخلاپ ياتار.

ئەۋلاتلار باش ئېگىدۇ كېلىپ ھەر تاڭ،
ئۇستىنى شۇۋاق باسقان قەۋرىگىمۇ.
توپىغا ئايلانسىمۇ ئۇنىڭ جىسمى،
ئولمەيدۇ، ياشار تۇمەن ئەسىرلەر ئۇ.

× ×

ئانا يۇرت، سېنىڭ ئاددى زەررەڭ بولۇپ،
تورەلدىم قۇچىغىڭدا، يېتىلدىم مەن.
ئەجداتلار ئىزلىرىنى سۇرۇپ كوزگە،
نەسەپنىڭ كارۋىنىغا قېتىلدىم مەن.

بىر ھەيكەل تىكلىمەككە ئەخمەتجانغا،
تۇنلەرنى ئاق تاڭلارغا ئۇلاپ كەلدىم.
ئەزەلدىن بولمىغاچقا بۇنداق ئادەت،
ئوزەمنى بۇ قىلىقتىن توراپ كەلدىم.

ئانا يۇرت، سېنىڭ قۇتلۇق قەرزىڭ ئۇچۇن،
بىر زەررە خىسلىتىنى قىلدىم بايان.
شاتلانسا ئەجداتلارنىڭ روھى بۇندىن،
قالمايدۇ يۇرىگىمدە زەررە ئارمان.

---

(بېشى 37 - بەتتە)

ئاخۇنغا لاپ ئېتىپ قارىدى.

— 450 سومغا سىلى ئالالامسىلە، ھېمىت ئاخۇن ؟- دەپ سورىدى ساۋۇراخۇن تۇيۇقسىز.

— 420 سومدىن ئوشۇق پۇلۇم يوقتى ئاداش، بۇ يىلچە ئېشىنىغىمىز شۇنچىلىككەن. بولمىسا كالاڭلىغا 500 سوم بەرسەممۇ ئەرزىيتتى.

ئەندىلا قەد كوتىرىپ، مونچاق-مونچاق تەر توكۇپ ئىگىلىك تىكلەۋاتقان دىخاننىڭ 420 سوم يىغمىغىمۇ ئوگايمۇ؟ دىخانىنىڭ تاپقان پۇلىنىڭ قىممىتىنى دىخانلا چۈشۈنەلەيدۇ.

— ئىككىمىز بىر ئېرىقنىڭ سۈيىنى ئىچىدىغان ئادەم. ساۋۇراخۇن بەرگەن دەپ مال قىلىۋالارسىلە. ئەكىلىڭلا 420 سومىڭلىنى، كالىنى سىلىگە ساتتىم، - دىدى ساۋۇراخۇن،

خوشال بولۇپ كەتكەن ھېمىت ئاخۇن ئىككى سەكرەپلا ساۋۇراخۇننىڭ يېنىغا كېلىپ، تاغىل سىيىرنىڭ چۇلۇۋۇرىنى ئۇنىڭ قولىدىن ئالدى.

— شۇنداق بولمامدىغان ساۋۇراخۇن. سورىغانلارغا : بۇ كالىنى ساۋۇراخۇن مال قىلىۋال دەپ بېكارغا بەردى دەيسەن دەڭلا، - دىدى ھېمىت ئاخۇن.

سودىنىڭ مۇنداق „تەتۇر" گە ماڭغانلىغىنى كورگەن قاسىم دەللال ھېچنىمە چۇشەنمەي تۇرۇپلا قالدى.

# قۇدىلار

(ھكايە)

قادىر توختى

مەھەللىنىڭ توخۇلىرى خۇددى مەسلىھەتلىشىۋالغاندەك، كىشىلەرنىڭ شېرىن ئۇيقۇسىنى بۇزۇپ تەڭلا قىچقىرىشىپ كەتتى. ئۆيلەرنىڭ تۈرخۈندىن قويۇق كوكۇش ئىس كوتىرىلەۋاتاتتى. زولۇق ئۇچۇن ئوي بېسىپ ئېتىلۋاتقان ھەر خىل تائاملارنىڭ مېزىلىك پۇراقلىرى دىماقنى ياراتتى. سەپەرگە ئۇگىنىپ كەتكەن بەزى ئېشەكلەر كارنايىنىڭ ئۇنىدەك ئاۋاز چىقىرىپ ھاڭرىماقتا ئىدى. مەھەللىنىڭ نېرىسىدىن دەريانىڭ شاۋقۇنى ئاڭلىنىپ تۇراتتى، دەرەخلەر ئارىسىدا ماكان تۇتقان قۇشلار تاڭ شامىلىنىڭ سىپاپ ئۇيغۇتىشى بىلەن يېنىك ۋىچىرلاشماقتا ئىدى. نىمىگىدۇر غەزنۇي ئورلىگەن ئىتلار توختىماي ھاۋشىماقتا ئىدى......

ھاشىم ئاكا يۈز ـ قولىنى لوڭگە بىلەن سۈرتۈپ بولغاندىن كېيىن، چوكۇننى پىشايۋانغا قويۇپ، ئۆيگە كىرىپ تورگە سېلىنغان تېكمەت ئۇستىدە بەدەشقاننى قۇرۇپ ئولتاردى.

— قېرىنغاندا ئەقىلدىن ئاداشقىلى تۇردىڭلىمۇ، قانداق؟ نېسىگىمۇ مال ساتامدىغان، روزى ھېيتقا بىر قانچە كۈنلا قېلىۋاتسا، پۇلنى بۈگۈن بەرسىغۇ بەردى. «مانا، ئەنە» دەپ بىر قانچە كۈن سوزۇدىغان ئىش بولسا، توي ئەشىمىز يەنە كېچىكىدىغان بولدىدە، ـ شەرۋانىخان ھەدە داستىخاننى سالغاندىن كېيىن، گوشنان بىلەن قايماقلىق ئەتكەن چاينى ھاشىم ئاكىنىڭ ئالدىغا قويۇۋېتىپ تەگەشكە باشلىدى.

— بولدى بەس، تورغايلارمۇ تېخى چوۋۇلدىمىدى.

ھاشىم ئاكىنىڭ بۇ بىر ئېغىز سوزى بىلەن شەرۋانىخان ھەدە تامىغىنى قىرىپ قويۇپ جىم بولدى.

ھاشىم ئاكا زولۇقنى يەپ بولغاندىن كېيىن دۇئا قىلىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇ ئىچكىركى ئويگە كىرىپ، خومارەك چىبەرقۇتتىن تىكىلگەن مەخسۇمچە چاپىنىنى ئېلىپ ئۇچىسىغا ساپتى، قىزىل دۇخاۋا بوكىنى باستۇرۇپ كىيدى. ئارقىدىن ھويلىغا چىقىپ ئاللىقاچان توقۇپ قويغان قارىقاش سۇر يورغا ئېشىگىنى توۋرۇكتىن يەشتى ـ دە، قاپىغى سېلىنغان پېتى ئۇدۇل دەرۋازا تەرەپكە يېتىلەپ ماڭدى.

— مۇشۇ بىر ـ ئىككى كۈنىنىڭ ئىچىدە توي ئىشىمىز بار ئىدى، دەپ چىڭراق تۇرۇپ،

پۇلنى تولۇق ئۇندۇرۇپ ئالسىلا!»-دەپ جېكە -
دى شەرۋانىخان ھەدەدەرۋازىنى ئېچىۋېتىپ.
— ئۇنىڭغا ئەقلىم يېتىدۇ، - دېدى ھا -
شىم ئاكا ئاياللىنىڭ سوزلىرىدىن ئاەنجىگەندەك
بولۇپ.

ئۇ دەرۋازىدىن چىقىپلا ئېشىكىگە «يا بىس -
مىللا» دەپ لىككىدە قوندى - دە، شەھەرگە
قاراپ راۋان بولدى. بۇ چاغدا توخۇلارنىڭ
چىللاشلىرى شالاڭلاپ قالغان بولۇپ، مەسچىت -
كە ئىمامدىن بالدۇر بېرىپ دۇئا - تالاۋەت
قىلىپ ئادەتلەنگەن مويسىپىتلەرنىڭ ئاياق تى -
ۋىشلىرىنى ئاڭلىغان مەھەللە ئىتلىرىنىڭ ھاۋ-
شۇشلىرى كۆچەيگەن ئىدى.

— چۇۋ، جانىۋار!

ھاشىم ئاكا مەھەللە سىرتىدىكى تاشيول -
غا چىققاندىن كېيىن، ئىككى تىزى بىلەن سۇر
يورغىنىڭ قوۋۇرغىلىرىغا ئۇرۇپ قويدى. بۇ
مۇلايىم جانىۋار يورغىسىنى باشلىۋەتكەندىن
كېيىن ئۇنىڭ كۆڭلى ئارام تاپقاندەك بولدى -
دە، مەيدە يانچۇقىدىكى ساقال تاغىقىنى ئې -
لىپ چا ساقىلىنى تاراشقا باشلىدى. بۇ چاغ -
دا ئۇنىڭ خىيال ئىكرانىدا تونۇگۇن بازاردا
بولۇپ ئۆتكەن ئىشلار بىر - بىرلەپ ئايان
بولماقتا ئىدى......

☆ ☆ ☆

ھاشىم ئاكىنىڭ قۇرامىغا يەتكەن يالغۇز
ئوغلى بولۇپ، ھاشىم ئاكا ئوغلىنىڭ تويىنى
روزى ھېيتتىن كېيىنلا قىلىپ بەرمەكچى بول -
غان ئىدى. شەنبە ئاخشىمى ھاشىم ئاكا شەر -
ۋانىخان ھەدە بىلەن كېڭەشنى پۈتكۈزدى -
دە، تويىنىڭ تەييارلىقىغا ئىشلىتىش ئۈچۈن،
ئۆيدىكى ئىككى موزايلىق سىيىرنىڭ بىرىنى
ۋە دائىم ئادەمگە كوز ئالايتىپ ھەيۋە قىلىپ
تۇرىدىغان ئالا توپاقنى بىر - بىرىگە چېتىپ،
سۇر يورغىنىڭ ئالدىغا سېلىپ شەھەرگە ھاي -
داپ ماڭدى. ھاشىم ئاكا مال بازىرىغا يېتىپ
كەلگەندە كۈن نەيزە بوي ئورلىگەن
ئىدى. ئۇ مال بازىرىغا كىرىد -
شى بىلەنلا بازارغا كىرگەن ماللارنىڭ كوپلە -
كىنى كورۇپ بېشىغا غەم چۈشتى. ئۇ ئىچىدە:
«پاھ! نىمە دېگەن كوپ مال بۇ، ھەممە ئا -
دەم مېلىنى بازارغا ساتقىلى ئەكەلدىمۇ، نە -
مە؟» دەپ ئويلاپ قالدى. لېكىن، تاڭ سە -
ھەردە شەرۋانىخانھەدىنىڭبۇ كاللىلارغا ئىسە -
رىق سېلىپ، سودىسى راۋان بولۇشنى تىلە -
گەنلىكى ھاشىم ئاكىنىڭ ئېسىگە كەلدى - دە،
ئوز - ئوزىگە تەسەللى بەردى. ھاشىم ئاكا
كاللىلىرىنى تۇتۇپ مال بازىرىدا چىڭقى چۈش -
كىچە ئولتاردى. لېكىن بىرەر ئىنسانمۇ ئۇنىڭ -
دىن «بۇ كاللىلارنى نىمىشقا ئەكىردىڭ؟» دەپ
سوراپ باقمىدى. قاينام ئىچىدە، سودا كېلىش -
تۈرگۈچى دەللاللارنىڭ، «ھوي بۇ مېلىڭنىڭ
تويى بوپكەتتى، تازا ئوبدان باھا بولدى،
ماقۇل دە، دەيمەن، مال بولسۇن دە!» دەپ
ۋاقىراپ مال ئىگىسىگە ھورپەيسە، ئارقىسىدىنلا،
شاققىدە مال ئالغۇچى تەرەپكە بۇرۇلۇپ، ئۇ -
نىڭ ئالقىنىنى مەھكەم قىسىۋېلىپ: «قەيەرلىك
ئوغۇل بالا سېنىڭ، تازا جايىدا مال ماۋۇ،
كوزۈڭنى ئېچىپ قارىغىنا، قولدىن چىقىرىپ
قويما، ئەكەل يەنە بەش تەڭگە چىقار، ئە -
كەل دەيمەن، چىدىماسلىق قىلما، بولمىسا
مەن يېنىمدىن تولۇۋېتەي، ساڭا مال بوپقال -
سۇن، ماقۇل، دە!» دەپ دىۋەيلەپ راستىنلا
ئوز يېنىدىن 5 سوم تولۇۋېتىدىغاندەك، يانچۇ -
غىنى سىلاپ قويۇپ بويۇن تومۇرلىرىنى كوپ -
تۈرۈپ تۇرۇپ ۋاقىراپ-جاقىراشلىرى ۋە بازاردىن
چىققان ئاسماننى ئېچىۋەتكىدەك ۋاڭ-چۇڭلار
ھاشىم ئاكىنىڭ قۇلاق - مېڭىسىنى يەپ كەت -

تى. شۇ تاپتا ھاشىم ئاكىنىڭ مېلى ئۇستىدە ئەشۇنداق سودا بولىدىغان بولسا، 5 سوم ئەمەس 50 سوم تۆۋەنگىمۇ بېرىۋېتىشكە رازى ئىدى.

كۈن پېشىن بولاي دېگەندە تەمبەلگىنە كەلگەن، قاپقارا بۇرۇتلۇق بىر كىشى پەيدا بولۇپ، ھاشىم ئاكىنىڭ موزايلىق سېيىرىنىڭ باش-ئايىغىغا بىر قۇر كوز يۈگرىتىپ،ئارقىدىن چىشىغا قارىغاندىن كېيىن، خۇددى كىچىك بالىنى ئەكىلەتكەندەك، قوڭۇر موزاينىڭ بېشىنى سىلاپ قويدى - دە، «يەنە ئىككى-ئۈچ موزاي بەرگىدەك» دەپ ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاپ قويدى. ئاندىن ئۇ كىشى ھاشىم ئاكا تەرەپكە بۇرۇلۇپ سوز باشلىدى.

— قەيەردىن ئەكەلدىڭىز؟

— باي بۇلاقتىن، - دېدى ھاشىم ئاكا خېرىدارغا تەلمۈرگەندەك قاراپ.

ئوتتۇرا بويلۇق، ئاق سېمىزرەك كەلگەن بۇ كىشى «قانچىگە ساتىسىز؟» دەپ سورىغاندا،ھاشىم ئاكا غىدىق - پىدىق قىلىپ قالدى- دە، باھاسىنى دەرھال بىرنەرسە دېيەلمەي، «زادى ئالامسىز؟» دەپ ياندۇرۇپ سورىدى. بۇلار سودىنى قانداق باشلاشنى بىلەلمەي تۇرغاندا، بىر دەللال ھاشىم ئاكىنىڭ ئالدىدا خۇددى خىزىردەكلا پەيدا بولدى - دە، خېرىدارنىڭ قولىدىن 270 تەڭگىنى ساناپ ئېلىپ ھاشىم ئاكىنىڭ قولىغا تۇتقازدى. «ئاتالىرى نىمىدى؟» - دەپ سورىدى خېرىدار دەللالنى رازى قىلىۋەتكەندىن كېيىن ھاشىم ئاكىدىن.

— ئېتىم ھاشىم ئاخۇن، ئەگەر سېيىردا ئەيىپ چىقسا، ئۆيۈمگە ئاپىرىپ بەرسىلە بولىدۇ، ياكى خەۋەر بەرسىلە ئۆزەم كېلىپ ئېلىپ كېتىمەن، - دېدى ھاشىم ئاكا قەتئىي ھالدا.

— نەسلى يامان ئەمەستەك كورۈنىدۇ. ئۇنداقمۇ بولماس. مېنىڭ ئويۇم دوڭمەھەللىدە، ئېتىم سابىر ئاخۇن. «خەلق» بازىرىدىكى ئاشخانىدا ئىشلەيمەن. پۇرسەت بولسا بارالا.

— خۇدا بۇيرىسا، بېرىپمۇ قالامىز. خەير-خوش، بەرى مىڭ بولسۇن، - دېدى ھاشىم ئاكا سابىر ئاخۇننى ئۇزىتىپ.

ھاشىم ئاكا قېلىپ قالغان ئالا توپاقنى كەچ پېشىن بولغاندا ئاران دېگەندە پۇل قىلدىدە، توپ - توغرا 500 تەڭگىنى ياغلىققا مەھكەم تۈگۈپ، قوينىنىڭ ئىچكىرىسىگە پەم بىلەن تىقتى. ئاندىن بېلىدىكى پوتىسىنى چىڭىتىپ باغلىغاندىن كېيىن، قوينىدىكى تۇگۈچنى ئۇستىدىن بىر بېسىپ قويۇپ، سۇرۇغىنى يېتىلەپ، ۋاڭ-چۇڭغا تولغان قىستا - قىستاڭ مال بازىرىدىن مىڭ تەسلىكتە چىقتى.

ھاشىم ئاكا شەرۋانىخان ھەدىسىنىڭ بۇيرىغان ئۇششاق - چۈشەك سودىلىقلىرىنى پۈتكۈزۈپ قايتماقچى بولغاندا، كۈن تاغنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنغان ئىدى. كوچا دوقمۇشىدىكى ئاشخانىدىن دىماققا ئۇرۇلىۋاتقان مېزىلىك چوچۇرە پۇرىقى ئىشتا ۋاقتى بولۇپ قالغانلىقىنى ھاشىم ئاكىنىڭ سەمىگە سېلىپ قويدى.

ھاشىم ئاكا ئېشىكىنى ئاشخانا ئارقىسىدىكى دەڭگە ئەكىرىپ باغلىدى - دە، ئاشخانا ئىشىكىگە يېتىپ كەلدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!

— كەلسىلە ئاغا، قېنى بۇياققا كېلىپ

ئۆلتۈرسىلا ، - دېدى 40 ياشلار چامىسىدىكى،
چىرايلىرى ئانارده‌ك قىزارغان، قارىقاش هەم
ئوتتۇرا بويلۇق سېمىزغىنا بىر ئايال. ئۇ ها-
شىم ئاكىنىڭ سالىمىغا ئەدەپ بىلەن سالام بېجا
كەلتۈرگەنىدىن كېيىن، بىر چەتتىكى ئۈستەل
ئۈستىنى پاكىز دەسماللاپ، ئورۇندۇقنى تارتىپ
هاشىم ئاكىنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. ها-
شىم ئاكا ئاشخانا ئىچىدە چوچۇرىگە ئىشتەي
ساقلاپ ئولتۇرغان يەنە بىر توپ كىشىلەر بى-
لەنمۇ ئامانلاشقاندىن كېيىن ئورۇندۇققا كې-
لىپ ئولتۇردى. ئۇ، كۆلۈمسىرەپلا تۇرىدىغان
ئايال خوجايىن ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى ئوخ-
شىتىپ ئەتكەن چوچۇرە بىلەن ئىپتا قىلىپ
قوسىقىنى تويغازدى ۋە مېزىلىك چوچۇرە
پۇتىنىڭ ئىچىگىچە بارغاندەك هىس قىلدى.
ئۇ بېلىدىكى پوتىسىنى بوشۇتۇپ، ئۇچى بى-
لەن پېشانىسىدىن چىققان تەرلەرنى سۈرتتى.
ئاندىن بېلىنى قايتىدىن باغلاپ، بۇ خوشپې-
ئىل ئايال خوجايىن بىلەن خوشلىشىپ چىق-
قاندىن كېيىن سۇر يورغىغا مىندى - دە، ئۇ-
نى «باي بۇلاق» تەرەپكە قارىتىپ قويۇۋەت-
تى.

هاشىم ئاكا مەهەللىگە ئارىلىدىغان يولغا
بارغاندا ئوغلىنىڭ تويىغا ئالىدىغان- قويىدىغان
نەرسىلەر ئۈستىدىكى پىلانلىرىنى كوڭلىدە بىر
قۇر تۈزۈپ بولدى ۋە بۇ ئىشقا زور يار - يو-
لەك بولىدىغان قويىنىدىكى تۈگۈچنى ئېسىگە
ئالدى - دە، قولىنى قوينىغا تىقتى.

«ئەستەغپۇرۇللا!»

هاشىم ئاكىنىڭ سەپرايى قىرىق گەز ئور-
لىدى. ئۇ ئاندا - ساندا ئاق سانچىلغان كە-
كە ساقىلىنى هازىرلا يۇلۇپ قولىغا ئالىدىغان-
دەك ئەلپازدا سىقىمداپ تارتتى. ئۇنىڭ قوي-
نىدىكى تۈگۈچ يوق تۇراتتى. ئۇ سۇر يور-
غىدىن ئىرغىپ چۈشتى - دە، يوقالغان تۈ-
گۈچنى هازىرلا بىرسى ئارقىدىن قوغلاپ كې-
لىپ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويىدىغاندەك، شەهەر
تەرەپكە بويىنىنى سوزۇپ ئاغزىنى ئاچقىنىچە
قاراپ قالدى. بۇچاغدا قاراڭغۇ چۈشكەن بو-
لۇپ، ئاسماندىكى يۇلتۇزلار كوز قىسىشماقتا
ئىدى.

هاشىم ئاكا شەهەردە بارغان - تۇرغان
يېرىنى بىر قۇر ئەسلەپ چىقتى. ئۇ پارچە-پۇ-
رات خەجگە ئويىدىن يېنىغا سېلىۋالغان پۇل-
نى ئىشلەتكەن بولۇپ، هېلىقى تۈگۈچنى قوي-
نىغا سالغان پېتى قىمىرلاتمىغان ئىدى. ئۇ
چوچۇرە ئىچكەن يەردە پوتىسىنى يەشكەندىن
باشقا هېچيەردە پوتا يەشمىگەنلىكىنى ئېسىگە
ئالدى - دە، «چوقۇم شۇ ئاشخانىدا چۈشۈپ
قالدى بولغاي، بىراق هازىر ئارقىغا يانغاندى-
مۇ، شەهەرگە يېرىم كېچىدە ئاران يېتىمەن،
پۇل بىرەر نەپسىخورنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەت-
مەيلا، ئاشخانىنىڭ هېلىقى ئايال خوجايىنىنىڭ
قولىغا چىقىپ قالغان بولسا، ئۇ خېلى دىيا-
نەتلىك ئايال كورۇنىدۇ. ئەتە ئەتىگەندە بار-
سامۇ بىر گەپ بولار» دەپ ئويلىدى - دە،
ئېشەككە خۇددى پۇتىغا تاش باغلىۋالغان ئا-
دەمدەك تەستە مىنىپ، قاپاقلىرى سېلىنغان
هالدا ئويگە يېتىپ كەلدى. ئۇ، شەرۋانىخان
هەدىنىڭ يارىغا تۇز سەپكەندەك، گەپ تە-
گەۋىرىشىدىن قورقۇپ، «ئاپارغان كالىلارنى
بىر تونۇش كىشىگە 500 سومغا بېرىۋەتتىم،
پۇلنى ئەتە ئەتىگەندە بېرىپ ئەكەلمەكچىمەن»
دەپ قويدى. ئۇ، شەرۋانىخان هەدىنىڭ بىر
چىنە ئەتكەن چېيى بىلەن بىر پارچە توغىچى-
نى يېدىدە، كۆپلا چۈشۈپ يېتىۋالدى. هاشىم

ئاكا ياستۇققا باش قويۇپ ئۇزۇن ئۇتمەي كوزى ئۇيقىغا كەتكەندەك بولدى، لېكىن ئۇ ئەمەلىيەتتە تاڭ ئاتقىچە ئۇخلىماي چىققان ئىدى.

☆ ☆ ☆

هاشىم ئاكا خىيالدىن بېشىنى كوتەرگەندە تاڭ ئاتاي دەپ قالغان ئىدى. ئۇ بامداتنى شەھەرگە بېرىپ ئوقۇش نىيىتىدىن يانىدى - دە، يولدىلا ئوقۇۋالماقچى بولدى. لېكىن تازا دىققەت بىلەن ماڭمىغاچقا، بىر ئاز گۇماندا بوپقالدى-دە، سۇر يورغىدىن چۈشۇپ ئۇنى يول بويىدىكى تېرەككە باغلىۋەتكەندىن كېيىن، يول چېتىدىكى شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرغان ئېرىقنىڭ مۇزدەك سۇيىدە قايتىدىن تەرەت ئالدى. ئارقىدىن يول چېتىدىكى ئورمان بەلۋىغىنىڭ ئارىسىدىكى چىمەنلىككە چاپىنىنى يېيىپ سالدى-دە، بامداتنى باشلىدى. ئۇ ئەمدىلا دۇئانى تۈگىتىپ ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشىلىۋاتقاندا، «مو!» دىگەن ئاۋازنى ئاڭلاپ چوچۇپ ئورنىدىن تۇرۇپلا كەتتى. ئۇ ئاۋايلاپ تۇرۇپ يەردىكى چاپىنىنى قولىغا ئېلىۋاتقاندا، ئالدى تەرەپتىن شىپىرلاپ كېلىۋاتقان كالىنى كوردى.

— ۋاي بىچارە جانىۋار، ياتىنىڭ ئويىگە توزمەپسەندە، - دىدى ئۇ كاپلا قىلىپ كالىنىڭ موڭگۇزىدىن تۇتىۋېلىپ. بۇ كالا، هاشىم ئاكىنىڭ تۈنۈگۈن بازاردا «نېسىگە» سېتىۋەتكەن قوڭۇر سېيىرى ئىدى. رەڭگى خۇددى قۇيۇپ قويغاندەكلا، ئانىسىغا تارتقان موزايمۇ سېيىرنىڭ ئارتىدىن قالماي كەلگەن ئىدى.

— جۇر جانىۋار، مەنغۇ سېنى ساتقان پۇلنى يۇتتۇرۇپ قويدۇم. ئەندى سېنى ئالغان ئادەم شۇ تاپتا نېمە هالاكەتچىلىكتىدۇر. خۇدا بۇيرىسا سېنى پۇل ساناپ ئالغان ئادەمگە تاپشۇراي!

هاشىم ئاكا قوڭۇر سېيىرنىڭ پېشانىسىنى سىلاپ قويدى-دە، ئېشەكىنىڭ ئالدىغا سېلىپ شەھەرگە هەيدەپ ماڭدى.

هاشىم ئاكا شەھەرگە يېقىنلىغاندا، يەر جاهان ئەتىگەنلىك شەپەقتىن قىزىرىپ كەتكەن بولۇپ، بىنالارنىڭ دېرىزىلىرىدىن يالقۇن كوتىرىلىۋاتقاندەك بىلىنەتتى. قەيەردىندۇ بىر بۇلبۇلنىڭ يېقىملىق سايرىغان ئاۋازىنى تاشيولدا كومبايىن سورەپ كېلىۋاتقان تىراكتورنىڭ ئاۋازى بېسىپ كەتتى. ئۇ شەهەر چېتىدىكى مەهەللە ئىچىگە كىرىش بەلەنلا، ئەتىگەندە ئىشىك ئالدىنى سۇپۇرۇۋاتقان بىر ئايال ئۇدۇل خوشنىسىغا هاشىم ئاكىنى ئىشارەت قىلىپ:

— ماۋۇ كىشى موزايلىق سېيىرنى تۈنۈگۈن قاق سەھەردە بازارغا هەيدەپ كېتىپ باراتتى، ساتالماپتىكەندە، ئۇندەرەپ قويۇپ بۈگۈن يەنە بازارغا سالغىلى مېڭىپتۇ،- دىدى.

— سېنىڭمۇ كالىلىرىڭ بولسا كۈندە ئەكىرىپ سات، - دەپ قويدى هاشىم ئاكا ئۇز-ئۇزىگە.

هاشىم ئاكا ئالدى بىلەن سۇر يورغا ئېشىكى بىلەن سېيىرنى دەڭگە باغلىدى - دە، تۈنۈگۈن چوچۇرە ئىچكەن دۇكانغا كىرىپ ئوزىنىڭ تۈگۈچىنى سۇرۇشتۇرگەچ هېلىقى ئايالدىن سابىراخۇننىڭ دۇكىنىنى ئېنىق سوراۋېلىپ ئاندىن سېيىرنى سابىراخۇنغا يەتكۈزۈپ بېرىپ، ئۇنى خاتىرجەم قىلماقچى بولۇپ ئالدىرىدى.

هاشىم ئاكا ئاشخانىنىڭ ئىشىگىدىن كىرىپلا، قېقىپ قويغان قوزۇقتەك داڭ قېتىپ

تۇرۇپ قالدى. قازان بېشىدا تۇنۇگۈنكى ئا-
يال ئەمەس، دەل سابىراخۇننىڭ ئۆزى پولۇ
دۇملەۋاتاتتى.هاشىم ئاكا كوزلىرىنى چىمچىق -
لىتىپ، «سابىراخۇن!» دەپ تووۋلىۋەتتى.

— ۋوي، كەلسىلە، هاشىم ئاخۇن كەل-
سىلە، مەن تېخى مۇنۇ قازاندىكى پولۇنى
دۇملەپ بېرىۋېتىپلا سىلىنى ئىزدەپ «باي بۇ-
لاق» قا چىقماقچى ئىدىم. ئۆزلىرىنىڭ كې-
قالغانلىرىنى قارىسىلا دىدى،سابىراخۇن كۈلۈپ:

— مەن تېخى بۇ دۇكاندىن سىلىنى سو-
رىماقچى ئىدىم. بۇ سىلىنىڭ دۇكانلىرىكەن
ئەمەسمۇ، تۇنۇگۈن......

هاشىم ئاكا گېپىنىڭ ئاخىرىنى دەرهال
دىيەلمىدى - دە قازان بېشىدا پېقىراپ يۇر-
گەن سابىراخۇنغا كوز قىرى بىلەن قاراپ
قويدى ۋە ئۆزى تۇنۇگۈن ئولتۇرۇپ چوچۇ-
رە ئىچكەن ئۇستەلنىڭ ئاستىغا هىلىقى پۇل
هازىرغىچە شۇ يەردە تۇرىدىغاندەك ئۇمىت
بىلەن كوز يوگۈرتىشكە ئۈلگەردى. لېكىن
ئۇ يەردەهېچنەرسەكورۇنمىگەندىن كېيىن بۇرد -
گى جىغغىدەقىلدى - دە، پەسكۈيغاچۈشۈپ قالدى.

— ياپىرىم! - دىدى سابىراخۇن تووۋاق-
نى ئېچىۋېتىپ، پولۇ ئۇستىگە يېپىلغان ياپ -
قۇچنى ئېلىۋاتقاندا كويگەن بارماقلىرىنى ئۇ-
ۋىلاپ تۇرۇپ.

— ئەسسالام، ۋېيەي هاشىم ئاكا، ئاۋارە
بولۇپ ئەتىگەندىلا يېتىپ كەپلىدە. تۇنۇگۈن
سىلى دۇكاندىن چىقىپ كېتىپلا چىنىلەرنى يى-
غاي، دەپ سىلى ئولتۇرغان ئۇستەلنىڭ يېنى-
غا بارسام، ئۇستەل ئاستىدا بىر نەرسە ئورال -
غان ياغلىق تۇرۇپتۇ. قارىسام هەممىسلا پۇل -
كەن. بەلكىم سىلىنىڭ بولسا كېرەك، دەپ
يوگرەپ چىقىپ قارىسام بىردەمدىلا كوزدىن

غايىپ بوپىلا. بىر - ئىككى كۈن قاراپ باقاي -
لى. ئىگىسى يېتىپ كېلەلمىسە ساقچىغا تاپ -
شۇرۇپ بېرەرمىز، دەپ پۇلنى ئويگە ئاپىرىپ
ساندۇققا سېلىپ قويدۇق، - دىدى ئىشىكتىن
كىرىپ كەلگەن ئايال چاقماقتەك سوزلەپ، -
ماۋۇ هاماقەت ئادەم دۇكاننى يىغاي دىگەند -
دە پەيدا بولدى قارىسىلا، سىلىنىڭ تەق -
تۇرقلىرىنى ئېيتىپ بەرسەم، چوقۇم ماڭا سە-
يىر ساتقان هاشىماخۇن شۇ، دەيدۇ. بۈگۈن
ئەتىگەندە ماۋۇ بىر قازان پولۇنى بىزگە دەم-
لەپ بېرىۋېتىپلا سىلىنى ئىزدەپ ماڭماقچى
ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە كەچتە ئىشىك ئوچۇق
قالغانمۇ، سىيىر موزىيى بىلەن قېچىپتۇ. سە-
لىڭمۇ، بىزگىمۇ بىر پاراكەندىچىلىك بولدى.

هاشىم ئاكىنىڭ يۇرىگى ئورنىغا چۈشۈپ،
قانغىچە بىر تىندى-دە، خوشاللىقتىن كوزلىرى
پۇرۇلۇپ كەتتى.

— هېچقانداق پاراكەندىچىلىك ئەمەس،
خۇددى تۇگۈن سىلەرنىڭ ئويدىكى ساندۇق-
تا ساقلاقلىق بولغاندەك، قوڭۇر سىيىرمۇ مو -
زىيى بىلەن ئاشخانىنىڭ ئارقىدا باغلاقلىق
دىدى هاشىم ئاكا خىرىلداپ كۈلۈپ.

— ۋېيەي، ئىش مۇنداقمۇ ئوڭغا تار-
تامدىغان. ۋاي رەھمەت سىلىگە جېنىم ئاكا.

سابىراخۇننىڭمۇ خوشاللىقتا ئاغزى قۇلىغى-
غا يەتتى. ئۇنىڭ ئايالى ئالدىراپ سىيىرنىڭ
قېشىغا يۈگرۈپ چىقىپ كەتتى .

☆ ☆ ☆

توي تارتىپ كەلگەن ئوغۇل تەرەپ مېهمان -
لارنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاش بىلەنلا پۈتۈن سورۇندىكى
لەر ئورە توپە بولۇشۇپ كەتتى. «كەلدى! كەلدى!»
مېهمانلار ئىشىكتىن كىرىشى بىلەنلا تىنىم-
سىز بالىلار ئوغلاقتەك سەكرىشىپ، قورا ئىچە-

دە ۋاراڭ ـ چورۇڭ كوتىرىشتى. توپىنى گەپ بىلەنلا قىزىتىدىغان ئاياللارنىڭ ئاۋازىمۇ ئەشۇ شوخ باللاردىن قېلىشمايتتى. ئەر-ئاياللار مېھمانلارنىڭ ئالدىغا چىقىش ئۈچۈن ئالدىرىشىپ، بىر-بىرىگە يول بېرىشمەي قوراغا يۈگرەپ چىقىشتى.

– ۋۇي، سابىراخۇن ! ؟

توپىنىڭ ئالدىدا كىرگەن ھاشىم ئاكا سابىراخۇننى ۋە ئۇنىڭ ئايالىنى كورۇپلا ئوزىنىڭ سالاپەتلىك مېڭىشىنى ئۇنتۇپ، خۇددى قەدىناس ئاغىنىسىنى كورگەندەك، ئېتىلىپ بېرىپ ئۇنىڭ قولىنى مەھكەم سىقتى. توختىماي تېچلىق ـ ئامانلىق سورىدى.

– ما ئىشنى قاراڭ، قۇدام سىلىمىدىلا ھاشىم ئاخۇن، ھا ھا ھا . . .

سابىرئاكا قاقاخلاپ كۇلۇپ كەتتىدە، ھاشىم ئاكىنىڭ يەلكىسىگە نەچچىنى ئۇرغاندىن كېيىن، ئۇنى قولىدىن يېتىلىگەن پېتى ئەرلەر ئولتۇرغان ئىچكىركى ئويگە ئېلىپ ماڭدى.

بۇچاغدا سابىر ئاكىنىڭ ئايالى خاسىيەتخان بىر چەتتە ئاغزىنى ئېچىپ تۇرۇپ قالغان شەرۋانىخان ھەدىگە ئەھۋالنى چۈشەندۈردى – دە، ئۇنى ئايال مېھمانلارنىڭ سورۇنىغا باشلاپ ماڭدى. بۇچاغدا سابىرئاكىنىڭ قوراسى كۈلكە ۋە ھەيرانلىققا چومگەن ئىدى. پۈتىنى پۈتلاشقان ئالتۇنغىمۇ كوز قىرىنى سالمايدىغان بۇ ئالىجاناپ قۇدىلارنىڭ قەدىناس دوستلاردەك مۇئامىلە قىلىشىغا ئوز ۋاقتىدىكى ئوتتۇرىدا ماڭغان ئەلچىلەرمۇ ھاڭ - تاڭ بولۇپ ئاغزىنى ئېچىپ قېلىشتى.

## ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقى بايرام كۈنىگە سوغا تەقدىم قىلىڭلار

بۇ يىل 9 – ئاينىڭ 1 – كۈنى ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى قۇرۇلغانلىقىغا 30 يىل تولىدۇ. بۇ خوشاللىق بايرام ھورمىتىگە ژورنىلىمىزنىڭ 3 – سانىنى بېغىشلىماقچىمىز. بۇ سانغا ھەر مىللەت ئاپتورلىرىنىڭ ئوبلاستىمىزنىڭ 30 يىلدىن بۇيانقى ھەر ساھە خىزمەتلىرىدە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى بىلەن سوتسىيالىستىك يېڭى ئادەم، يېڭى ئىشلار گەۋدىلەنگەن ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ئارمىيە – خەلق ئىتتىپاقلىقى مەدھىيىلەنگەن ھەر خىل ژانىرلاردىكى بەدىئى ئەسەرلىرى قوبۇل قىلىنىدۇ؛ ھەمدە تارىخىي ماتىرىياللار بىلەن ئەسلىمىلەرگە مۇۋاپىق ئورۇن بېرىلىدۇ. كەڭ ئاپتورلارنىڭ باي مەزمۇن، بەلگىلىك بەدىئىلىككە ئىگە، ھەجمى ئىخچام بولغان ئەسەرلىرى ئارقىلىق خىزمىتىمىزنى قىزغىن قوللىشىنى ئۈمىت قىلىمىز.

ئەۋەتىلىدىغان ئەسەرلەر 5-ئاينىڭ 10-كۈنىدىن ئىلگىرى قولىمىزغا تېگىشى لازىم.

ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئىجادىيەت ئىشخانىسى
«ئىلى دەرياسى» ژورنىلى تەھرىر بولۇمى

# ئەسەرلەرگە باھا

## كېمىچىنىڭ خاراكتېرى ھەققىدە

ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى پېرسوناژلارنىڭ روشەن ئىندىۋىدۇئاللىقىغا ئىگە قىلىنىشى — ئەسەر مەزمۇنىنى ئىپادىلەش ۋە ئۇنىڭ بەدىئىي قىممىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بىزگە مەلۇمكى، نەتىجىلىك چىققان ھەر قانداق تىپلاردا ئالدى بىلەن روشەن، جانلىق ئىندىۋىدۇئاللىق بولىدۇ.

«ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلىنىڭ 1983 ـ يىل 2 ـ سانىغا بېسىلغان «كېمىچى» ھېكايىسىدىكى باش پېرسوناژ ھاسانكامنىڭ ئوبرازى ئەنە شۇنداق ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بىلەن خېلىلا مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان. ھېكايىدە ھاسانكامنى مەركەز قىلغان ھالدا ۋەقەلىك راۋاجلاندۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ خاراكتېرىنى روشەن ئېچىپ بېرىش ئارقىلىق ساددە، تۈز كۆڭۈل، خەلق ئۈچۈن جاپالىق خىزمەت قىلىۋاتقان كېمىچىلەرنىڭ ئوبرازى يارىتىلىپ، ئۇلارنىڭ ئالىجاناب روھىغا مەدھىيە ئوقۇلغان.

ھېكايىدە „مەن“ (شوپۇر) گۇڭشې قۇرۇلۇش ئەترىتىنىڭ بىر يارىلانغان ئىشچىسىنى ناھىيىلىك دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېتىۋاتقان پەيتتە، ھاسانكام مەيدانغا چىقىدۇ. بىز ئۇنىڭ بىلەن دەسلەپ ئۇچراشقان ۋاقتىمىزدا: „ھاسانكام ھەقىقەتەن ئۆزىنىڭ لەقىمىگە خاس توك ئادەم ئىكەن“ دېگەن ھىسسىياتقا كېلىمىز. ئۇ، شوپۇرغا بۇرۇندىنلا تونۇش بولۇپ، ئۇنىڭ „توك“ دېگەن لەقىمىمۇ شوپۇر تەرىپىدىن قويۇلغان. شوپۇرنىڭ نېمە ئۈچۈندۇر ھاسانكامنى ماشىنىسىغا سېلىۋالماسلىقى ۋە قوپاللىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشى ياردارنى بىللە ئېلىپ ماڭغان دوختۇرنى ئەجەبلەندۈرىدۇ. دوختۇر بۇنىڭدا نېمە سىرنىڭ بارلىقىنى سورىغاندا، ئاندىن „مەن“نىڭ تىلى ئارقىلىق ئاساسىي ۋەقەلىك بايان قىلىنىدۇ.

بۇنىڭدىن بىر ئاي ئىلگىرى، شوپۇر سوغاق كۈنلەرنىڭ بىرىدە يۈك باسقان ماشىنىسىنى ھەيدەپ دەريا بويىغا كېلىدۇ. دەريادىن ئۆتۈش ئۈچۈن كېمىگە ئۆچىرەت ساقلاپ تۇرغان ماشىنىلار ناھايىتى كۆپ ئىدى. شۇ ئارىلىقتا كېمىچىلەرنىڭ باشلىقى ھاسانكام پەيدا بولىدۇ. ئۇنىڭغا بىر نەچچە شوپۇرلار ئالما، نەشپۈت، پاپىرۇس تۇتقاندىن كېيىن، ئۇ دەرھاللا „ئا“ ناھىيىلىك پارتكومنىڭ بىر قانچە باشلىقلىرىنى ۋىلايەتكە يىغىنغا ئېلىپ ماڭغان كىچىك ماشىنىسىنى ئالدى بىلەن دەريادىن ئۆتكۈزىدۇ. بۇ — «جۇڭخۇا» ماركىلىق پاپىرۇس تۇتقان شوپۇرنىڭ ماشىنىسى ئىدى. بۇ چاغدا ھاساننىڭ تاشقى قىياپىتى ۋە سۆز ـ ھەركەتلىرىدىن بىز ئۇنى ھاكاۋۇر، پارىخور خۇشامەتچىدەك ھىس قىلىمىز. بۇ ۋاقىتتا شوپۇر مۇنداق ھىسسىياتقا كېلىدۇ: „ئۆچىرەت دېگەن نەدە قالدىكىن تاڭ، مەن يېرىم كېچىگە يېقىن كېمىدىن ئۆتەلىدىم. شۇڭغىچە بىر قانچە كېمىچى ئالماشقان بولسىمۇ، لېكىن ھاسانكام

ئالماشمىدى، بەلكىم ئۇ، سوغات يىغىدىغانغا شۇنداق قىلىدىغاندۇر، مەن ئۇنىڭ ئېپىنى بىلىۋالدىم. .جاجىسى ئازىراق بىر نەرسە....»

شۇ ۋەقەنى كورگەن شوپۇر 2 ـ قېتىملىق سەپىرىدە ئىشنى ئېپى بىلەن يۇرۇشتۇر ـ مەك بولۇپ، 5 كىلوگىرام سۇ مېيىنى ئېلىپ هاسان توڭنىڭ ئويىگە بارىدۇ. «مەن»نىڭ «كوڭ لى»نى دەپ، هاسان توك ئۇنى قوبۇل قىلىدۇ ۋە پۇلىنى كېيىنچە بېرىدىغانلىغىنى ئېيتىدۇ .

ئارىدىن 2 كۇن ئوتۇپ، «مەن» دەريا بويىغا كەلگەندە: «مېنى ئەندى ئالدىدا ئوتكۇ ـ زۇپ قويىدىغۇ» دىگەن چوڭ ئۇمىت بىلەن ئوچرەتمۇ كۇتمەستىن، ماشىنىنى ئۇدۇل كېمە سۇ ـ پىسىغا هايداپ ئاپىرىدۇ. لېكىن ئىش ئۇنىڭ كۇتكىنىدەك بولمايدۇ. هاسان توك ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ: «ماشىناڭنى نىمە دەپ بۇ يەرگە تىقىۋالىسەن! ماڭ جۇگۇ، ئوچرەتتە تۇر!»دەپ «توڭلۇق» بىلەن ۋاقىرايدۇ. شوپۇر : مېنى تونىماي قالغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ، ئوزىنى تونۇشتۇرىدۇ ، ھەتتا ئاشخانىغا باشلاپ مېھمانمۇ قىلىدۇ. ئەمما هاسان توك ئۇنىڭغا ئاۋالقىدەكلا قوپال مۇئامىلە قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە «مەن»گە نوۋەت كەلگەن چاغدا، ئۇنى ئوتكۇزمەس ـ تىن 3 پاسازىر ئاپتوۋۇز بىلەن دوختۇرخانىنىڭ قۇتقۇزۇش ماشىنىسىنى ئوتكۇزىدۇ. بۇنىڭ ـ دىن شوپۇرنىڭ قاتتىق ئاچچىغى كېلىپ، هاسان توك بىلەن تۇتۇشۇپ قالىدۇ. شۇندىن كېيىن «مەن» 5 ـ 6 قېتىم دەريادىن ئوتكەن بولسىمۇ، هاسان توك ئوخشاشلا «قوپاللىق بى ـ لەن ئوچرەت بويىچە ئوتكۇزىدۇ. بۇ چاغدا بىزنىڭ هاسان توڭغا بولغان كوز قارىشىمىزدا زىددىيەت شەكىللىنىدۇ.

بۇ ئەسلىمىدىن كېيىن، ئەسلى ۋەقەگە قايتىلىغان. بۇنىڭدىن بۇرۇن چۇشىنىپ بولماي ـ دىغان هاسان توڭنىڭ خاراكتىرى هىكايىنىڭ ئاخىرقى قىسمىدا يېشىلىدۇ. ئۇنىڭ خوشامەت ـ كۇيلۇقنى ياقتۇرمايدىغان ، كوڭلى تۇز، ساددا، مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە جانپىدالىق بىلەن ئىشلەيدىغان، خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى كوزلەيدىغان ئەسلى خاراكتىرى روشەنلىشىدۇ.

شوپۇر «مەن» هاسان توك يېتىپ كەلگىچە دەريادىن ئالدىدا ئوتۇۋېلىش مەق ـ سىدى بىلەن دەريا بويىغا كەلگەندە، ماشىنىلارنىڭ بەك كوپلىگىنى ۋە دەريانى شۇرمەل قاپلاپ، كېمىنىڭ چورىسىنى مۇز تۇتۇپ كەتكەنلىگىنى كورۇپ، گۇڭشېغا قايتىپ كەتمەكچى بولىدۇ. دەل شۇ پەيتتە، هاسان توك يېتىپ كېلىپ، كېمىچىلەرنى ھەركەتلەندۇرۇپ، شوپۇر ـ نىڭ ماشىنىسىدا كېسەل بارلىغىنى كوزدە تۇتۇپ، بىر ئامال قىلىپ ماشىنىنى دەريادىن ئوت ـ كۇزۇش مەقسىدىدە كېمىگە چىقىرىدۇ. بۇ چاغدا «مەن» مۇنداق ئويلايدۇ: «5كىلوگىرام سۇ مېيىمنىڭ تازا هالقىلىق پەيتتە كۇچىنى كورسىتىۋاتقانلىغىنى ئويلاپ، مېيىغىمدا كۇلۇۋەت ـ تىم، ئەھۋالغا قارىغاندا، بۇگۇن كەلگەن شوپۇرلارنىڭ ئىچىدە بىرەرسىمۇ هاسان توڭنىڭ كېلىنغا ئورمىغان ئوخشايدۇ».

هاسان توك باش بولۇپ مىڭبىر جاپالار بىلەن كېمىنى هايداپ، ماشىنىنى چىقىرىدۇ. 5 كىلوگىرام سۇ مېيى ۋە ئاشخانىدا يىگەن تاماقنىڭ پۇلىنى يەنە شۇ ئىلگىرىكى «قوپال»

مۇئامىلىسى بىلەن شوپۇر «مەن» گە قايتۇرۇپ بېرىدۇ.

مانا بۇلاردىن ھاسان توڭ «قەدىرلىگەننى بىلمەيدىغان»، يۈز - خاتىرە قىلىشنى ئۇقمايدىغان، قوپال، توڭ ئادەمدەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسى پاك، ناھايىتى ساددا، كۆڭلى - كۆكسى كەڭ، ھەممىگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىدىغان، ئومۇمنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەشتەك ئېسىل پەزىلەتكە ئىگە ئىنسانسۆيەر خاراكتېرىنى ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز.

دېمەك، ھاسانكام ھېكايىنىڭ باش قىسىملىرىدا شوپۇر «مەن» ئويلىغانغا ئوخشاش پارىخور، خوشامەتچى، مىجەزى چېپچىلاڭغۇ ئادەمدەك، بىزنىڭ ھېسسىياتىمىزدا ھېلى ئۇنداق، ھېلى مۇنداق چۈشەنچىنى پەيدا قىلىدۇ. ئاخىرقى قىسىمغا كەلگەندە ئۇنىڭغا بولغان چۈشەنچىمىز ئايدىڭلىشىپ، ھېسداشلىقىمىز كۈچىيىدۇ. شوپۇر «مەن» مۇ قايتۇرۇپ بەرگەن 15 يۈەن پۇلنى تۇتالمىغىنىچە ئوڭايسىز ھالەتتە تۇرۇپ قالىدۇ.

كېيىنچى خاراكتېرنىڭ مۇنداق تەبىئىي ئېچىلىشىنى ئەسەردىكى بەدىئىي چىنلىق مەسىلىسىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە.

ئاپتور يەنە شوپۇر «مەن»نىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىدىكى زىددىيەتلەرنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆڭۈل قويۇپ تەسۋىرلەپ، بۇنىڭمۇ ئۆزىگە خاس خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى ئېچىپ بېرىشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن.

ئەسەرنىڭ تىلىمۇ ئىخچام، جانلىق، قۇرۇلمىسى پۇختا بولۇپ، بۇ ھېكايىنى ھازىرقى زامان پىروزا ئىجادىيىتىمىزدىكى پېرسوناژلارنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقى ياخشى گەۋدىلەندۈرۈلگەن ئەسەرلەرنىڭ بىرى دېيىشكە بولىدۇ.

ئەنۋەر مەتسەيدى، ئومەر مەھەممەتئىمىن

## «شائىر ۋە خەنجەر» نى ئوقۇغاندىن كېيىن

مەن «ئىلى دەرياسى» ژورنىلىنىڭ 1983 - يىللىق 3 - سانىدا ئېلان قىلىنغان يولداش قاسىم سىدىقنىڭ «شائىر ۋە خەنجەر» ناملىق شېئىرىنى قىزغىن ئىشتىياق بىلەن بىر نەچچە قېتىم ئوقۇپ چىقتىم.

شېئىردا قازاق خەلقىنىڭ ئاتاقلىق شائىرى تاڭجارىقنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكى، خەلقسۆيەر ئالىيجاناپ پەزىلىتى قىزغىن مەدھىيىلەنگەن، شۇنداقلا، شائىر ئىجادىيىتىنىڭ تارىختىكى ئورنىغا يۈكسەك باھا بېرىلگەن.

شائىر شېئىرىنىڭ باش قىسمىدا سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، بىر دەۋردە ياشىغان شائىرلارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئىجتىمائىي رىئاللىققا تۇتقان ئوخشاش بولمىغان پوزىتسىيىسىنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ بىر - بىرىگە تامامەن قارىمۇ - قارشى بولغان

ئىككى خىل مەنىۋى دۇنياسىنى ئېچىپ بەرگەن. تاڭجارنىڭ ئوخشاش «جاھالەت ئەۋجىدە، چېقىندەك چاقناپ»، شېئىردىن ئىبارەت بۇ ئۆتكۈر خەنجەرنى خەلق ئۈستىدىن زۇلۇم قامچىسىنى ئوينىتىۋاتقان زوراۋانلارنىڭ مەينەتلىشىپ كەتكەن روھىي دۇنياسىغا رەھىمسىزلەرچە سانچىغان دېموكراتىك ئىنقىلاۋىي شائىرلارنىڭ جەڭگىۋار ھاياتىغا قىزغىن مەدھىيە ئوقۇسا، يەنە بىر جەھەتتىن «زامانغا يېقىشىپ»، «زامانغا ياقىسىلا، قان بىلەن يىرىڭىدائېقىشىپ»، «زۇلۇمنى - زورلۇقنى ئۇلۇغلاپ» بۇلغىنىپ يۈرگەن، «قەلەمدىن نەپ ئېلىپ» شېئىردىن ئىبارەت بۇ جەڭگىۋار قورالنى خوشامەت بىلەن جاھانسازلىقنىڭ رامىغا ئايلاندۇرۇۋالغان «ساراي غالچىلىرى» غا چەكسىز غەزەپ - نەپرەت بىلدۈرگەن. ئۇلارنىڭ ھاياتىنىڭ كېپىللىكى ئۈچۈن، ۋىجدانىنى سېتىشتەك رەزىللىكى ئۆتكۈر قامچىلانغان.

شائىر ئومۇملۇقتىن ئايرىملىققا، ئايرىملىقتىن كونكرېتلىققا ئۆتۈشتەك تەپەككۇر ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، پىكرىنى قەدەممۇ - قەدەم چوڭقۇرلاشتۇرۇپ بارغان.

شائىر شېئىرنىڭ باش قىسىملىرىدا تاڭجارنىڭ ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈپ بولغاندىن كېيىن، «شېئىرىيەت سەن قانداق موجىزە» دەپ، شېئىرغا مۇراجىەت قىلىش ئارقىلىق ھىسسىياتىنى بىردىنلا دولقۇنلىتىپ، شېئىردىكى مەنىۋى مۇھىتنى يۇقۇرى بالداققا كۆتىرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كىتاپخاننىڭ «شېئىر» دىن ئىبارەت بۇ مەۋھۇم چۈشەنچىگە بولغان تەسەۋۋۇرىنى قوزغاپ، چوڭقۇر تەپەككۇر مۇھىتىغا باشلاپ كىرىدۇ. ئارقىدىنلا تاڭجارنىڭ شېئىرلىرىغا بېرىلگەن يۈكسەك باھا ئارقىلىق شېئىرنىڭ نىمە ئىكەنلىكىگە مەنتىقىلىق ھالدا ئېنىق ۋە مۇكەممەل جاۋاپ بېرىپ، كىتاپخاندا پەيدا بولغان «شېئىر» توغرىسىدىكى چۈشەنچىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ.

بىرەر ئەدىبىي ئەسەرنىڭ كىشىلەرگە بەدىئى زوق بېرىش - بېرەلمەسلىكى ئەسەردە ئەكس ئەتتۈرمەكچى بولغان ئىدىيىۋى مەزمۇننى تۇرمۇش چىنلىقىغا ئۇيغۇن بولغان ۋەقە - ھادىسىلەر ئارقىلىق بەدىئى تىل ۋە ئوبرازلىق تەپەككۇرنىڭ ياردىمىدە تەسىرلىك ۋە ئېنىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىش - بېرەلمەسلىكىدە كۆرۈلىدۇ.

بۇ شېئىردا فورمىلاشتۇرۇش، ئۇقۇملاشتۇرۇشتەك ئەندىزىچىلىك ئىللەتلىرى كۆرۈلمەيدۇ. قاپىيە ئېھتىياجىدىن سورەپ كىرىلگەن سەلتەنەتلىك، دەبدەبىلىك سوز-ئىبارىلەرمۇ يوق، ئۆتكۈر ۋە ئاددى، ئاممىباپ تىللار ئارقىلىق ساغلام بولغان يۈكسەك ئىدىيىۋى مەزمۇننى ئىپادىلەپ بېرەلىگەن. شېئىرنى ئوقىغان ئادەم ئىجادىيەتنىڭ نىمە ئىكەنلىكىنى، ئىجادىيەتكە قانداق پوزىتسىيە ۋە مۇئامىلىدە بولۇش كېرەكلىكىنى، شائىرنىڭ بۇرچى نىمە ئىكەنلىكىنى ئېنىق چۈشىنىۋالالايدۇ. بولۇپمۇ ئىجادىيەتكە يېڭىدىن قەدەم قويغان ھەۋەسكارلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، تەربىيىۋى ئەھمىيىتى خېلى زور.

دىمەك، بۇ شېئىرنى بەدىئىلىك جەھەتتىن بولسۇن، ئىدىيىۋىلىك جەھەتتىن بولسۇن، بىر قەدەر مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان ئەسەر دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

ئابدۇللا تۇرسۇن

## «رەمچى» ھىكايىسى ئۈستىدە تەسىراتىم

«ئىلى دەرياسى» ژورنىلىنىڭ 1982 ـ يىل 4 ـ سانىدىكى يولداش تۇرسۇن قاسىمنىڭ «رەمچى» ھىكايىسى مەزمۇنىنىڭ مولluغى ، ھەجىمىنىڭ ئىخچاملىقى، تىلىنىڭ بىر قەدەر پىششىقلىقى بىلەن كىتاپخانلارنىڭ كوزىگە ئالاھىدە چېلىقىپ تۇرىدۇ.

ئاپتور ھىكايىدە مۇرەككەپ سوز ـ جۈملىلەر قوغلاشماي، ئادەتتىكى تۇز تىل تەسۋىرى بويىچە ۋەقەلىكنى بايان قىلغان بولغاچقا، ھىكايىدە قارىماققا ئارتۇقچە بىرەر ئالاھىدىلىك يوقتەك سېزىلىدۇ، لېكەن ھىكايىگە پارتىيە 3 ـ ئومۇمىيغىنىدىن كېيىنكى ئوزگىرىش، يېزا ئىقتىسادىي سىياسەتلىرىنىڭ دىخانلارغا ئېلىپ كەلگەن يېڭى ھاياتىي كۈچى مۇھىم مەزمۇن قىلىپ سىڭدۇرۇلگەن. ئاپتور ھىكايىنىڭ تېمىسىنى ئېچىپ بېرىش ئۈچۈن، ئاساسىي ۋەقەنى مال بازىرىدىن باشلىغان، ئاندىن مال بازىرىدىن قايتىپ چىقىپ، رەمچىگە يولىققىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئاشخانا، سامسىخانا،قاسساپبازىرى قاتارلىق بازارلارنىڭ مەنزىرىچىلىكىگە ۋەكىللىك قىلالايدىغان بىر قانچە ئورۇنلارنى ئاددىلا بىر قانچە جۈملىلەر بىلەن تەسىرلىك قىلىپ تەسۋىرلەپ خەلق تۇرمۇشىدىكى ئوزگىرىشلەرنى سۇرەتلەپ بەرگەن. ئارقىدىنلا، رەمچىنىڭ ھىلىسىنى پاش قىلىشقا ئوتكەن. رەمچى پۈتۈن ھىلىسىنى كورسىتىپ بولغاندىن كېيىن، ئاپتور ئېشەكنىڭ تېپىلغانلىق خەۋىرىنى رەمچىنىڭ ئالدىدا جاكالاش ئارقىلىق، بىر تەرەپتىن، رەمچىنىڭ ھىلىگەرلىكىنى پاش قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن، دادىسىنىڭ خۇراپى كوز قارىشىنىڭ بەرباد بولغانلىقىنى ئېچىپ بەرگەن.

ئومۇمەن ئالغاندا، بۇ ھىكايىنى مەيلى مەزمۇن جەھەتتىن بولسۇن، ياكى بەدىئىلىك جەھەتتىن بولسۇن، بىر قەدەر ياخشى چىققان دەپ مۇئەييەنلەشتۇرۇشكە بولىدۇ. مۇھىمى، ئاپتور ھىكايىدە چىنلىققا ھورمەت قىلغان، چىنلىقتىن تەسىرلەنگەن. شۇڭا، ھىكايە كىشىنى تەسىرلەندۇرەلەيدۇ. بۇنى ئاپتور ئىجادىيىتىنىڭ مۇھىم توھپىسى دەپ قاراشقا بولىدۇ.

يولداش تۇرسۇن قاسىمنىڭ ھازىرقى تەشۋىقاتىنىڭ مۇھىم يونىلىشىگە يۈزلىنىپ، 3 ـ ئومۇمىيغىنىدىن كېيىنكى ئوزگىرىشلەرنى ئەكس ئەتتۇرىدىغان ياخشى ئەسەرلەرنى كوپلەپ ئىجات قىلىشىنى ئۈمىت قىلىمىز.

مەتتۇرسۇن ھەسەن

## ئاز بولسىمۇ ساز يېزىلغان بىر پارچە ھىكايە

يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان ھەر قايسى گېزىت، ژورناللاردا « ئاز بولسىمۇ ساز بولغان » ياخشى ھىكايىلار مەيدانغا كېلىپ، كەڭ كىتاپخانلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا سازاۋەر بولماقتا. « ئىلى دەرياسى » ژورنىلىنىڭ 1983 ـ يىل 3 ـ سانىغا بېسىلغان يولداش ھېزىم قاسىمنىڭ « قىرىق بەش مىنۇتلۇق قۇتقۇزۇش » ناملىق ھىكايىسىنى ئەنە شۇ خىلدىكى بىر

قەدەر ياخشى يېزىلغان ھىكايىلاردىن دېيىشكە بولىدۇ .
ھىكايىدا ئاپتور مەلۇم بىر ئىدارە باشلىقىنىڭ چارچاپ كەتكەنلىكتىن ئۇخلاپ قالغانلىـ
قى، مائاۋىن باش كاتىپنىڭ ئۇنى « ئولۇپ قاپتۇ » دەپ بىلىپ، چاقماق تېزلىكىدە مۇناسـ
ۋەتلىك ئورۇنلارغا خەۋەر يەتكۈزۈپ، قۇتقۇزۇش ئۈيۈشتۈرۈپ، بىرمۇنچە « جاپا » تارتقانلىقىـ
دىن ئىبارەت كورۇنۇشلەر ئارقىلىق « تەخسكەشلىك»، « خۇشامەتچىلىك » بىلەن كۈن ئوتكۇ-
زۇدىغان كىشىلەرنى تەنقىت ئاستىغا ئالغان ھەم ئۇ خىلدىكى كىشىلەرنىڭ سوتسيالىستىـك
جەمىيىتىمىزدە هامان كۈلكىگە قالىدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتى مەغلۇبىيەت بىلـەن ئاخىر-
لىشىدىغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ مەركىزىي ئىدىيە ئالغا سۈرۈلگەن .
كاتىپــبۇ ھىكايىدىكى ئاساسلىق سەلبىي پېرسوناژ. ئۇ جەمىيىتىمىزدىكى خۇشامەتچى-
لىكنى ئوزىگە كەسىپ قىلىپ، باشلىقلارغا « ياخشىچاق » بولۇش بىلەن جان باقىدىغان ناچار
ئىللەتلىك كىشىلەرنىڭ تىپىك ۋەكىلى. ئۇنىڭ خاراكتېرى ھىكايە سيوژىتىنىڭ تەرەققىياتىـ
غا ئەگىشىپ ، تەدرىجى روشەنلىشىدۇ .
ئىدارىنىڭ مائاۋىن باشلىقى ئابىخان توغرىسىدا ئاپتور كوپ تەپسىلاتلار بەرمىگـەن
بولسىمۇ، بىز ئابىخانىنىڭ كاتىپقا ئوخشاش كىشىلەرنى نەزەردە تۇتۇپ: « نېمىشكە مۇشۇنداق
قىلىدىكىنە ؟مۇشۇنداق قىلىدىغانــلار نېمــىشــكە كوپــىيــىــپ كېــتىــۋاتــىدىــغانــدۇ ؟
بۇــ بىــزلــەرنــىڭ ئــامــمە ئىــچــىدىــكــى يىلتىزىمىزنى قۇرىتىدىغان يىلتىز قىرغۇچ قۇ-
رۇت ئەمەسمۇ ؟ » دەپ ئويلاشلىرىدىن ئۇنىڭ خاراكتېرىنى بىلىۋالالايمىز .
بۇ ھىكايىدا يېزىلغىنى پەقەت بىرقانچە مىنۇت ئىچىدىلا يۈز بەرگەن « ئۇششاق - چۇ-
شەك ئىشلار ». ئاپتورنىڭ تۇرمۇشنى كۈزىتىش ئىقتىدارىنىڭيۇقۇرىلىقى ۋە پىششىق بەدىئى
ماھارىتى بولمىغان بولسا ، ئۇ ئادەتتىكى بىر قۇرۇق ۋەقەلىكلەر تىزىلمىسى بولۇپ قالـغان
بولاتتى. بۇ ھىكايىدىكى سيوژىت ۋە زىددىيەت توقۇنۇشلىرى بىر قارىماققا رىـال تۇرمۇش -
تىن سەل چەتنەپ كەتكەندەك كورۇنىسمۇ، ئەمىلىيەتتە بۇ ھىكايىدا تەسۋىرلەنگەندەك ئۇقۇش-
ماسلىقلارنىڭ بولىشى مۇمكىن. بۇــ تۇرمۇش لوگىكىسىغا تامامەن ئۇيغۇن. ئاپتورنىڭ رىال
تۇرمۇش ئىچىدىــكى بۇ ئىــنتايىــمــن كــىــچــىــك بــىــر دىــتــالــنــى
تاللىۋېلىپ، ماھىرلىق بىلەنپىششىقلاش ئارقىلىق ئۇنى يومۇرلۇقۋە ساتىرىكخۇسۇسىيەتلەرنى
ئوزىگە مۇجەسسەملەشتۇرگەن، ئوز ھەجمىگە نىسبەتەن ئىنتايىن كەڭ ۋە چوڭقۇر مـەزمۇننى
ئىپادىلەپ بېرەلىگەن، مۇكەممەل بىر بەدىئى ئەسەر قىلىپ چىقالىغانلىقى بۇ ھىكايىـنىڭ
ئاساسلىق مۇۋەپپەقىيىتىدۇر.

ئەركىن نۇر

ئوقۇغۇچىلار شېئىرلىرىدىن

# ئۈچ شېئىر

ئابدۇرۇسۇل سېيىت

## گۈزەل ئىقبال ...

تەئەللۇق زور بەخت ئەندى ھالال قان ـ تەرنى توككەنگە ،
ھەقىقى ئىشتىياق باغلاپ ئىلىم كانىغا چوككەنگە .

جاسارەت، ئىجدىھات بىرلە داۋام ئالغا قەدەم تاشلاپ ،
ئۇلۇغۋار غايە ـ مەقسەتنى كوڭۇل تەكتىگە پۈككەنگە .

سائادەت دىلبىرى باقماس ئىقتىماي تەرنى ماڭلايدىن ،
رىيازەت ۋەجىدىن ۋايساپ ھامان دالدىغا موككەنگە .

گۈزەل ئىقبال قۇچاق ئاچقاي كۈلۈپ نۇرانە چولپاندەك ،
ئىلىم ـ پەندىن كوڭۇل ۋادىسىغا گۈل ـ كەشتە چەككەنگە .

## پارچىلار

ئىللىق بول دائىما ئاممىغا دوستۇم،
چۈشمىگىن بولگۈنچى دامىغا دوستۇم.
ئۈملىشىپ تەر توكۈپ قىلغاندا كۈرەش،
مەي تولار بەختىنىڭ جامىغا دوستوم .

× ×

ئۈرلىسەڭ مۇشكىلات تېغىدىن ئۆتۈپ
بەخت ۋە ھالاۋەت ئالىدۇ كۈتۈپ .
ئۆمرۈڭنى ئۆتكۈزسەڭ مەنىسىز ـ قۇرۇق،
پۇشمانغا قالۇرسەن بىر كۈن ياش توكۈپ

# ئىككى شېئىر

نىجات سوپى

## ئەجداتلار ئىزى

ھەرقېتىم باققاندا بۇ يولغا ،
كورىمىز يالقۇنلۇق ئىزلارنى .
بارغانچە يېڭىلاپ بىز ئۇنى ،
قىلىمىز نى ـ نى زور ئىشلارنى .

ئۇ بىلەن جاھانغا نامايەن،
خەلقىمىز كورسەتكەن جاسارەت.
مىسالى: ھۈنەر ۋە سەنئەتنىڭ،
كوكىدە چاقنىغان ماھارەت.

قان - ياشلار ئۈستىگە قۇرۇلغان،
مىڭ يوللۇق سەددىچىن سېپىلى.
تۇرپاننىڭ مىڭ ئۆيى - بېزەكلىك،
مىڭ يىللىق تارىخنىڭ كېپىلى.

قەدىمىي يىپەكلىك يولى بۇ،
ئەجداتلار ئىزىدىن يارالغان.
تارىختا تۇنجى رەت شۇ يولدىن،
داڭقىمىز ئالەمگە تارالغان.

×

ھەر قېتىم باققاندا بۇ يولغا،
كورىمىز يالقۇنلۇق ئىزلارنى.
بارغانچە يېڭىلاپ بىز ئۇنى،
قىلىمىز نى - نى زور ئىشلارنى.

## سىڭلىم ئارزۇسى

يەتتە ياشلىق سىڭلىم مېھرىبان،
كىيىۋاپتۇ ئاپپاق خالاتنى.
بىر ئەپلىكلا ئۇرۇپ «ئۇكول» نى،
«داۋالار» ئۇ، ئىنىم پولاتنى.

نىمە ئىش بۇ، دىسەم قىزىقىپ،
سوزلەپ كەتتى: «دوختۇي بولىمەن.
چوڭ بولغاندا مەنمۇ ھەدەمدەك،
ئاغىقلاغا ئۇكول سالىمەن».

ئاڭلاپ بۇنى سويۇندى قەلبىم،
ئەقلىڭىزدىن ئورگىلەي، دىدىم.
ئېچىلدى كەڭ مەرىپەت ئىشىگى،
ئارزۇ ئۈچۈن ئېلىڭ كوپ بىلىم.

## دوستۇمغا

ئابدۇكېرىم ئىمىن

تەپەككۇر كوزىدە چەكسىز ھايات دۇنياسىغا باقساڭ،
ئىلىم دەرياسىدا دائىم ئۇلۇغ دولقۇن يېرىپ ئاقساڭ،
كوڭۇل ئارزۇلىرىڭ كۆلگەي قۇياشتەك يالتىراپ نۇرلۇق،
ئۇمىتىڭ يۇلتۇزىنى سەن دىلىڭغا مەڭگۈلۈك تاقساڭ.
ئۇنىڭسىز ياشنىماس ئومرۈڭ باھارى گۈللىنىپ ھەرگىز،
ئۇنىڭسىز كۈنلىرىڭ ئوتكەي بىھودە، بىۋىسال - تەمسىز،
گۈزەل ياشلىقتا يار تۇتقىن ئۇلۇغۋار غايىنى ئەي دوست،
مۇرادىم غۇنچىسى خۇشبۇي پۇراق چاچسۇن دىسەڭ چەكسىز.

بۈگۈن كەڭرى زامان قوينى ئىجاتكار ئەھلىگە شۇنچە،
بىلىمنىڭ كانىدىن قازغىن باھاسىز مول گوھەر-ئۈنچە،

كوتەرگەي بېشىدا ئەل - يۇرت، توكۇپ دۇردانە ماڭلايدىن
دىيارىڭ باغرىغا چەكسەڭ ئەجادىڭدىن چېچەك - غۇنچە.

## ئىقبال ئۈچۈن

رىشات تۇرسۇن

هاياتلىق — دۇنيادا ياشاش دىمەكتۇر،
ياشاشنىڭ مەنىسى يەڭمەك جاپانى.
كۆرەشسىز هاياتتا بولماس گۈللىنىش،
گۈللىنىش سويىدۇ ئەجىر، ۋاپانى.

ۋىجدانىم هەر نەپەس ئۈندەيدۇ شۇڭا،
ئىزلەشكە ئىقبالنى كۆرەش قوينىدىن.
شۇ ئىقبال ئىشقىدا يېنىپ - ئوت بولۇپ،
بارىمەن دالىجىماي مەرىپەت يولىدىن.

## رۇبائىلار

غوپۇر رۇسۇل

بېشىمغا جۈت - جۈدۈن سالسىمۇ ئەجەل،
ۋەتەن دەپ ياڭرىتىپ ئېيتىمەن غەزەل.
ۋەتەنسىز جەننەتكە كىرگەندىن كورە،
ۋەتەن دەپ دوزاقتا كويگىنىم ئەۋزەل.

مەن ساڭا ئاشىق دىسەم، پەن: يار بولايلى كەل، دىدى،
سەن ئىرادە كەمىرىدە باغلىساڭ چىڭ بەل...، دىدى.
مەن بۈيۈك غايىنى قەلبىمگە پۈكۈپ كەلدىم، دىسەم،
يەتكۈزىمەن مەقسىدىڭگە، مەندە ئىمكان تەل، دىدى.

## ئاسلانچاق

سەييارە ئومەر

ئاسلانچىغىم، ئاسلانچاق،
ئاپپاق ئوماق ئاسلانچاق.
زەپ ياراشتى بوينۇڭغا،
ئاسسام مونچاق، ئاسلانچاق.

كورسەڭ ئوغرى - چاشقاننى،
قويمايسەن ساق، ئاسلانچاق.
شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ساڭا،
بەكمۇ ئامراق، ئاسلانچاق.

تارىختىن سۆز

# ئىلى تارىخى ئۈستىدە ئىزلىنىش①

مەتىمىن ھوشۇر

## قەدىمقى شەھەر — ئالمالىق

ئىلى ئەزەلدىن ئۆزىنىڭ ئالمىسى بىلەن مەشھۇر، ئاز دېگەندە بۇنىڭدىن 1400 يىل ئىلگىرىلا ئىلىدا ئالما بولغان. ئورتا ئەسىرگە كەلگەندە، ئىلىدا ئالما نامى بىلەن ئاتالغان بىر شەھەر قۇرۇلدى. مانا بۇ تارىختىكى مەشھۇر ئالمىلىق شەھىرىدۇر. جۇڭگونىڭ تارىخىي كىتابلىرىدا بۇ شەھەر «ئالمالى» دەپ ئاتىلىدۇ. دۇنيادا ئالما نامى بىلەن ئاتالغان بىردىن بىر قەدىمى شەھەرمۇ مۇشۇ ئالمىلىقتۇر. ئالما نامى قويۇلغان «ئالمۇتا» شەھىرى بولسا ئۇ چاغدا تېخى كىچىك بىر كەنت ئىدى.

ئالمىلىق شەھىرىنىڭ ئورنى كەڭسايىنىڭ غەربى، يەنى ھازىرقى قورغاس 61- تۈەن دائىرىسى ئىچىگە توغرا كېلىدۇ. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇ يەردە ھازىر چوڭ بىر مازاردىن باشقا ھېچنېمە قالمىغان. ئەينى يىللاردا ئالمىلىق شەھىرىنىڭ دائىرىسى چوڭ بولۇپ 50 چاقىرىمغىچە سوزۇلاتتى. بۇ يەردىن قېزىپ تېپىلغان يادىكارلىقلار ئىچىدە جۇڭگونىڭ قەدىمى تەڭگىلىرىدىن باشقا ئەرەپ پۇللىرىۋە ھېقىق بېزەكلەر ئۇچرايدۇ.

ئالمىلىق شەھىرىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى قۇرۇلغان ۋاقتى توغرىلىق ئېنىق بىر نىمە دېيىش قىيىن. تارىخىي كىتاپلاردا خاتىرىلىنىشىچە: مىلادى 1125- يىلى كىدانلار خان جەمەتىدىن بولغان يالۇغ تاشىن ئادەملىرىنى باشلاپ غەربكە كوچۇپ ئورتا ئاسىيادا دولەتىمىز تارىخىدا مەشھۇر بولغان غەربى لياۋ خاندانلىغىنى قۇرغان. بۇ چاغدا ئالمىلىق غەربى لياۋغا تەۋە بولغان بىر كىچىك پادىشالىقنىڭ مەركىزي ئىكەن. چىڭگىزخان باش كوتىرىپ چىقىپ، ئاسىيا - ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلىغىغا يۈرۈش قىلغاندا ئالمىلىقنىڭ شۇ يىللاردىكى پادىشاسى ئاۋزار چىڭگىزخانغا بويسۇنۇپ، ئۇنىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىشىغا قاتنىشىپ، چىڭگىزخاننىڭ قەدىرلىشىگە ئېرىشكەن.

1225-يىلى چىڭگىزخان ئۆزىنىڭ بويسۇندۇرغان بارلىق يەرلىرىنى توت ئوغلىغا بولۇپ

① بۇ ماقالا ئىلى تارىخى ئۈستىدە ئىزلىنىۋاتقان يولداشلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن، خەنزۇچە «ئىلى دەرياسى» ژورنىلىدا ئېلان قىلىنغان ئىلى تارىخىغا ئائىت بىر قانچە ماقالىلارنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن تۈزۈلدى.

بەردى. ئۇرۇشتا تۆھپىسى ئەڭ زور بولغان ئىككىنچى تەخت ۋارىسى چاغىتايغا ئوتتۇرا ئاسىيا بولۇپ بېرىلىپ، بۇ يەرلەردە چاغىتاي خاندانلىقى بەرپا بولدى. چاغىتاي غەرپكە يۈرۈش قىلغاندا تيانشاننىڭ شىمالىنى بويلاپ ئوتتۇرا ئاسىياغا ئىلگىرىلىگەن ئىدى. ھەربىي ئىقتىسادىي ئىشلارنىڭ زورۇرىيىتىدىن ئۇ تەلكە تېغى ئىچىگە يول ياساتتى. بۇ يولنىڭ ياسىلىشى ئالمىلىق شەھرى ئورنىنىڭ ئوسۇشى ۋە ئىلى رايونىنىڭ ئېچىلىشىدا مۇھىم رول ئوينىدى.

1268- يىلى غەربىي - شىمالدىكى موڭغۇل خان جەمەتلىرى توپىلاڭ كوتەرگەندە يۈەن سولالىسىنىڭ خانى قۇبىلەي ئۆزىنىڭ شىنجاڭغا بولغان ھوكۇمرانلىقىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ئالمىلىق شەھرىدە زۇڭدۇ تۇرغۇزۇپ، ئالمىلىق پادىشاسىنى نازارەت قىلغان. يۈەن سولالىسىنىڭ زاۋاللىققا يۈز تۇتۇشى بىلەن چاغىتاي خاندانلىقىمۇ بولۇنۇشكە باشلاپ، 14- ئەسىرنىڭ 20-يىللىرىغا كەلگەندە شەرق، غەرپ بولۇپ ئىككى قىسىمغا ئاجرالدى. شەرقى چاغىتاي خاندانلىقىنىڭ پايتەختى ئالمىلىق شەھرى بولدى. شۇندىن كېيىن، خېلى ئۇزۇن بىر مەزگىلگىچە ئالمىلىق شەھرى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سىياسى، ھەربى ئىشلار مەركىزى بولۇپ قالدى.

ئالمىلىق شەھرىنىڭ ئىزى دەپ پەرەز قىلىنغان يەرنىڭ شەرقىي تەرىپىدە ھازىر تۇغلۇق تومۇرخان مازىرى قەد كوتىرىپ تۇرۇپتۇ. تۇغلۇق تومۇرخان — چىڭگىزخاننىڭ 7- ئەۋلات نەۋرىسى، شەرقىي چاغىتاي خاندانلىقىنىڭ 2- خانى. ئۇ 18 ياش ۋاقتىدىلا خانلىق ئورنىغا ئولتۇرۇپ، 24 ياشقا كىرگەندە ئىسلام دىنىغا كىرگەن. 1364- يىلى تۇغلۇق تومۇرخان ئۆلگەندە ئۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ھەيۋەتلىك گۈمبەز سېلىنغان، گۈمبەزنىڭ ئايلانمىسى 67 مېتىر، ئېگىزلىكى 23 مېتىر بولۇپ، توت تەرىپىدە ئىشىكى بار. 600 نەچچە يىلدىن بېرى بۇ مازار يەنىلا مەزمۇت تۇرماقتا.



تۇغلۇق تومۇرخان مازىرى

## ئىلى جاڭجۈن مەھكىمىسى

1762- يىلى چىڭ خاندانلىقىنىڭ قوشۇنلىرى جۇڭغارلارنىڭ توپىلىڭىنى تىنجىتقاندىن كېيىن، پادىشا چيەنلۇڭ شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتىنى تۇراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئىلىدا

جاڭجۇن تۇرغۇزۇشنى قارار قىلىپ، جاڭجۇن مەھكىمىسىنى ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالىغا قۇرۇشنى بەلگىلىدى. جاڭجۇن ئۈچۈن سېلىنىدىغان قەلئەگە خان خۇيىۋەن① (كۈرە) دەپ نام بەردى. ئىلىنىڭ تۇنجى جاڭجۇنى مىڭ رۇي چىڭ قوشۇنىغا يېتەكچىلىك قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقى بىلەن بۇ قەلئەنى 1763- يىلى پۈتتۈردى. بۇ قەلئەنى 1871- يىلى ئىلى دەرياسى سوقۇپ كەتكەندىن كېيىن، 1883- يىلى كونا كۈرەدىن 7 كىلومېتىر يىراقلىقتا يەنە بىر قەلئە بىنا قىلىندى. ئىلى جاڭجۇن مەھكىمىسى مانا مۇشۇ كونا - يېڭى كۈرەلەرگە ئورۇنلاشقان ئىدى.

ئىلى جاڭجۇنى ئەينى يىللاردا شىنجاڭدىكى ئەڭ يۇقۇرى ھەربى ئەمەلدار ئىدى. ئىلى جاڭجۇنلىك ھوقۇقى چىڭ خاندانلىقىنىڭ ھەربى ئىشلار ۋەزىرى تەرىپىدىن بەلگىلىنىپ چەنلۇڭ پادىشا ئۆزى تەستىق سالاتتى. ئىلى جاڭجۇنلىكىنى تەسىس قىلىش ۋاقتىدا ھەربى ئىشلار ۋەزىرىنىڭ چەنلۇڭ خانغا سۇنغان ئىلتىماسىغا مۇنداق يېزىلغان: „...... ئىلى پۈتۈن شىنجاڭغا قارىتا ئېيتقاندا مەركىزىي ئورۇن. بۇ ئورۇندا بىر گېنېرال تۇرغۇزساق. ئۈرۈمچى، بارىكوللەردە تۇرۇشلۇق بارلىق مانجۇ، سولان، چاخار ۋە يېشىل تۇغلۇق قوشۇنلارنىڭ لەشكەر - ئەمەلدارلىرىنىڭ ھەممىسى ئىلى جاڭجۇنىنىڭ بىر تۇتاش باشقۇرۇشىغا بوي سۇنسا...يەركەن، قەشقەر ۋە قۇمۇل قاتارلىق ئورۇنلاردا تۇرۇۋاتقان ئەمەلدار - لەشكەرلەرنى جاڭجۇن قوشۇمچە باشقۇرسا... يەركەن، قەشقەر ئوخشاش مۇسۇلمانلار تۇرۇۋاتقان شەھەرلەرنىڭ ھەممىسى چېگرا تەرەپكە جايلاشقان. ئەگەر بۇ جايلارغا لەشكەر يۆتكەشكە توغرا كەلسە، ھەرقايسى ئورۇنلارنىڭ داچىنلىرى ئىلى جاڭجۇنى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ يۆتكىسە....“

كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى: ئىلى جاڭجۇنى ئەينى يىللاردا شىمالىي شىنجاڭ ۋە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ شۇنىڭدەك، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە قازاقلار ئىچىدىكى چىڭ خاندانلىقىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكەن بارلىق قەبىلىلەرنىڭ ئەڭ چوڭ ھوكۇمرانى بولغان. ئۇنىڭ ھوقۇقى تيانشاننىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىدىن بالقاش كۆلىنىڭ شەرقىي ۋە جەنۇبىدىكى كەڭ زېمىنلار دائىرىسىگىچە يۈرگۈزۈلەتتى. ئىلى جاڭجۇنىنىڭ قول ئاستىدا مەسلىھەتچى داچىن، ئىش بېجىرگۈچى داچىن، قۇر بېشى داچىن ۋە ھەر قايسى ئورۇنلارنىڭ يەرلىك مەنسەپدارلىرى بولاتتى. ئىلى جاڭجۇن مەھكىمىسىنىڭ تارىخىغا نەزەر سالساق، ئۇنىڭ تارىختىكى نەتىجىسىنى مۇنداق ئىككى نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ. بىرىنچىدىن، ئۇ چەتئەلنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى قوغدىدى. ئىككىنچىدىن قوشۇنلارغا يېتەكچىلىك قىلىپ بوزيەر ئېچىپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققى قىلدۇردى.

چىڭ خاندانلىقىنىڭ سىياسى جەھەتتىن چىرىكلىشىشكە ئەگىشىپ، ئىلى جاڭجۇنى باشلىق ھەر دەرىجىلىك ھەربى ۋە مەمۇرى ئەمەلدارلارمۇ چىرىكلىشىپ، جىنايەت، پارىخورلۇق ئومۇميۈزلۈك يامراپ كەتتى. چوڭ - كىچىك يامۇللارنىڭ بارلىق خىراجەتلىرى ۋە ھەرخىل ئالۋاڭ - ياساقلار بەگلەر ئارقىلىق خەلقنىڭ ئۈستىگە ئارتى-

① خۇيىۋەن - خەنزۇچە: پادىشانىڭ يىراقتا قىلغان ئىلتىپاتى، دېگەن مەنىدە.

لىپ پۇخرانىڭ يۈكى ھىساپسىز ئېغىرلىشىپ كەتتى.
شىنجاڭ خەلقىنىڭ نارازىلىغى كۈنسايىن ئېشىپ
ئاخىرى، 1864ـ يىلى پۈتۈن شىنـجاڭ مىقياسىـ
دا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قوزغىلاڭلىرى پارتـ
لىدى.

بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭنى دەسلەپتە كۇچار
خۇيزۇلىرىدىن مالۇڭ قوزغىغان ئىدى. ئۇ شەرـ
قىي تەرەپتىكى تۇت شەھەرنى ئالغاندىن كېيىن
ھەركەتنىڭ ئوتى باشقا جايلارغىمۇ تۇتىشىپ،
شۇ يىلى 10ـ ئايدا ئىلىدىكى ئۇيغۇر، خۇيـزۇ
قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەر قوزغالدى. ئۇـ
لار ئاۋال غۇلجا شەھرىنى ئېلىپ، 1866ـ يىلى
كۈرەنى ئىگـەلـلـىدى. شـۇ چـاغـدىـكـى
ئىلى جاڭجۇنى مىڭ شۇ ئايالى، ئىككى ئوغلى
ۋە بىر قىزى بىللەن بىللە ئوزىگە ئوت يېقىپ
ئولىۋالدى. شۇ قېتىم سانسىز چىڭ ئەسكەرلىـ
رى ئولدى. قوزغىلاڭچىلار غۇلجا شەھرىدە ئىـ
لى سۇلتانلىغىنى قۇردى. 1871 ـ يىلى چارروـ
سىيە ئەسكەر چىقىرىپ، ئىلى سۇلتانلىغىنى يوـ
قىتىپ، ئىلىنى يەتتە سۇ ئولكىسىنىڭ باشقۇـ
رۇشىغا قېتىۋالدى. شۇندىن باشلاپ 10 يىلغىـ
چە چارروسىيە ئىلىدا مۇستەملىكىچىلىك ھـوـ
كۇمرانلىغىنى يۈرگۈزدى. «جۇڭگو ـ روسىيـە
ئىلى شەرتنامىسى» ئىمزالانغاندىن كـېـيـىـن
ئىلى يەنە يېڭىۋاشتىن ۋەتەن قوينىغا قـايتىپ
كەلدى. بۇ ئون يىل ئىچىدە ئىلى جـاڭجـۇن
مەھكىمىسى كۈرە قەلئەسى بىلەن بىللە ئـۇـ
رۇش ئوتىدا كويۈپ، ئىلى دەرياسىنىڭ كەلـ
كۈن سۈيى ئۇرۇشى بىلەن بۇ يەر بىر خاراـ
بىزارلىققا ئايلاندى.

1883 ـ يىلى چىڭ خاندانلىغى دائىرىـ
لىرى كۈرەنى قايتا ياساشقا بۇيرۇق چۈشەرـ
دى. بۇ قېتىمقى ئىلى جاڭجۇنى جىـن شـۇن
1893 ـ يىلى هازىرقى يېڭى كۈرەنى ياسىتىپ
پۈتتۈردى. دىخانلار قوزغىلىڭىنىڭ زەربىسىگە
ئۇچراپ تۈمشۇغىغا يىگەن ئىلى جاڭجۇن مەھـ
كىمىسى ئاچچىق ساۋاقلارنى قوبۇل قىلمـاي،
ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنى تـېخىمۇ ئېغىر
ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشقا باشلىدى. جـاڭجـۇن
غوجام بىلەن ھەر قايسى ئەمەلدارلار كۈنبوـ
يى كۈرە ئىچىدە ئەيشى ـ ئىشرەت بىلەن كۈن
ئوتكۈزۈپ، خەلقنىڭ قان تەرىنى شورايتتى.
جاڭجۇن ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم سىرتقا چىـ
قىپ كوزدىن كوچۈرەتتى. جاڭجۇن دەرۋازىـ
دىن چىقىشى بىلەنلا 12 پاي پو ئېتىلاتـتى.
لەشكەرلەر مىلتىقلىرىنى بەتلىشىپ، ئاتلىقـلار
ئالدىدا، پىيادىلەر ئارقىدا ھەيۋە كـورسىتىپ
مېڭىشاتتى. جاڭجۇن سېپى ئوزىدىن يەرلـىك
خاقان ئىدى.

ئەڭ ئاخىرقى ئىلى جاڭجۇنى جىـرۇي
1912 ـ يىلى شىنخەي ئىنقىلاۋىنىڭ بـوران ـ
چاپقۇنى ئىچىدە ياڭ زەنشۇ باشلىق ئىنقىلاپ ـ



كۈرە راۋىغى

چىلار تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن 150 يىللىق ئىلى جاڭجۇن مەھكىمىسى خەلق ئىنقىلاۋىنىڭ دولقۇنى ئىچىدە ئۈزۈل - كېسىل غۇلاپ چۈشتى.

## ئىلىدىكى 9 قەلئە

چىڭ خاندانلىقى جۇڭغارلار توپىلىڭىنى تىنجىتقاندىن كېيىن، شىنجاڭنى ئېچىش ۋە چېگرا مۇداپىئەسىنى تېخىمۇ كۈچەيتىش ئۈچۈن كۈرە قەلئەسىنى سېلىپ، ئىلى جاڭجۇنىنى تۇرغۇزۇپ، چەنلۇڭنىڭ 26 - يىلىدىن 45 - يىلىغىچە بولغان 20 يىلچە ۋاقىت ئىچىدە كۈرەنى مەركەز قىلغان ھالدا شۇ ئەتراپقا 9 قەلئە سالدۇردى. بۇ قەلئەلەر مۇنۇلار:

1. تەلكە قەلئەسى. بۇ ئىلىدىكى 9 قەلئە ئىچىدە ئەڭ كىچىكى. سېپىل ئىگىزلىكى بىر جاڭ، ئايلانمىسى بىر يېرىم لى كېلىدۇ. بۇ قەلئە چەنلۇڭنىڭ 26 - يىلى (1761 - يىل) سېلىنغان. ئەينى يىللاردا بۇ قەلئە دۆلىتىمىزنىڭ غەربىي چېگرىسىدىكى مۇھىم ئۆتكەل ئىدى. تەلكە قەلئەسى جايلاشقان ئورۇننى يەرلىك كىشىلەر «ئالمىلىق» دەيدۇ. ئۇ تەلكە تېغى ئىچىگە ئورۇنلاشقان.

2. گۇاڭرىنچىڭ قەلئەسى. بۇ قەلئە ئىلىدىكى 9 قەلئە ئىچىدە تارىختا ئاتىغى چىققان قەلئەلەرنىڭ بىرى. ئۇ چەنلۇڭنىڭ 42 - يىلى (1777 - يىل) ياسىتىلغان. سېپىلىنىڭ ئېگىزلىكى بىر جاڭ ئۈچ چى، ئايلانمىسى ئۈچ لىدىن ئوشۇغراق. شەرق، غەرب، جەنۇب ئۈچ تەرىپىدە دەرۋازىسى بولغان. ئەسلىدە، يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئالمالىق باش مەھكىمىسى مۇشۇ ئورۇندا بولغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا چىڭگىزخان غەربكە يۈرۈش قىلغاندا بۇ ئورۇندا تۇرغان ئىكەن. ھازىر يەرلىك كىشىلەر بۇ يەرنى «لوسۇگۇڭ» دەيدۇ. ئۇنىڭ يەنە بىر ئومۇملاشقان ئىسمى — تۇتەي، چىڭ دەۋرىدە مۇشۇ يەردىن باشلاپ ئۈتەيگىچە بولغان ئارىلىقتا بەش لەشكىرى بېكەت بولۇپ، گۇاڭرىنچىڭ قەلئەسىنىڭ ئورنى بىرىنچى بېكەت بولغانلىقى ئۈچۈن «تۇتەي» ئاتالغان.

3. جەندىچىڭ قەلئەسى. بۇ قەلئەنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى يۇقۇرقى گۇاڭرىنچىڭ قەلئەسى بىلەن ئوخشاش. بۇ يەر ئەسلى «چاغان ئۇسۇ» دەپ ئاتىلاتتى. بۇ سوز جۇڭغار تىلىدا «سۇزۇك سۇ» دىگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. شۇڭا، ھازىر كىشىلەر بۇ يەرنى «چىڭسىخوزا» دەپ ئاتايدۇ.

4. كۈرە (خۈيىيۈەن) قەلئەسى. بۇ قەلئە ئىلىدىكى 9 قەلئە ئىچىدە ئەڭ چوڭى. ئۇ چەنلۇڭنىڭ 29 - يىلى (1764 - يىل) بىنا قىلىنغان. سېپىلىنىڭ ئېگىزلىكى بىر جاڭ تۆت چى، ئايلانمىسى توققۇز لىدىن كۆپرەك. بۇ قەلئەنىڭ تۆت تەرىپىدە تۆت دەرۋازا بولغان. چەنلۇڭنىڭ 59 - يىلىغا كەلگەندە قەلئە يەنە شەرق تەرەپكە كېڭەيتىلىپ، بازار ئىچى ئايلانمىسى ئون لىدىن ئاشۇرۇلغان. كېيىن بۇ قەلئە ئىلى دەرياسى سۈيىنىڭ ئېلىپ كېتىشى بىلەن ۋەيران بولغان. مانا بۇ ھازىرقى كىشىلەر ئېيتىدىغان كونا كۈرە. گۇاڭشۈنىڭ 8 - يىلى (1882 - يىل) كونا كۈرەدىن 15 لى يىراقلىقتا يېڭىدىن بىر قەلئە سالغۇزۇلدى. بۇ

هازىرقى يېڭى كۆرەدۇر . شىنجاڭدا ئۆلكە تە-
سىس قىلىنىشتىن ئىلگىرى چىڭ خاندانلىقى -
نىڭ تيانشاننىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىنى سو -
رايدىغان ئەڭ چوڭ ئەمەلدارى— ئىلى جاڭ-
جۈنى مۇشۇ كۆرەلەردە تۇرغان.

5. نىڭيۈەن قەلئەسى (غۇلجا). بۇقەلئە
چەنلۇڭنىڭ 27 - يىلى (1763 - يىل) تۇر -
غۇزۇلغان. قەلئەنىڭ تۆت دەرۋازىسى بولۇپ،
شەرقىي دەرۋازىسى «جىڭ شۇمىن»، غەربىي
دەرۋازىسى «خۇەيبىڭمىن»، شىمالىي دەرۋاز-
سى«گۇيجىمىن»، جەنۇبىي دەرۋازىسى «جيا -
خۇيمىن» ① دەپ ئاتىلاتتى. گۇاڭشۈنىڭ 3-
يىلى بۇ يەردە ناھىيە قۇرۇلۇپ «نىڭيۈەن نا-
ھىيە بازىرى» دەپ ئاتالغان. مىنگونىڭ دەس-
لەپكى يىلى يەنە «غۇلجا ناھىيە»گە ئۆزگەر-
تىلدى. بۇ بۈگۈنكى غۇلجا شەھرىدۇر.

6. خۈيىنىڭچىڭ قەلئەسى. بۇ قەلئەنىڭ
ئايلانمىسى ئالتە لىدىن كۆپرەك بولغان. ئۇ
كۆرەدىن ئىككى يىل كېيىنلا سېلىنغان. ئەپ-
سۇسكى بۇ قەلئە خېلى بۇرۇنلا ، يەنە تۇڭ -
جىنىڭ يىللىرى ئۇرۇشتا خاراپ بولغان . بۇ
يەرنىڭ ئەسلى ئىسمى «بایانداي»، بۇ سوز
موڭغۇلچە «بايلىق» دىگەن مەنىنى بېرىدۇ.
ئەينى يىللاردا بایانداي ئەتراپىدىكى يەرلەر
ناھايىتىمۇ مۇنبەت ئىكەن.

7. بایانداي بىلەن غۇلجا شەھرى ئوت-
تۇرىسىدا يەنە بىر قەلئە بولغان. بۇ شىچۈن-
چىڭ قەلئەسىدۇر. شىچۈنچىڭ دىسە هازىر بى-
لىدىغان كىشى ئاز. يەرلىك خەلقلەر بۇ يەر-
نى «چىلپەگزە» (كونا چىلپەگزە) دەيدۇ. يە-
نە بەزىلەر:«خاربۇلاق»مۇ دەپ ئاتايدۇ.بۇقەل-
ئە چەنلۇڭنىڭ 42 - يىلى ياسالغان. سېپىلى -
نىڭ ئىگىزلىكى بىر جاڭ، ئايلانمىسى ئىككى
لىدىن كۆپرەك. شەرق، غەرپ، جەنۇپ ئۈچ
تەرىپىدە دەرۋازىسى بولغان.

8. 9 قەلئەنىڭ ئىچىدە ئەڭ غەرپتىكى
بىر قەلئە گۇڭچېنچىڭ قەلئەسى. بۇ قەلئەنىڭ
ئىگىزلىكى بىر جاڭ يەتتەچىدىن ئوشۇق، ئاي-
لانمىسى ئۈچ لىدىن كۆپرەك. غەرپ، جەنۇپ، شەرق
ئۈچ تەرىپىدە دەرۋازىسى بولغان. بۇقەلئەنىڭ ئور-
نى هازىرقى قورغاس. «قورغاس» سوزى جۇڭغارلار
تىلىدا «مال باقىدىغان جاي» دىگەن مەنىدە.

9. سۈيدۇڭ قەلئەسى. بۇ قەلئە چەن -
لۇڭنىڭ 27 - يىلى سېلىنغان. سېپىلىنىڭ ئې -
گىزلىكى بىر جاڭ يەتتە چى، ئايلانمىسى تۆت
لىدىن كۆپرەك. شەرق، غەرپ، جەنۇپ ئۈچ
تەرىپىدە دەرۋازىسى بولغان. بۇ يەرنىڭ كو-
نا نامى «ئۇخارلىق». بۇ سوز جۇڭغار تىلىدا
«بېلىقچى قۇش» دىگەن مەنىنى بېرىدۇ. ئىل-
گىرى سۈيدۇڭنىڭ ئورنى بېلىقچى قۇشلار
توپ - توپ ئۇچۇپ يۈرىدىغان جاي ئىكەن.
شىنجاڭ ئۆلكە بولغاندا ئىلى جاڭجۈنلىك تو-
زۇمى بىكار قىلىنىپ، سۈيدۇڭ ناھىيە بولۇپ، ئىلى
مەھكىمىسى سۈيدۇڭ بازىرى ئىچىدە تۇرغان.

ئەينى يىللاردا بۇ 9 قەلئەدە لەشكەر
تۇرغۇزۇلاتتى. كۆرە، بایانداي قەلئەلىرىدە
مانجۇ لەشكەرلىرى تۇرغان. سۈيدۇڭ قاتار -
لىق 6 قەلئەدە يېشىل تۇغلۇق قوشۇن تۇر-
غۇزۇلغان. پەقەت غۇلجا قەلئەسىلا ئۇيغۇر تى-
جارەتچىلىرىنىڭ ئولتۇراقلاشقان ئورنى بولغان
ۋە بۇ يەرلەرگە هاكىمبەگ قاتارلىق مەنسەپ -
دارلار قويۇلغان.

---

① بۇ تۆت دەرۋازىنى ئۇيغۇرلار ئايرىم - ئايرىم ھالدا دەڭ دەرۋازا، كۆرە دەرۋازا، دولان دەرۋازا،
سۇ دەرۋازا دەپ ئاتىغان.

## ئىلىغا كىرگەن دىنلار

تارىختا شىنجاڭ، بولۇپمۇ ئىلى مەش ـ
ھۇر ئىپەك يولىنىڭ كۆللىنىشى بىلەن بىرگە
شەرق ۋە غەرپ مەدىنىيتىنىڭ كىرەلەشكەن
ئورنى بولۇپ كەلدى. تارىختىن بۇيان، ئول ـ
تۇراقلاشقان مىللەتلىرىنىڭ خىلمۇ ـ خىل بو-
لۇشى ئىلىنىڭ كوزگە كورۈنگەن ئالاھىدىلى ـ
گىدۇر. ئوخشىمىغان تارىخىي دەۋىرلەردە ئىلى-
دىكى ئاساسىي مىللەت بىلەن ئاساسىي بولمە ـ
غان مىللەتلەرنىڭ ئورنى ئالمىشىپ ، بۇ يەر-
دە بىردە خانلىق تىكلەنسە ، بىـردە ئايمـاق
قۇرۇلاتتى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ ئىلىغا كىرگەن
دىنلاردىمۇ ھەر دائىم ئوزگىرىش بولۇپ كەل-
دى . شامان دىنى، بۇددا دىنى، ئىسلام دىنى
ۋە خىرىستىيان دىنلىرىنىڭ ھەممىسى دىگىدەك
ئىلىدا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ سەھنىگەچىق-
قان. ئىلىدا ئەڭ دەسلـەپتە ئىـقىپ يـۈرگەن
دىن ـــ شامان دىنى ئىدى.

دولتىمىزنىڭ شىمالى تەرىپىدە ياشە ـ
غان قەدىمى ئالتاي تىل سىستىمىسىدىكى ياي-
لاق كىشىلىرىنىڭ ھەممىسى دىگىدەك شامـان
دىنىغا ئىتىقات قىلىپ، تەبىئەتتىكى مەلۇم نەر-
سىلەرگە چوقۇناتتى. ئۇلار تەبىئەتتىكى مە ـ
لۇم بىر ھايۋان ياكى نەرسىنى ئوز مـىللىتى-
نىڭ بەلگىسى (توتىم) قىلىپ، ئۇنى ئوز ئاتا-
بوۋىلىرىنىڭ روھى دەپ بىلەتتى. (مەسىلەن:
تۈركلەر بورىنى ئوز مىللىتىگە توتىم قىلغان).
كېيىن ـ كېيىن ئوز مىللىتىنىڭ ئەشۇ روھلى-
رىغا ئاتاپ نەزىر ـ چىراق قىلىدىـغان شامان
دىنى شەكىللەندى.

تارىخىي خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا ئى-
لى دائىرىسىدە ئەڭ بۇرۇن ياشىغان خەلـقلەر
ساكلار، ئۇلۇغ ياۋچىلار ۋە ئۇيسۇنلاردۇر. 8 ـ
ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ 10 ـ ئە ـ
سىرنىڭ 40ـ يىللىرىغىچەئىلىغاقارلۇقلارھوكۇم-
رانلىق قىلدى. مۇشۇ ۋاقىتتىن باشلاپ ئىلـىغا
ئىسلام دىنى كىرىشكە باشلىدى. ئۇنىڭدىن ئىل-
گىرى ئىلى شامان دىنىنىڭ ماكانى بولغان ئى-
دى. تارىخىي تەرەققىياتنىڭ ئىلگىرىلىشىگە ئە-
گىشىپ ، دۇنياۋىي دىنلار بولغان بۇددا دىنى،
ئىسلام دىنى ۋە خىرىستيـان دىنلىرىنىڭتارقى-
لىشى بىلەن ئىپتىدائى دەۋرگە مەنسۇپ بول-
غان شامان دىنى تېزدىن يىمىرىلدى.

× × ×

بۇددا دىنىمۇ مەملىكىتىمىزدىكى قەدى-
مىي دىنلارنىڭ بىرى. دەسلەپ ئۇ ھىندىستان
ئارقىلىق تارىم ۋادىسىغا تارقالغان. جاڭچيەن
غەرپكە بېرىپ قايتقاندىن كېيىن، ئاندىن بۇ
دىن ئىچكىرىگە تارقىلىشقا باشلاپ، ئىككىخەن
دەۋرىگە كەلگەندە ئاستا ـ ئاستا خەلق ئىچى-
گە ئومۇملاشقان. تارىخىي خاتىرىلەردىن قا ـ
رىغاندا: بۇددا دىنىنىڭ دەسلەپكى تارقـاتقۇ-



موڭغۇلكۈرە لاما ئىبادەتخانىسى

چىلىرى ئىچىدە ئۇلۇغ ياۋچىلار كوپ بولغان.
ئۇلۇغ ياۋچىلار بىر مەزگىل ئىلىدىكى ئاساسـ
لىق مىللەت بولۇپ تۇرغاچقا، خېلى ئۇزۇن بىر
ۋاقىتلارغىچە ئىلى رايونىدىكى بۇددا دىنى كىـ
شىنى بىزار قىلغىدەك ھالغا يەتكەن ئىدى. مىـ
لادى 1128ـ يىلى كىدانلار بىلەن خەنزۇلار ئوتتۇر-
تا ئاسىياغا كوچۇپ ، غەربى لياۋ (ئىسلام تاـ
رىخي ماتېرىياللىرىدا قارا كىدانلار دەپ ئا ـ
تىلىدۇ) سولالىسىنى قۇردى. شۇ چاغدا ، بۇ
سولالىنى تەشكىل قىلغۇچى كىدانلار بىلەن
خەنزۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرى ئىلىدا ئولتۇراقلىـ
شىپ قالغان ئىدى. ئۇلار ئىچكىرىدىن بۇددا
دىنىنىمۇ ئۆزلىرى بىلەن بىللە ئېلىپ كېلىپ
تارقاتتى.

موڭغۇللار ئىستىلاسىدىن كېيىن، چىڭ ـ
گىزخان ئىلىنى ئۆزىنىڭ 2 ـ تەخت ۋارىسى
چاغىتايغا بولۇپ بەردى. 13ـ ئەسىردىن كېيىنـ
كى خېلى ئۇزۇن بىر مەزگىلگىچە موڭغۇللار ئىـ
لىدىكى ئاساسلىق مىللەت بولۇپ قالدى. موڭـ
غۇللارنىڭ ھەر قايسى قەبىلىلىرى ئىچىدە بىر
دەك شامان دىنى تارقالغان ئىدى. چىڭگىز ـ
خان ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەشنى كوز-
دە تۇتۇپ ، ئۆز ئەۋلاتلىرىغا: ھەر قانداق
دىنلارغا سەل قارىماسلىق ، ھەممە دىندىكى
كىشىلەرنى باراۋەر كورۇشنى تاپىلىغان، چىڭ ـ
گىزخان ئولگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئەۋلاتلىرى
ئۆزلىرى تۇرغان ئورۇنلاردىكى خىرىستىيان،
ئىسلام ۋە بۇددا دىنلىرىغا ئېتىقات قىلىشقا باشـ
لىدى. بۇنىڭ بىلەن، موڭغۇللار ئارىسىغا تا ـ
رالغان قەدىمي شامان دىنى ھەر خىل دىنلار
بىلەن بىرلىكتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشتەك بىر
مەزگىللىك كۆرەشنى باشتىن كەچۇرگەندىن
كېيىن، ئاخىرى لاما دىنى تەرىپىدىن يە ـ

ڭىلدى.

موڭغۇللار قەبىلىسىدىن بولغان جۇڭ ـ
غارلار ئىلىغا ھوكۇمرانلىق قىلغان دەۋرگە كەلـ
گەندە ئىلىدا لاما دىنى ئەۋج ئېلىپ كەتتى.
شۇ يىللاردا جۇڭغارلارنىڭ ئاتامانى باتۇرتەيـ
جى (تەيجى ـ سەردار مەنىسىدە) ۋە موڭغۇل
قەبىلىلىرىنىڭ باشقا يېتەكچىلىرى بىردىن ئوغـ
لىنى شىزاڭغا لامادىنىنى ئوقۇشقا ئەۋەتىشنى ئاـ
دەت قىلغان ئىدى. باتۇر تەيجىنىڭ لامادىنىـ
غا بولغان ئىخلاسى ناھايىتى ئۇستۇن بولغاچـ
قا، دالاي لاما ئۇنىڭغا 1635 ـ يىلى ئەردەنى
باتۇر خۇنتەيجى (خۇنتەيجى ـــ چوڭ سەردار
مەنىسىدە) دىگەن نامنى بەرگەن. باتۇرخۇنـ
تەيجىنىڭ 7ـ ئوغلى غالدان شىزاڭغا لامە ـ
لىقنى ئۆگىنىشكە ئەۋەتىلگەن ئىدى. 1671 ـ
يىلى جۇڭغارخانى ئىچكى توپىلاڭدا ئولتۇرۇلـ
گەندىن كېيىن، غالدان شىزاڭدىن ئىلىغا قايـ
تىپ كېلىپ، ئۆزىنىڭ لاما دىنى ئىچىدىكى غاـ
يەت زور تەسىرىدىن پايدىلىنىپ جۇڭغارخانى
بولىۋالدى. ئۇ تەختكە چىققاندىن كېيىن تەـ
ســـر كۇچىنى كېڭەيتىپ ، جەنۇپنى بېسىۋېـ



غۇلجىدىكى خۇيزۇلار چوڭ مەچىتى

لىپ ، قازاقلارغا ۋە بۇخارا قاتارلىق ئورۇن ـ
لارغا ھۇجۇم قىلىپ، بىر مەزگىل شىنجاڭ ۋە
ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ چوڭ بىر قىسىم يەرلىرىگە
ھۆكۈمرانلىق قىلدى ۋە ۋەتەننى بولۇنۇش
سۇيىقەستىدە بولدى. ئاخىرى، غالدان مەنچىڭ
ھۆكۈمىتىنىڭ جازا يۈرۈشى قىلىشى بىلەن مەغ ـ
لۇپ بولۇپ، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى.

غالداندىن كېيىن خانلىق ئورنىغا ئول ـ
تۇرغان سېۋاڭ ئالا بوتانمۇ دىنىي ھوقۇقتىن
پايدىلىنىشقا ماھىر شەخس ئىدى. ئۇ شىزاڭ ـ
دا ئىچكى قالايمىقانچىلىق بولغان پۇرسەتتىن
پايدىلىنىپ، ئىلىدىن ئەسكەر چىقىرىپ لاسا ـ
غا ھوجۇم قىلىپ، لاساخاننى ئۆلتۈردى. ئۇ،
ئۆزىنى: دالاي لامىنىڭ بۈيۈك ۋاكىلىق ئون ـ
ۋانى ۋە سانسكرىت يېزىقىدىكى تامغىسىغا ئې ـ
رىشكەن ئادەم قىلىۋېلىپ، شىزاڭنىڭ ھەرقايسى
بۇتخانىلىرىدىكى مۇھىم نەرسىلەرنى بۇلاپ ئې ـ
لىپ كېلىپ، ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالى
قىرغىقىغا غۇلجا بۇتخانىسىنى قۇرۇپ، ئۇنىڭغا
جىندىگىسى(ئالتۇن قۇببىلىك ئىبادەتخانا) دەپ
نام بەردى. ئىلى دەرياسىنىڭ جەنۇبى قىر ـ
غىقىغا قاينۇق بۇتخانىسىنى قۇرۇپ، ئۇنىڭغا
يىندىگىسى (كۈمۈچ قۇببىلىك ئىبادەتخانا)
دىگەن نامنى بەردى. شۇنىڭ بىلەن بۇ يەر ـ
لەر بىر مەزگىل جۇڭغاردىكى دىنى مەركەزگە
ئايلاندى.

سېۋاڭ ئالا بوتان ئۆلگەندىن كېيىن
ئۇنىڭ ئورنىغا ئولتۇرغان غالدان سىرىن ئە ـ
شەددى بۇددىست ئىدى. ئۇ تەختكە ئولتۇر ـ
غان چاغدا يەنە نۇرغۇن لاما ئىبادەتخانىلىرى ـ
نى سالغۇزدى. مىلادى 1745 ـ يىلى غالدان
سىرىن ئۆلدى. چەنلۇڭ خان ئىككى قېتىم
جازا يۈرۈشى قىلىپ، ئاخىرى 1757 ـ يىلى جۇڭ ـ
غار كاتتىۋاشلىرىنىڭ توپىلىڭىنى تىنجىتتى.
ئۇزۇن يىللىق بۇ ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقلىرى
ئىچىدە ئىلىنىڭ ئادەم سانى ئىنتايىن كېمە ـ
يىپ كەتتى. ئالتۇن قۇببىلىك ئىبادەتخانىلار ـ
مۇ ئۇرۇش ئوتىدا ۋەيران بولدى.

چىڭ ئوردىسى جۇڭغارنى تىنجىتقاند ـ
دىن كېيىن، دىنغا ئىشىنىشكە ئىختىيارى بو ـ
لۇشنى يولغا قويۇپ، لاما دىنىنىڭ ئىلىدىكى ھو ـ
كۈمرانلىقىنى بۇزۇپ تاشلىدى. چىڭ دەۋرىدە
ئىلىدىكى خەنزۇ، مانجۇ، موڭغۇل، شىۋە، سو ـ
لان قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى بۇددا
دىنىغا ئېتىقات قىلاتتى. بەزى خەنزۇلار داۋ ـ
جاۋ قاتارلىق دىنلارغا ئېتىقات قىلدى. ئەينى
يىللاردا ئىلىدا يەنە خېلى ساندىكى بۇددا ئە ـ
بادەتخانىلىرى بار ئىدى. ھەتتا ، سايرام كو
لىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئارالدا داۋجاۋ ئىبا ـ
دەتخانىسى بولغان. لېكىن، شۇ چاغدىمۇ لاما
دىنى يەنە ھۆكۈمرانلارنىڭ قولىدىكى ئويۇن ـ
چۇق بولۇشتىن قالمىدى. مىلادى 1762 ـ يى ـ
لى ئىلى جاڭجۈن مەھكىمىسى قۇرۇلغاندا كۈ ـ
رەنىڭ ئەتراپىغا يېڭىدىن لاما بۇتخانىلىرى
سالدۇرۇلدى . موڭغۇلكۈرەدىكى لاما ئىبادەت ـ
خانىسى داۋگۇاڭ يىللىرى سېلىنغان. مىنگو
دەۋرىگە كەلگەندە قايتا رېمونت قىلىنغان. ھا ـ
زىرغىچە ئۇ ئىلىدىكى بىردىن بىر لاما ئىبا ـ
دەتخانىسى بولۇپ ساقلىنىپ كەلمەكتە.

× × ×

ئىسلام دىنى ئىلىدا مىڭ يىللىق تارىخقا
ئىگە.

ئىسلام دىنى دۆلىتىمىزگە تاڭ دەۋرى
مىلادى 651 ـ يىلى ئەرەبلەرنىڭ تۇنجى ئەل ـ
چىلىرىنىڭ كېلىشى بىلەن بىللە تارقالغان. بۇ
دىنغا ئەڭ ئاۋال ئېتىقات قىلغۇچىلار خۇيخىلار

(مەملىكىتىمىزنىڭ قەدىمقى تارىخىي ماتېرىياللىرىدا ئۇيغۇرلار «خۇيخې» دەپ ئاتالغان) بولغانلىقى ئۈچۈن ئىسلام دىنى يەنە «خۇيجاۋ» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

8- ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، ئىلىدا قارلۇقلار خاندانلىقى (766 - 940) قۇرۇلغاندىن باشلاپ ئىلىغا ئىسلام دىنى تارقىلىشقا باشلىغان. قاراخانىلار خاندانلىقى (932 - 1129) بولسا شىنجاڭدىكى تۇنجى ئىسلام تۈرۈك، ئۇيغۇر خاندانلىقىدۇر. بۇ ۋاقىتقا كەلگەندە ئىلىغا ئىسلام دىنىنىڭ كىرىشى تېزلەشتى. غەربىي لياۋ سۇلالىسى قۇرۇلغاندا، بۇ سۇلالىنىڭ ئاساسىي مىللەتلىرى بولغان كىدانلار بىلەن خەنزۇلار بۇددا دىنىغا ئېتىقات قىلاتتى. لېكىن غەربىي لياۋنىڭ خانى جۈرخان ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلاتتى. شۇڭا، ئىلىدىكى ئولتۇراقلاشقان خۇيخىلار يەنىلا ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلىۋەرگەن. غەربىي لياۋنىڭ ھوقۇقىنى چورۇق (جىروغۇ) تارتىۋالغاندىن كېيىن، خەلقنى زورلۇق كۈچى بىلەن بۇددا دىنىغا ئېتىقات قىلغۇزۇپ، ئىسلام دىنىغا ئېغىر زەربە بەردى.



غۇلجا بەيتۇللا مەسچىتى

13- ئەسىردە چاغاتاي خاندانلىقى قۇرۇلغاندا ئىلىدا ئىسلام دىنى، بۇددا دىنى ۋە خىرىستىيان دىنلىرى بىردەك ئورۇندا تۇراتتى.

14 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە ئەلىغا چاغاتاي خاندانلىقىنىڭ خاقانى - چىڭگىزخاننىڭ 7 - نەۋرىسى تۇغلۇق تۆمۈرخان خان بولدى. 1352 - يىلى تۇغلۇق تۆمۈرخان ئىسلام دىنىنىڭ تەرغىباتچىسى شەيخ جالالىدىنىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن مۇسۇلمان بولۇپ، قول ئاستىدىكى 160 مىڭ موڭغۇلنى ئىسلام دىنىغا كىرگۈزۈپ، شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنىغا كىرگەن تۇنجى موڭغۇل خانى بولۇپ قالدى. تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ كېيىنكى ئەۋلاتلىرىنىڭ ھەممىسىمۇ تەقۋادار مۇسۇلمانلاردىن بولۇپ چىقتى. تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ئوغلى خىزىر غوجا چوڭ قوشۇننى باشلاپ ئىسلام ئېچىش ئۈچۈن سوقۇشقان ئىدى. خىزىرخان خوجىنىڭ ئوغلى مەھەممەتخان تېخىمۇ چىڭ ئىسلام مۇرىتى ئىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا: ئۇ موڭغۇللارنى ئىسلام دىنىغا كىرگۈزۈشتە ناھايىتى قاتتىق بولغان. ئەگەر ئۇ سەللە يوگىمەي يۈرگەن بىرەر ئادەمنى كۆرسە، ئۇنىڭ پېشانىسىغا تاقا مىقىنى قاققان. ئۇنىڭ زورى بىلەن شىنجاڭدىكى چاغاتاي موڭغۇللىرىنىڭ ھەممىسى دېگىدەك مۇسۇلمان بولغان.

جۇڭغار موڭغۇللىرى ئىلىغا ھوكۈمرانلىق قىلغان دەۋرگە كەلگەندە، ئويرات موڭغۇللىرى (جۇڭغار موڭغۇللىرى - ئويرات موڭغۇللىرىنىڭ ئىچىدىكى بىر قەبىلە) تارىختا ئەزەلدىن چاغاتاي موڭغۇللىرى بىلەن ئەپ ئۆتمىگەنلىكى ئۈچۈن ئىلىدىكى ئىسلام دىنى بۇ يىللاردا يەنە بىر قېتىم ئېغىر زەر-

بىگە ئۆچرىدى. ئىلىدا ئىسلام دىنىنىڭ يېقىن-
قى زامانلاردىكى تەرەققىياتى 1757 - يىلى
چىڭ ھوكۇمىتى جۇڭغارنى تىنجىتىپ، ئىلىغا
جەنۇبى شىنجاڭدىن بىر تۈركۈم ئۇيغۇرلارنى،
كېيىنرەك قازاق، خۇيزۇ، ئۆزبېك، قاتارلىق
ئىسلام دىنىدىكى مىللەتلەرنى كۆپلەپ كۆ-
چۈرۈپ چىقىشى بىلەن باشلانغان.

ھازىر غۇلجا شەھرىدە بار بولغان بىر
نەچچە چوڭ مەسچىتلەرنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئۇزۇن
تارىخقا ئىگە بولغانلىرىنىڭ بىرى خۇيزۇلار-
نىڭ سەنشى چوڭ مەسچىتى. بۇ مەسچىت
1784 - يىلى سېلىنغان. ئۇيغۇرلارنىڭ چوڭ
مەسچىتى بەيتۇللانىڭ ھازىرقى ئىمارىتى
1790- يىلى ياسالغان، 1865 - يىلى دائىرىسى
بىر قېتىم كېڭەيتىلگەن.

× × ×

خىرىستيان دىنىنىڭ دۇنياغا كېلىشى
ئىسلام دىنىدىن بۇرۇن بولسىمۇ، بۇ ئىككى
دىنىنىڭ جۇڭگوغا كىرگەن ۋاقتى ئاساسەن يې-
قىنلىشىپ كېتىدۇ. خىرىستيان دىنىنىڭ ئىلىغا
كىرگەن ۋاقتىنى ئالاھىزەل غەربى لياۋنىڭ
ئاخىرقى يىللىرى — چىڭگىزخان نايمان، چو-
رۇق قەبىلىلىرىنى يەڭگەندىن كېيىن، بۇ قە-
بىلىلەرنىڭ ئىلىغا قېچىپ كەلگەن مەزگىلىگە
توغرا كېلىدۇ. نايمانلار خىرىستيان دىنىغا ئې-
تىقات قىلاتتى. چورۇقنىڭ ئېتىقاتىنى ئۆزگەرتىپ
بۇددا دىنىنى قوبۇل قىلىشى ئىلىغا كەلگەن-
دىن كېيىن بولغان.

خىرىستيان دىنىنىڭ بۇددا ۋە ئىسلام
دىنلىرىغا ئوخشىمايدىغان بىر تەرىپى - بۇ
دىن ئەزەلدىن ئىلىدا ئاساسلىق بىر مىللەت-
نىڭ دىنى بولالمىدى. ئىلى تارىخىدا خى-
رىستيان دىنىنىڭ كۆلىمىمۇ كېڭىيەلمىگەن. بۇ



غۇلجىدىكى تاتار مەسچىتى

دىنىدىن قالغان تارىخىي ماتېرىياللارمۇ كۆپ
ئەمەس. پەقەت، بىر نەچچە قەۋرىستانلىق ۋە
خاتىرە تاشلار بار، خالاس.

يېقىنقى يىللارغا كەلگەندە چاررۇسىيىنىڭ
جۇڭگوغا كىرىشى بىلەن ئىلىدا يەنە خىرىستيان
دىنى تارقالغان. بۇنىڭغا ئېتىقات قىلغۇچىلار-
نىڭ كۆپى رۇسلار ئىدى. 1885 - يىلى فران-
سىيىدىن (بەزىلەر بېلگىيىدىن دەيدۇ) كەل-
گەن دىن تارقاتقۇچى لياۋمىڭدى، گاۋرى-
شىن، شى تيەنجى قاتارلىقلار غۇلجا شەھ-
رى توپىدەڭدە، سۇيدۇڭ، چىڭسىخوزىلاردا كا-
تولىك چىركاۋلىرىنى سېلىپ، ئىلگىرى - ئا-
خىر بولۇپ 30 نەچچە يىل ھەرىكەتلەنگەن
بولسىمۇ، مۇخلىسلىرى ناھايىتى ئاز بولغاچقا

ھېچقانچە ئىجتىمائىي تەسىرى بولمىغان. غۇلجىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر خىرىستىيان دىنىي ئىبادەتخانىسى غۇلجا شەھرىنىڭ ئەخمەتجان قاسىمى كوچىسىدىكى چىركوۋ ئىدى.

## ئىلىنىڭ يەرلىك تەزكىرىلىرى

مەملىكىتىمىزدە تەزكىرە يېزىش ئىشى قەدىمدىن تارتىپ ئەنئەنە بولۇپ كەلدى. دۆلەتنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى، ناھىيىلەرنىڭ بىر تۇتاش تەزكىرىسى، ھەر بىر ناھىيىنىڭ ئاددىي تەزكىرىسى بار. مەھكىمە، ئايماق، ۋىلايەت، يېزا، جىلغ ۋە شەھەرلەرنىڭ تەزكىرىسى يوقلىرى يوق. جۇشجيانىڭ «جوڭگو يەرلىك تەزكىرىلىرىنىڭ ئومۇمىي خاتىرىسى» دېگەن ئەسىرىدىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا: دۆلىتىمىزدە ھازىرغىچە ساقلىنىۋاتقان يەرلىك تەزكىرىلەر 7413 خىل بولۇپ، ئومۇمىي 109143 جىلت ئىكەن. يېقىنقى يىللاردىن بېرى يەنە ھەرقايسى ئورۇنلاردا ئاز بولمىغان تەزكىرىلەر ئىشلەندى. تەزكىرىلەرنىڭ ئومۇمىي خىلى ھازىر 8 مىڭدىن ئېشىپ كېتىدۇ.

دۆلىتىمىزدە ھازىر ساقلىنىۋاتقان يەرلىك تەزكىرىلەر ئىچىدە چىڭخاندانلىقى دەۋرىدە يېزىلغان تەزكىرىلەر %80 نى ئىگەللەيدۇ. ئۇنىڭ تۈرى 6 مىڭ 500 خىلدىن ئوشۇق بولۇپ، ئوتتا ھېساپ بىلەن ھەر يىلى 20 خىل تەزكىرە پۈتۈلگەن.

شىنجاڭ خىلمۇ ـ خىل تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئىچكىرىدىكى بەزى مەدەنىيەتى راۋاجلانغان رايونلارغا سېلىشتۇرغاندا تەزكىرىچىلىكتە كېيىنرەك ئورۇندا تۇرىدۇ. بەزىلەرنىڭ سانلىق مەلۇماتىغا قارىغاندا شىنجاڭدا ھازىر بار بولغان تەزكىرىلەر پەقەت 59 خىل بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە تاڭ دەۋرىدىكى «غەربىي ئايماق دۇدۇ مەھكىمىسىنىڭ تەسۋىرى» ۋە مىڭ دەۋرىدىكى ماۋىنتىڭنىڭ «تاش شەھەر قۇمۇل توغرىسىدىكى قىسقىچە ئەسلىمە» دېگەنگە ئوخشاش ئەسەرلەردىن باشقىلارنىڭ ھەممىسى چىڭ دەۋرىدىكى يەرلىك تەزكىرىلەر، ئاز ـ ساندىكىلىرى مىنگو دەۋرىدە پۈتۈلگەن تەزكىرىلەردۇر.

ھازىرمەلۇم بولۇشىچە: ئەڭبۇرۇنقى ئىلى يەرلىك تەزكىرىسى چىڭنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىگە كەلگەندىلا رەسمىي كىتاپ بولۇپ پۈتۈلگەن ئىكەن. 1955 ـ يىلى خۇبېي كۇتۇپخانىسى گۇاڭشۇنىڭ 33 ـ يىلىدىن شۈەنتۇڭنىڭ 1ـ يىلىغىچە (1907 ـ 1909) بولغان شىنجاڭنىڭ ۋالى، شەنگەنلىرىنىڭ مەنچىڭ ھوكۇمىتىگە يوللىغان مەكتۇپلىرىنى توت قىسىم قىلىپ، «شىنجاڭنىڭ 29 خىل يۇرت تەزكىرىسى» دېگەن نام بىلەن بېسىپ تارقاتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىلى توغرىسىدا 3 پارچە تەزكىرە بولۇپ بىرى: شەنشى فۇيىڭلىق شۇگۇجىن يازغان «ئىلى مەھكىمىسىنىڭ تەزكىرىسى»، ئىككىنچىسى: خۇنەنچاڭشالىق شيۈرەنكۈي يازغان «سۈيدۇڭ ناھىيە تەزكىرىسى»، يەنە بىرى: لى فاڭشۇ ئىشلىگەن «نىڭيۈەن ناھىيە تەزكىرىسى». مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرى يەنە بىر قىسىم تەزكىرىلەر پۈتۈلگەن. بۇنىڭ ئىچىدە گۇاڭدۇڭ زىجىنلىق دىڭ لەنشيەن يازغان «شىخو ناھىيە

تەزكىرىسىنىڭ داۋامى» دىگەن تەزكىرە خىلى
تەسىرگە ئىگە. مۇشۇ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرى
شىڭ شىسەي ھوكۇمرانلىق قىلىۋاتقان دەۋر-
دىمۇ ھەر قايسى ناھىيىلەرگە تەزكىرە پۈتۈش
بۇيرۇلغان. بۇ چاغدا يېزىلغان تەزكىرىلەردىن
يەنە «توققۇزتارا ناھىيە تەزكىرىسى» بار.

ئوخشىمىغان دەۋرلەردە يېزىلغان يۇ-
قۇرقى 5 خىل تەزكىرىدە ھەرقايسى ناھىيىلەر-
نىڭ ئۆزگىچىلىگى گەۋدىلەنگەن بولۇپ، مە-
لۇم جەھەتتىن ئۇلار ھەر قايسى دەۋرلەرنىڭ
قىياپىتىنى ئەكس ئەتتۇرگەن.بۇتەزكىرىلەرنىڭ
تۈزگۈچىلىرى ئەينى يىللاردىكى ئەمەلدارلار
بولغانلىغى ئۈچۈن،ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدە بەك-
مۇ يۇقۇرى ئىلمىلىكنىڭ بولۇشى ناتايىن،
ئەلۋەتتە. ئۇلارنىڭ تەزكىرىلىرىنىڭ روشەن
بىر ئالاھىدىلىگى بەكمۇ قىسقا. «نىڭيۈەن نا-
ھىيە تەزكىرىسى» 3 مىڭ خەت ئەتراپىدا،
«سۈيدۇڭ ناھىيە تەزكىرىسى» 8 مىڭ خەتچە
كېلىدۇ. نىسبەتەن مۇپەسسەلرەك تۈزۈلگەن
«ئىلى مەھكىمىسىنىڭ تەزكىرىسى» مۇ10 مىڭ
خەتتىن ئاشمايدۇ. شۇنداق بولسىمۇ بۇ ماتې-
رىياللارنىڭ تارىخى قىممىتىنى ئۆچۈرۈۋەتكى-
لى بولمايدۇ.

«شىخو ناھىيە تەزكىرىسىنىڭ داۋامى»
نى ناھىيە ئامبىلى دىڭ لەنشيەن يازغان بو-
لۇپ، بۇ تەزكىرە تۈزۈلۈشىدىن تارتىپ مەز-
مۇنىغىچە خېلى مۇكەممەل، ئەينى يىللاردا يې-
زىلغان شۇ خىلدىكى تەزكىرىلەر ئىچىدە ياخ-
شىسى ھىساپلىنىدۇ. «توققۇزتارا ناھىيە تەز-
كىرىسى» نىڭ سۈپىتى يۇقۇرقى تەزكىرىلەرگە
سېلىشتۇرغاندا خېلىلا تۆۋەن. بۇ تەزكىرىنىڭ
پۈتۈكچىسى ئۆز ئىسمىنى يېزىپ قالدۇرمىغان،
23 ۋاراق يىرىك سامان قەغىزىگە يېزىلغان،
مۇ تەزكىرىنىڭ بىرىنچى بېتىگە: «توققۇزتا-
را ناھىيىلىك ھوكۇمەت قەلئەسى» دىگەن تام-
غا بېسىلغان. تەزكىرىنىڭ يېزىلغان ۋاقتىمۇ
سىلىنمىغان.

يۇقۇرقى تەزكىرىلەردە ئىلىنىڭ تاغ ـ
سۇلىرى، تەبىئى شارائىتى، كان بايلىقلىرى،
بولۇپ ئۆتكەن تارىخىي ۋەقەلەر سوزلىنىشتىن
سىرت، يەنە مىللەت، دىن، نوپۇس قاتارلىق-
لار خاتىرىلەنگەن.

«ئىلى مەھكىمىسىنىڭ تەزكىرىسى» دە
ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى: «سولان
بارگاھىدا 6 مىڭدىن ئوشۇق جان، شىۋە بار-
گاھىدا 14 مىڭدىن ئوشۇق جان، مانجۇ بار-
گاھىدا 6 مىڭدىن ئوشۇق جان بار. خەن-
زۇ، خۇيزۇ، چەنتۇلار 31150 جاندىن ئوشۇق.»
دەپ خاتىرىلەنگەن.بۇ سانخېلىلا چالابولۇشى
مۇمكىن.چۈنكى ئاخىرقى دەۋرلىرىدىكى باش-
قۇرۇش تۈزۈمىدە يايلاقلار بىردەك ئىلى جاڭ-
جۈنىنىڭ بىۋاستە باشقۇرۇشىدا بولاتتى. يۇ-
قۇرقى سان ئىچىگە چارۋىچىلارنىڭ نوپۇسى
كىرمىگەن بولۇشى مۇمكىن.

«نىڭ يۈەن ناھىيە (غۇلجا) تەزكىرى-
سى» دە: «نىڭيۈەن ناھىيىسىنىڭ ئاھالىسى
خەنزۇ، چەنتۇ ۋە خۇيزۇ بولۇپ ئۈچ خىلغا
بولىنىدۇ. خەنزۇلار بەك ئاز، چەنتۇ(ئۇيغۇر)،
خۇيزۇلار كوپ. چەنتۇلارنىڭ ئۆزى يەنە ئىك-
كىگە ئايرىلىدۇ. بىرى: يەرلىك چەنتۇلار، بۇ-
لار «تارانچى» دەپ ئاتىلىدۇ. يەنە بىرى:جە-
نۇپلۇق چەنتۇلار يەنى جەنۇپتىكى ھەر قايسى
ئايماق، ناھىيە، شەھەرلەردىن ئىلىغا كوچۈپ
كېلىپ، دىخانچىلىق ياكى سودا ـ سېتىق بىلەن
شۇغۇللىنىۋاتقانلار. بۇنىڭدىن باشقا شىۋە،
چاخار، سولان، بويرات، موڭغۇل ۋە قازاقلار-
نىڭ سانىمۇ خېلى بار. ئۇلار پۈتۈنلەي ئىلى
جاڭجۈنىنىڭ قارمىغىدا.» دەپ يېزىلغان.

ئەينى يىللاردا ئىگىۋەن ناھىيىسىدە چارروسىيىدىن قايتا كۆچۈپ كەلگەنلەرمۇ بولۇپ، بۇلار: «خەنزۇ 375 ئۈيلۈك، ئەر 987، ئايال 663 جان؛ چەنتۇلار 3357 ئۈيلۈك، ئەر 9618، ئايال 6835 جان؛ خۇيزۇ 980 ئۈيلۈكتىن ئوشۇق، ئەر 3328، ئايال 1458 جان...» دەپ يېزىلغان.

«سۇيدۇڭ ناھىيە تەزكىرىسى» دە: «.... پۇخرالار سەھراغا تارقىلىپ ئولتۇراقلاشقان. ھەر خىل خەلق ئارىلىشىپ كەتكەن. خەنزۇ، خۇيزۇ، چەنتۇ دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى سىرتتىن كېلىپ يىغىلىشقان، يەرلىك ئەمەس .... غەربىي سەھرالاردا شىۋە، سولان، چاخار، بويرات ۋە موڭغۇل، قازاقلار بار. ئۇلار ناھىيە بازىرىنىڭ سىرتىغا ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، بىۋاستە جاڭجۇنىنىڭ قارمىقىدا بولىدۇ» دەپ يېزىلغان. نوپۇس توغرىسىدا يەنە: «بازار ئىچىدىكى ئەرلەر 4044 جان، ئاياللار 1628 جان، شەرقى سەھرالاردىكى ئەرلەر 177 جان، ئاياللار 70 جان. غەربىي سەھرالاردىكى ئەرلەر 122 جان، ئاياللار 56 جان. جەنۇبىي سەھرالاردىكى ئەرلەر 86 جان، ئاياللار 48 جان. شىمالىي سەھرالاردىكى ئەرلەر 225 جان، ئاياللار 96 جان. بازار ئىچىدە كاتولىك دىنىغا ئېتىقات قىلىدىغان ئەرلەر 11 نەپەر، ئاياللار 16 نەپەر. كۇرە قەلئەسى ئىچىدىكى ئەرلەر 1088 جان، ئاياللار 576 جان. گۇاڭرىنچېڭ (لوسوگۇڭ) قەلئەسى ئىچىدىكى ئەرلەر 376 جان، ئاياللار 183 جان. جەندىچېڭ (چىڭسىخوزا) قەلئەسى ئىچىدىكى ئەرلەر 218، ئاياللار 53 جان. كاتولىك دىنىغا ئېتىقات قىلىدىغان ئەرلەر 4 نەپەر، ئاياللار 5 نەپەر. قورغاس بازىرى ئىچىدىكى ئەرلەر 190، ئاياللار 75 جان. يۇقۇرقى بازار ۋە سەھرالاردىكى ئومۇمى نوپۇس 9340» دەپ خاتىرلەنگەن.

«توققۇزتارا ناھىيە تەزكىرىسى» دە 40- يىللاردىكى بۇ ناھىيىنىڭ نوپۇسى مۇنداق خاتىرلەنگەن: «خەنزۇ 77 تۈتۈن، 404 جان. مانجۇ 8 تۈتۈن، 35 جان. موڭغۇل 91 تۈتۈن، 522 جان. خۇيزۇ 295 تۈتۈن، 1566 جان. ئۇيغۇر 623 تۈتۈن، 3265 جان. شىۋە 145 تۈتۈن، 831 جان. قازاق 2952 تۈتۈن، 15552 جان. تارانچى 1799 تۈتۈن، 9261 جان. ....» تەزكىرىدە جەنۇبىي شىنجاڭدىن كۆچۈپ چىققان ئۇيغۇرلارنى «ئۇيغۇر» دەپ يېزىپ، ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ئىلىدا تۇرۇپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇرلارنى بولسا «تارانچى» دەپ ئاتىغان. بۇ ئىش ھازىرقى كىشىلەرگە غەلىتە بىلىنىدۇ. ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ «تارانچى» ئاتىلىشى ئەسلىدە جۇڭغارلار ھوكۇمرانلىقى دەۋرىدىن قالغان بولۇپ، جۇڭغارلار جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئىلىغا چىقىپ دىخانچىلىق قىلغان ئۇيغۇرلارنى «تارانچى» دەپ ئاتىغان. جۇڭغار تىلىدا بۇ سۆزنىڭ ئەسلى مەنىسى «دىخان» دېمەك بولىدۇ. مۇشۇ ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرىنىڭ ئالدى - كەينىدە ئىلى ئۇيغۇرلىرى «تارانچى مىللىتى» دەپ ئايرىلغان. شۇلىڭفېڭ «شىنجاڭنىڭ ئىچكى ئەھۋالى» دېگەن كىتاۋىدا: ئىلى ھەر مىللەت ئولتۇراقلاشقان ئورۇن. شىنجاڭدا 14 مىللەت بار. ئىلىنىڭ ئۆزىدىلا 13 مىللەتنى كورگىلى بولىدۇ. 14 مىللەت مۇنۇلار: خەنزۇ، مانجۇ، موڭغۇل، خۇيزۇ، ئۇيغۇر، شىۋە، سولان، قازاق، قىرغىز، روس، تاتار، تارانچى، تاجىك، ئۆزبېك » دەپ يازىدۇ. تارانچىلارنى ئايرىم مىللەت دەپ يېزىش ئىنتايىن بىمەنىلىك. بۇ - ئەكسىيەتچى ھوكۇمەتنىڭ ئۆزلىرىنىڭ جىنايى ھوكۇمرانلىقىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن، مەقسەتلىك ھالدا مىللەتلەرنى پارچىلاش سىياسىتى يۈرگۈزگەنلىگىنىڭ يەنە بىر دەلىلى.

ئىلى تەزكىرىلىرىدە ئەينى يىللاردا ھوكۇمران ئورگانلارنىڭ تەسىس قىلىنىش

ئەھۋالى توغرىسىدىمۇمەلۇماتلارخاتىرىلەنگەن.
«ئىلى مەھكىمىسىنىڭ تەزكىرىسى» گە: «...
كۈرەدە بىر نەپەر جاڭجۈن، بىر نەپەر دوتۇڭ،
شىۋە قوشۇنىنىڭ قۇر بېشى، سولان قوشۇن قۇر
بېشى، چاخار قوشۇن قۇر بېشى، ئىروت قو-
شۇن قۇر بېشى تۇرىدۇ: » دەپ يې-
زىلغان. تەزكىرىگە يەنە «غۇلجا شەھرىدە
جېسەكچى لەشكەرلەر تۇرىدۇ. بۇ يەردە يەنە
بىر نەپەر دوسى، بىر ئامبال، سودا ئەمەلدا-
رى قاتارلىقلار بار.... ئەينى يىللاردا ئىلىدا
يەنە توت يىڭ خەنزۇ لەشكىرى، 8 تۇغ -
لۇق مانجۇ يىگى بولۇپ، 1356 ياراملىق لەش-
كىرى بار» دىگەنلەر يېزىلغان.

«شىخو ناھىيە تەزكىرىسىنىڭ داۋامى»
داخاتىرىلەنگەن مائاش تۈزۈمىگە نەزەر سال-
دىغان بولساق، كونا يامۇل ئىچىدىكى مائاش
پەرقىنىڭ قانچىلىك چوڭلىغىنى، خەلقنىڭقان-
تەرىنى شورىغۇچىلارنىڭ ئەپتى - بەشىرىسى-
نى كورۈۋالالايمىز. بۇ تەزكىرىدە مۇنداق با-
يان قىلىنغان: «... ناھىيىدە 3 - دەرىجىلىك
ئامبالدىن بىر نەپەر بار، ئايلىق مائاشى 300
سەر كۈمۈش. تۈرمە باشقۇر غۇچىبىرنەپەر،ئاي-
لىقى 30 سەر كۈمۈش. بولۇم باشلىقى بىر نە-
پەر، ئايلىقى 14 سەر كۈمۈش. بولۇم ئەزاسى
ئىككى نەپەر، ھەر بىرىنىڭ مائاشى 10 سەر
كۈمۈش. 4 نەپەر ياللانما خادىم بار، بۇنىڭ
ئىچىدىكى بىرى گۇندىپاي، بۇلارنىڭ ھەر
بىرىنىڭ ئايلىقى 6 سەر كۈمۈش. غەللەپاراق
يىغقۇچى ھەر يىلى 7 - ئايدىن باشلاپ 7ئاي-
غىچە ئايلىقىغا 15 سەر كۈمۈش ئالىدۇ. مەھ-
كىمە خىزمەتچىلىرىنىڭ مائاشى مۇنداق: ئىك-
كى نەپەر دارۋازىۋەن،ئىككى نەپەر ئامبارچى،
ئىككى نەپەر مېيىت تەكشۈرگۈچى، 14 نەپەر
يايى بولۇپ، ھەر بىرىنىڭ ئايلىقى 2 سەر كۈ-
مۈش. جېسەكچى لەشكەرلەر 12 نەپەر، ھەر بى-
رىنىڭ ئايلىقى 3 سەر كۈمۈش. تۈرمىنىڭ قو-
رۇقچى لەشكەرلىرى 6 نەپەر، ئايلىق مائاشى
4 سەر 2 مىسقال كۈمۈش»

تەزكىرىدەيەنەمۇداپىە قوشۇنلىرىنىڭ
ئورۇنلىشىشى، ئوزگىرىشى توغرىسىدا: «گۇاڭ -
شۈيىنىڭ 14 - يىلى پىيادىلەر قوشۇنى بىر
يىڭ بولۇپ ئوزگەردى ... ئۇنىڭدا 11 ئەمەل-
دار بار. گۇاڭشۈيىنىڭ 29 - يىلى پىيادىلەر
يىگىنىڭ بىر تۇغلۇق قوشۇنىدا 250 لەشكەر،
ئاتلىقلارنىڭ بىر تۇغلۇق قوشۇنىدا 120 لەش-
كەر بار. 30 - يىلى ساقچى ئەسكەرلىرى 12
نەپەر ئىدى، 32 - يىلى يېشىل تۇغلۇق قو-
شۇن ساقچى قوشۇنىغا ئوزگەرتىلدى. يەرلىك
قوشۇنلارنىڭ نىزامى بويىچە بەر يىڭ پىيادە
قوشۇندا 128 لەشكەر، بىر تۇغلۇق ئاتلىق قو-
شۇندا 64 لەشكەر بولدى» دىيىلگەن.

«ئىلى مەھكىمە تەزكىرىسى» نىڭ يەر
سېلىقى قىسمىدا مۇنداق كورسىتىلىدۇ: ئىلى
مەھكىمىسىگە قاراشلىق سۈيدۈڭ ناھىيىسىدىن
ئېلىنىدىغان غەللە-پاراق 1084 دەن 9 كۈرە 8
شىڭ بۇغداي ... شاللىق ۋە باغ - ۋارانلاردىن
ئېلىنىدىغان باج 228 سەر 9 مىسقال 2 پۇڭ
5 لى كۈمۈش. نىڭيۈەن ناھىيە (غۇلجا) سىدىن
ئېلىنىدىغان پاراق 13476 دەن 6 كۈرە 1 شىڭ
بۇغداي. شاللىق ۋە باغ-ۋارانلاردىن ئېلىنىدى-
غان باج 275 سەر 8 مىسقال 5 پۇڭ 2 لى
كۈمۈش.

«شىخو ناھىيە تەزكىرىسىنىڭ داۋامى»
دا مۇنداق يېزىلغان: «... شىمالىي تەرەپتى-
كى يەرلەرنىڭ ياخشىراقلىرىنىڭ ھەر موسى-
دىن 9 شىڭ 6 گى 3 شۇ، ئوتتۇراھال يەر-
لەرنىڭ ھەر موسىدىن 7 شىڭ 6 گى 3 شۇ،
ناچار يەرلەرنىڭ ھەر موسىدىن 5 شىڭ 6گى
3 شۇ پاراق ئېلىنىدۇ. ھەر بىر تۈتۈننىڭ تې-
رىيدىغان يېرى 60 مو، يىللىق پاراق ئاشلى-

غى 5 دەن 7 كۇرە 7 شىڭ 8 گى ...... يەر ھوكۇمەتكە قارايدۇ. پۇخرالارئوي سالماقچى بولىدىكەن، يەر ھەققى تولەيدۇ. ياەۋل، مەھكىمىلەرگە يېقىن يەرلەر ئالى دەرىجىلىك يەر ھېساپلىنىدۇ، بۇ يەرگە ئولتۇراقلاشقانلار بازارلىقلار سانىلىدۇ.. ھەر قېتىمدا بىر سەركۇمۇش ھەق يىغىلىدۇ. چەت بولسىمۇ ئوي سېلىپ ئولتۇرغىلى بولىدىغان يەرلەر 2 - دەرىجىلىك يەر ھېساپلىنىپ، 6 مىسقالدىن 3 مىسقالغىچە ھەق ئېلىنىدۇ. مال چارۋىلاردىن باج ئېلىش يايلاقلار بويىچە بولىدۇ. گۇاڭشۇينىڭ 15 - يىلى ھەر ئايدا مال - چارۋىدىن ئېلىنىدىغان باج 8 سەر كۇمۇش ئىدى. مىنگونىڭ 6 - يىلىغا كەلگەندە، 105 سەر كۇمۇش بولدى. ... تېرىلغۇ يەرلەر ياخشى، ئورتا، ناچار دەپ 3 خىلغا بولىنىدۇ. ئەگەر بۇغداي ئۇرۇقىدىن 1 دەن چېچىلسا، مەھسۇلات ئوخشىسۇن، ئوخشىمىسۇن ياخشى يەردىن 18 دەن، ئورتا يەردىن 15 دەن، ناچار يەردىن 10 دەن ھوسۇل ئالغان ھېساپلىنىدۇ. ھوسۇلنى ھېساپلاشتا ھەر قانداق زىرائەت بۇغداي بويىچە ھېساپلىنىدۇ. بىر كۇرە ئۇرۇق چاچسا ئىككى يىرىم مو يەر تېرىغان ھېساپلىنىدۇ..... 300 قوي بىر كىچىك قورا، 500 قوي چوڭ قورا ھېساپلىنىدۇ. ئۇنىڭغا بىر مالچى يالىنىپ، بىر كىگىز ئوي ۋە كېرەكلىك جابدۇقلار تولۇق بېرىلىدۇ. ئايلىق ئىش ۋە تاماق ھەققى 12 سەردىن 13سەر كۇمۇشكىچە بولىدۇ.قوي ھەر يىلى ئىككى قېتىم قىرقىلىدۇ. بىر قېتىمدا قىرقىلغان بىر قوينىڭ يۇڭى 12 سەر يىڭ ھېساپلىنىدۇ. يىللىق قىرقىلغان يۇڭنىڭ پايدىسىدىن چوڭ قورا مال بولسا 140 دىن 150 سەر كۇمۇشكىچە ئېلىپ، مال باققۇچىنىڭ خىراجىتىگە ئىشلىتىلىدۇ. ئومۇمى مال 3 يىلدا بىر ھەسسە، 6 يىلدا يەنە بىر ھەسسە كوپەيگەن ھېساپلىنىدۇ، ... ھەر خىل ئىشلارغا يالىنىپ ئىشلەيدىغانلارنىڭ ئىش ھەققى ئوخشاش بولمايدۇ. يالانما دىخان يىلنىڭ 8 ئېيىدا تەخمىنەن 90 سەر كۇمۇش ئالىدۇ. پارچە - پۇرات ئىشلارغا يالانغۇچىلارنىڭ كۇنلىكى 4 مىسقالدىن 8 مىسقال كۇمۇشكىچە بولىدۇ. چارۋىدا يالىنىپ ئىشلىگۇچىلەر ئېيىغا 12 سەر كۇمۇش ئالىدۇ.ئادەتتىكى ياغاچچىنىڭ كۇنلىكى 8 مىسقال كۇمۇش، ئۇستىنىڭ كۇنلىكى 1 سەر 5 مىسقال كۇمۇش.»

ئىلى تەزكىرىلىرىدە يەنە كوپلىگەن تارىخي يەر ئىسمىلىكلەر ساقلانغان. بۇمۇ بىزنىڭ مۇندىن كېيىنكى مىللەتلەر تارىخىنى تەتقىق قىلىشىمىزدا قىممەتلىك ماتىرىيالدۇر.

## پايدىلانغان ماتىرىياللار:

1. لەي خۇڭبو، يىلى سۇگېنەن «ئىلىنىڭ قەدىمىي پايتەختى — ئالمالىق شەھىرى» ، خەنزۇچە «ئىلى دەرياسى» ژورنىلى 1979- يىل 4- سان.
2. خۇڭ تاۋ «ئىلى جاڭجۇن مەھكىمىسى» خەنزۇچە «ئىلى دەرياسى» ژورنىلى 1980- يىل 3- سان.
3. ليۇ ۋېيجۇن «چىڭ دەۋرىدە قۇرۇلغان ئىلىدىكى 9 قەلئە»، خەنزۇچە «ئىلى دەرياسى » ژورنىلى 1981 - يىل 1- سان.
4. لەي خۇڭبو، يىلى سۇگېنەن «ساماۋىي دۇنيادىكى چەكسىز ئېتىقات ... » خەنزۇچە «ئىلى دەرياسى» ژورنىلى 1982 - يىل 1- سان.
5. لەي خۇڭبو «تارىخ دېڭىزىدىن ئەسلى قول يازمىلارنى ئىزدەيلى» خەنزۇچە «ئىلى دەرياسى» ژورنىلى 1983 - يىل 2 - سان.

# ئىجاتكار خىسلىتى

## مامۇت زايىت

1

ئۇلۇغلۇق، ئەبەدى ھايات نىمىدە ؟
تارىخنىڭ قىممەتلىك سوئال، سىرى بۇ .
نىمىشكە ئاتايدۇ ئىجاتكارنى خەلق :
„ ئىنسانلار روھىنىڭ ئىنژېنىرى ئۇ . "
كوپ ئوتمەي كوتىرىلەر ئەلنىڭ ئىسىدىن،
مىڭلىغان باي-تورە، بەگ ۋە سۇلتانلار.
بولسىمۇ ئىجاتكار مەنسەپ ۋە زەرسىز ،
ئۇنتۇلماس نىمىشكە زامان - زامانلار .
ئويلايمەن بۇ ھەقتە...خىيال تۇگمىنى—
چوگىلەر تەپەككۇر دولقۇنى بىلەن .
ئۇچرىشار ئەقلىمنىڭ ئوتكۇر كوزلىرى ،
ئۇلۇغۋار قەلبلەرنىڭ يالقۇنى بىلەن ...

2

نەچچە ئون ئەسىرلىك بۈيۈك تارىخنى،
ئوتكۇزدى بېشىدىن ئىنسان دۇنياسى .
قان-تەردىن ۋۇجۇتقا كەلدى غەزىنە ،
مەۋج ئۇردى توختىماي ھايات دەرياسى .
قاشتېشى، دۇر-گوھەر سۇزدى قايىنامدىن .
مەرت غەۋۋاس مىسالى نۇرغۇن ئىجاتكار .
يارالدى ئىرپاننىڭ ئالتۇن ئەسىرى،
گاھى قار ئاستىدا قالدى لەيلىزار .
ئۇچرىدى ھۇجۇمغا ھەر بىر ئىلگىرىلەش،
ۋايىسماي قارشى ئالدى مەرتلەرھۇجۇمنى.
تاۋلاندى، چىنىقتى ئۇلار كۇرەشتە ،
چوققىغا ئورلىدى يېرىپ توسقۇننى.

ئىجاتكار-تەبىئەت مىسالى ئىشچان ،
ياشناتقان گۇلشىنى شۇنچە چىرايلىق.
پايدا-نەپ، تامادىن بولۇپ مۇستەسنا،
ياراتتى باشقىغا گۇزەللىك، بايلىق .
كېنىئال ئەدىپلەر چىقتى ساناقسىز ،
جاھاندا، توھپىكار خەلقىم ئىچىدە.
چۇيىۋەندىن—شىكسپىر...لۇتۇن...غا قەدەر،
چولپانلار پارلىدى زۇلمەت كېچىدە.
گۇلخانلار ياندۇردى قورقماي زىنۋىستىن،
ئىستىگى—كۇل قىلماق تۇن-جاھالەتنى .
خەنجەردەك قادىلىپ ھوكۇمدارلارغا،
كۇيلىدى خەلقنى، ھەق-ئادالەتنى .
ياشىدى دېڭىزدەك كوكسى كەڭ بولۇپ ،
يۇلتۇزدەك ھەممىگە تەڭ نەزەر سالدى.
ئاي بولۇپ جاھانغا نۇر چاچماق ئۇچۇن ،
ئانىجان قۇياشتىن نۇر-يورۇق ئالدى .
بەرمىدى ھېچقاچان ئوزىگە باھا،
قىلمىدى جاپالىق ئەجرىگە مىننەت.
قالدۇردى ھوكۇمنى ئەلگە، تارىخقا!،
بىر ئومۇر داۋراڭسىز قىلىشتى مېھنەت.
تاراتتى بەزىلەر ئېغۇا مىكروبى،
بۇرمىلاپ ئۇلارنىڭ توھپە-ئەجرىنى .
كىگانت تاغ كەبى قىلىشتى سۇكۇت،
ئوزىنى ئاقلىماي، بىلىپ قەدرىنى...

3

ئاجايىپ مۇرەككەپ، غەلىتى ھايات،

بىلسەن ئۇنىڭ چوڭ دېڭىزلىغىنى.
قايسى چاغ تېچ، قاچان كوتىرىلەردولقۇن،
بىلمەك تەس چوڭقۇر ھەم تېيىزلىغىنى .
مۇقىمسىز، تۇراقسىز تۇرمۇش دېڭىزى ،
گايىدا تېچ، تەكشى، كورۇنەر يىراق .
گايىدا دولقۇنلار كوتىرەر شاۋقۇن ،
زەربىگە دۇچ كېلەر كېمە ۋە قىرغاق .
كورسەن، بەزىلەر تېپ-تېچ مۇھىتتا،
مەرتلىكتىن سوز ئاچار، بەك ئۇزۇن تىلى.
ۋە لېكىن شىددەتلىك دولقۇن ئالدىدا،
تېشىلگەن چاق كەبى تۇگەيدۇ يېلى .
بەزىلەر قۇربانى بولار دولقۇننىڭ ،
بەزىلەر ئۇرلەيدۇ غەلىبە سېرى.
بەزىلەر پاتىدۇ ئۇمىتسىزلىككە،
بەزىلەر ۋايىساشتىن ئوتەلمەس نېرى.
تۇراقسىز ھاياتتا ئىجاتكار ھامان،
ياشايدۇ مەردانە، تۇراقلىق بولۇپ .
ئوكىدا رىياللىق، قەلبىدە غايە ،
ئۇزىدۇ دولقۇندا جۇرئەتكە تولۇپ ...

4

ئىجاتكار مىسالى ياڭاق دەرىخى ،
بېشىدا ھەر دائىم چاقماق ۋە بوران.
ئانا يەر قېتىدا يىلتىزى مەھكەم ،
جۇدۇنلار ئىچىدە ياشنايدۇ ھامان.
سۇنسىمۇ ئاجىز ۋە يۇمران شاخلىرى،
ئۇ مېۋە، سايىدىن ئەمەس مۇستەسنا.
تاۋلىنار جۇت-بوران، چاقماق،يامغۇردا،
مەردانە قامىتى پۈكۈلمەس ئەسلا.
ھەسەتتە قاراپ ئىنتىلىشى ئاڭا ،
ئويلايدۇ: „ يوقالسا ياڭاق دەرىخى :
مەن قالسام يىگانە، شوھرەتلىك بولۇپ،
كىرگوزەر بېشىگە جاھان تارىخى... "
كوپ ئوتمەي، تۇگەر ئىنتىلىشى قۇرۇپ،
ئۇنتۇلۇپ كېتىدۇ نەزەردىن ساقىت.
ياشنايدۇ كەڭ قوساق ياڭاق دەرىخى ،
مېۋىسى، سايىسى-ئەجرىگە شاھىت ...

5

ئىجاتكار پەرىشتە ئەۋلىيا ئەمەس،
ئوغلى ئۇ زېمىننىڭ، رىيال ھاياتنىڭ .
ئەمەستۇر دورامچى ۋە پاكى ئەييار،
پەرزەندى دەۋرىنىڭ، نەسلى-ئەجداتنىڭ .
چۈشىنىپ كەمچىلىك، نۇقسانلىرىنى،
كامالەت ئىگىسى دېمەس ئوزىنى.
ئوگىنىپ ئىجتىھات، كەمتەرلىك بىلەن ،
ھەممىشە ئالدىغا تىكەر كوزىنى .
ئەكس ئېتەر تۇرمۇشنى ساداقەت بىلەن،
ئاڭا يات ساختىلىق، كوز بوياش، بېزەش.
خەلقىنىڭ ساداسى-ئۇنىڭ ساداسى،
بۇرچىدۇر يارىتىش، ئىزدىنىش، ئورلەش.
تارىختا نامى يوق دورامچىلارنىڭ،
ئۇ، چىنلىق ، كەشپىتىن بولغاچ مۇستەسنا .
ئايلىنار يەر شارى، ئالمىشار نەسىل ،
ھەقىقى ئىجاتكار ئولمەيدۇ ئەسلا...

6

قۇياشتەك غۇبارسىز ئىجاتكار كوڭلى ،
ئاڭا يات كورەڭلىك، ھەسەت،ئىچىتارلىق.
باشقىلار ئوزىنى قالدۇرسا چاڭدا،
سېزىدۇ ۋۇجۇدى چىن ئىپتىخارلىق .
يول قويار ئاغرىنىش، ئەيىپلەشلەرگە ،
ھەمكارلىق، دوستلۇقنى بىلىدۇ ئەلا.
ئۇ بىلەر: بىر گۈلدە بولمايدۇ باھار،
ئېقىنلار قوشۇلۇپ ياسىلار دەريا...

7

ئىجاتكار يۇرىگى چىدامىلىق ئەجەپ،
ئازاپلار ، ئالداشلار قىلالماس ئەسىر .
لاۋۇلداپ يانغۇچى ماگىمىدۇر گويا ،
مىڭلىغان يۇرەككە ئوتكوزەر تەسىر .

جۇپ كوزى گوياكى تېلېسكوپ ئۇنىڭ،
كورىدۇ ماھىيەت، «تىلسىماتلار»نى .
ئايرىيدۇ پەرق ئېتىپ ئادەم ئىچىدە،
قەلبى جىن، چىرايى پەرىزاتلارنى .
مۇھەببەت-نەپرەتنى سۈزۈك كىرىستال ،
كۆيلەيدۇ ئىنسانىي بۈرچ-ئۇلۇغلۇقنى.
قامچىلاپ رەزىللىك، رىيا، ساختىنى ،
كورستەر كورلارغا نۇر يۇرۇقلۇقنى .

ئىجاتكار قولىدۇر مىسالى بۇرغا ،
زەر، نېفىت ئالىدۇ جاپا دەشتىدىن .
ئولچەپ ئۇ، ئەقلىنىڭ تارازىسىدا،
كورىدۇ باھارنى جۇدۇن پەسلىدىن.
لەززەتكە ئېرىشەر مۇشەققەت چېكىپ ،
مۇشكۇللەر ئىچىدىن تاپار داغدام يول.
ساۋاقلار ئالىدۇ مەغلۇبىيەتتىن،
ئوستۇرەر تىكەندىن قورقماي قىزىلگۇل!...

## ئارزۇ

تۇرسۇن ھاجى

قانىتىم بولسا ئۇچسامەن،
ئايغا .ېرىپ چۈشسەمەن.
ئايدىن ئۇچۇپ نۇرۋاندا ،
مېھمان بولۇپ كۆلسەمەن.
شەۋىقەدرى كانىنى
ئىزلەپ تاپسام سامادىن.

يوتكەپ كەلسەم زېمىنغا،
خەلقىم چىقسا خۇمادىن.
ئىلمۇ-ئىرپان ئىزلەيمەن،
شۇ ئارزۇدا روھلۇنۇپ.
تۈننى تاڭغا ئۇلايمەن،
ئەل ئىشقىدا ئوت بولۇپ.

## ۋەتىنىم — بەختىم

ئابدۇغېنى ھامۇدى

ۋەتەن - گۇلشەن، گۇلى - رەنا، دىلىمنى مەھلىيا قىلغان ،
ۋەتەن - جەننەت، سۈيى - كەۋسەر، تېنىمگە كۈچ - قۇۋۋەت بەرگەن .

ۋەتەن ئايدۇر، ۋەتەن كۈندۇر، نۇرى بەختىمگە يول ئاچقان،
ۋەتەنىنىڭ ساپ ھاۋاسى بۇ يۇرەك - قەلبىمنى ياشناتقان .

ۋەتەندۇر غەمگۇزارىم ھەم پاناھىم - چىن مەدەتكارىم ،
ئانالىق باغرىدىن ئاق سۈت بېرىپ باققان ۋاپادارىم .

مېنى ئاسراپ جۇدۇنلاردىن، قىلىپ ئوستۇردى بىر شۇڭقار ،
ئۇنىڭچۇن ئەيلىسەم پەرۋاز، مۇشەققەت لەشكىرى تار-مار .

شۇڭا دەيمەن : ۋەتەن ـ بەختىم ، ۋەتەندىن ئۆزگە بەختىم يوق،
جاھاندا ئۆز دىيارىمدەك ۋاپادار تاجى ـ تەختىم يوق .

# ئىككى شېئىر

تاشتوختى ئىمىر

## دەۋەت

ئەمەلگە ئاشقۇسى ھەر ئىش بۈيۈك ئارزۇ ـ تىلەكلەردىن ،
سائادەت دىلبىرى مەھنۇن ۋاپادار ـ پاك يۈرەكلەردىن .

سۈزەلمەس ئۈنچە ـ مەرۋايىت دېڭىزلار مەۋجىدىن قورققان ،
ئەجىر قىلساڭ كېلەر شەرۋەت ھامان سويما ـ خەمەكلەردىن .

تاپالماي يول چېكەر پەريات ، كىشىدە بولمىسا غايە ،
قالار چوللەر ئارا تېنەپ ـ ئوتەلمەي جۈت ـ تۆتەكلەردىن .

ئايا ، تاشتوختى ، سەن ھارماي يېڭىپ مۈشكۈل ـ داۋانلار ئاش ،
تىكەننىڭ رەنجىدىن قورققان قىسالماس گۈل ـ چېچەكلەردىن .

## بولۇپ

ئوتكۈسى ھەركىم جاھاندىن « ئالتە كۈن مېھمان » بولۇپ ،
ھەر كەسىپ، ھەر خىل ھۈنەردە ... بەزىلەر سۇلتان بولۇپ .

كىمكى ئەلگە قەلبىدىن مېھرى ـ مۇھەببەت قويمىسا ،
كورىنەر دۇنيادا ئۇ ئادەم سۈپەت ھايۋان ، بولۇپ .

ئولىمىۇ نامى ھامان مەڭگۈ ياشايدۇ ئەل بىلەن ،
كىم ئەگەر ئەل ئىشقىدا كويسە ئەگەر پەرۋان بولۇپ.

ت . ئىمىر، پەرۋانە بوپ كويگىن ۋەتەن ـ ئەل ئوتىدا ،
چاقنىغاي شۇندا پەقەت ئومرۇڭ گويا چولپان بولۇپ .



# ھاۋارەڭ پەردە

(ھىكايە)

ئىرنات ھىجىرىپ (سۇرىيە)

دوستۇم سېھرى كۆچىگىز مېنى مەھلىيا قىلىۋالدى. ئەندى ئۇنىڭدىن قۇتۇلالمايدىغان بولغانلىقىمدىن ھەممىنى سىزگە ئېيتىپ بېرىشكە رازىمەن. ئاپام بىلەن ئىككىڭلار مېنى ئىلتۇمارنىڭ كۆچى ئارقىلىق ئۆزىمىزگە باش ئەگدۈرۈۋالدۇق، دېيىشىۋاتىسىلەر. ئۇنىڭ ئەكسىچە مەن: مېنى بويسۇندۇرغان سىزدىكى قىزلارغا خاس گۈزەللىك — سادىق قەلب ۋە پاك ۋىجدان، دەپ قارايمەن. ئىمىلەرنى دىگىنىڭلاردىن قەتئىي نەزەر، مەن ئۇ گەپلەرگە قىلچە پىسەنت قىلمايمەن. ھەممىنى مەن ئۆز بەختىمگە ئېرىشتىم. ئۆزگىلەرنىڭ بۇ بەختىمىزنى خاراپ قىلىشىغا ھەرگىز يول قويمايمەن.

سىز ئەزەلدىنلا سەممىي، سادىق ئىدىڭىز. ئەندىلىكتە، ئاپامنىڭ سىزنى چاقىرتقانلىقىنى ئىنكار قىلىپ، ئۇنىڭ تېخى مېنى قايىل قىلماي تۇرۇپلا ئۇمىدىنى سىزگە باغلىغانلىقىنى يوققا چىقىرىۋاتىسىز. لېكىن، سىز قوبۇل قىلغان تاپشۇرۇقلارنى بىجا كەلتۈرۈشتىن ئىلگىرى، مېنىڭ دىمەكچى بولغانلىرىمنى ئاڭلاپ باققان بولسىڭىز، ۋەزى - نەسىھەتلەرنىڭ ئەندى ھاجەتسىز ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتكەن بولاتتىڭىز.

ئەسلى ۋەقە مۇنداق ئىدى. ئاپام ئايالىمنىڭ ئۆيىدە يوق ۋاقىتلىرىنى غەنىمەت بىلىپ، ماڭا دائىم:

—ئوغلۇم، مەن سېنى ۋە سېنىڭ ھېلىقى تۇغماس خوتۇنۇڭنى ھەر بىر كۆرگىنىمدە يۈرەك - باغرىم زەرداپقا تولۇپ كېتىدۇ! - دەيتتى.

بەزىدە مۇنداق گەپلەرنى ئاڭلاۋېرىپ بىزار بولاتتىم - دە، ئاپامنىڭ شەخسى تۇرمۇشۇمغا ئارىلاشماسلىقىنى ئىلتىجا قىلىپ:

—مەن تاللاپ سۆيگەن ئادىمىمدىن پۇشايمان قىلمايمەن، - دەپ كەسكىن جاۋاپ بېرەتتىم.

لېكىن، ئۆتكەن بىر نەچچە ئايدىن بېرى ئاپامنىڭ ھېلىقى گەپلىرى ئۈستىدە ئويلىنىدىغان بولۇپ قالدىم. راستىنى ئېيتسام، ئۇ سۆزلەر بارا - بارا قەلبىمنى تەۋرەتمەي قالمىدى.

—بىر ئەر پەرزەنت كۆرمىسەك، بۇنداق تۇرمۇشنىڭ نىمە كېرىكى؟ خوتۇن ئالغىنىمغا 10 يىل بولدى. پەرزەنتلىك بولمىغان تۇرمۇشنى قانداقمۇ بەختلىك تۇرمۇش دىگىلى بولسۇن؟ سەن پەرزەنتلىك بولساڭ، ئاندىن بىزمۇ ھاياتىنىڭ خۇۋلىقىنى كۆرمەيمىزمۇ، باللىرىنىڭ خۇشخۇي كۈلكە سادالىرى قىيناپ تۇرسا، بىزنىڭمۇ ھاردۇغىمىز چىقمامدۇ، ئالدىمىزدا پەر-

زەنت بولسا، ئاندىن بىز ئاياللارنىڭ تۇرمۇشىدىكى غەم - غۇسسىدىن خالاس بولالايمىزمۇ؟- دەپ كايىپلا يۇرەتتى ئاپام.

ئاپام توغرا ئېيتىدۇ، ئەر - خوتۇن ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاللىبۇرۇنلا زېرىكەرلىك كەيپىيات ھوكۇم سۈرۈشكە باشلىغان ئىدى. گايى كۈنلىرى پۈتۈن بىر ئاخشامنى جىمجىتلىق ئىچىدە سۈكۈت بىلەن ئۆتكۈزۈشەتتۇق. خوتۇنۇم پوفايكا توقۇش بىلەن ھەلەك ئىدى، مەن بولسام كىتاپ ئوقۇش بىلەنلا بەنت بولاتتىم. بىرىمىز ئەسنىسەك، يەنە بىرىمىزنى ئۇنىڭدىنمۇ قاتتىغراق ئەسنەك تۇتاتتى. مۇنداق كىشىنى بىزار قىلىدىغان كەيپىيات بىزدەك ياش ئەر - خوتۇنلارنىڭ تۇرمۇشىدا ئەڭ قورقۇنۇچلۇق نەرسە بولماي نىمە؟ دەسلەپكى چاغلاردا مەن بۇ ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسىگە سەۋرى قىلدىم، چىدىدىم، ئەندىلىكتە بولسا مەندىكى سەۋرى قاچىسى چېقىلىپ بولغان ئىدى.

نەق گەپنى ئېيتسام، ماڭا بالا كېرەك، بالا!

ئەمما، ئەنە شۇنداق ئەھۋالدىمۇ مەن يەنە نىمە ئۈچۈن قەتئى بىر قارارغا كېلەلمەيمەن؟ ئەجەبا، مەن پەرزەنت كۆرۈش ئارزۇسى ئۈچۈنلا ئۆز مەھبۇبىمنى قۇربان قىلىۋېتىدىغان يىگىتمۇ؟ تالاي يىگىتلەر شۇنداق قىلغان بولسىمۇ جامائەتچىلىكنىڭ ئەيىپلىشىگە ئۇچرىمىدىمۇ.

دوستۇم، مەن سىزنى ئالدىماقچى ئەمەسمەن. چۈنكى، مەن خېلىدىن بېرى ئۆز - ئۆزەمنى ئالداپ كەلدىم. مەن كۆرسىتىۋاتقان بۇ سەۋەپلەرنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنغىنى بولسا كۆڭلۈم چۈشۈپ قالغان بىر لەۋەن قىز ئىدى. پەرزەنت كۆرۈش ئارزۇسى ۋە ئارىمىزغا زېرىكەرلىك كەيپىيات چۈشتى، دىگەنلىرىم پەقەت بانا تېپىپ، شۇنىڭ بىلەن ۋىجدانى جەھەتتىن ئۇچرايدىغان ئەيىپلىنىشتىن خالى بولۇش، شۇ بىچارە ئايالىمدىن قۇتۇلۇپ، باشقا بىر، تېخى يىگىرمە ياشقىمۇ تولمىغان ياش قىزنى قولغا كەلتۈرۈشۈمگە ئاساس تېپىش ئۈچۈن ئىدى. قاراڭ، ئادەم بەزى چاغلاردا ئۆز - ئۆزىنى ئەنە شۇنداق ئالدايدىكەن.

ئۇ قىز ئەسلىدە ئاپامنىڭ خوشنىسى ئىدى. مەن ھەر قېتىم ئاپامنى يوقلاپ بارغىنىمدا ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قالاتتىم. بارا - بارا ئاپامنى يوقلايدىغان ۋاقتىم كۆپىيىشكە باشلىدى. ئىلگىرى ھەپتىسىگە بىر بارىدىغان بولسام، ئەندىلىكتە كۈندىلا بارىدىغان بولدۇم. بۇ ھېلىگەر قىز مېنى كۆرسىلا يېپىلىمدەك يېپىشىۋالىدىغان بولۇپ كەتكەن ئىدى، ئىشقى تورىغا چۈشۈپ كەتكەنلىكىمگە كۆزى يەتكەن قىز ماڭا ئەندى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغان شەرتلىرىنى قويۇشقا باشلىدى. ماڭا ياتلىق بولۇشقا رازىمەنلىكىنى بىلدۈردى- يۇ، ئالدى بىلەن مېنىڭ خوتۇنۇم بىلەن ئاجرىشىشىمنى، ئاندىن ئۆزىگە مىڭ لىرا ئالتۇن ۋە ئۇن كاراتتىن كام بولمىغان مىقداردىكى ياقۇتتىن كوز قويۇلغان تويلۇق ئۈزۈكتىن بىرنى ھەدىيە قىلىشىم كېرەكلىكىنى ئېيتىپ تۇرۇۋالدى.

مەن ھەممە شەرتلەرنى ماقۇل كۆردۈم. بىردىن - بىر توسالغۇ بولۇۋاتقىنى مېنىڭ ھېلىقى ئاددى، پاكىز ۋە تېپچ يۈرىدىغان، قولىدىن كېلىدىغان ھەممە چارىلەر بىلەن ماڭا بولغان مېھرىۋانلىقىنى ئىزھار قىلىپ كېلىۋاتقان ئايالىم ئىدى. ئەندى مەن ئاجرىشىشقا بانا تېپىش ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن جېدەل - ماجرا چىقىرىشنى كوڭلۈمگە پۈكۈپ

قويدۇم. ئەپسۇسكى، بۇنىڭدىنمۇ ھېچ نەتىجە چىقمىدى. ئۇنىڭ ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن خۇمالىق كۈلۈپ تۇرۇشلىرىغا قاراپ ئاچچىغلىنىشقا كىمنىڭمۇ ۋىجدانى چىدىسۇن؟ ئۇنىڭدەك كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان دەرىجىدىكى سەۋرى ـ تاقەت ۋە كەڭ قوساقلىق بىلەن قوپاللىققا چىداپ تۇرغان بىر ئادەم بىلەن كىممۇ جېدەل ـ ماجىرا قىلالىسۇن؟

بۇ ھال مېنى بەكمۇ ساراسىمىگە چۈشۈرۈپ قويدى ـ دە، نىمە قىلارىمنى بىلەلمەي قالدىم. ئۈزۈكنىمۇ ئېلىپ قويدۇم، پۇل چېكىنى كەستۈرۈپ تەييار قىلدىم. ئەندى ئايالىم بىلەن نىكادىن ئاجرىشىش، ھېلىقى مېنى مەپتۇن قىلىۋالغان قىز بىلەن توي قىلىشلا قالغان ئىدى.

ئۇزۇن ئويلۇنۇپ، ئايالىمغا ئۆزەمنىڭ سىرتلارغا چىقىپ كېلىش قارارىغا كەلگەنلىكىمنى (بۇندىن ئىلگىرىمۇ سودا ئىشى بىلەن سىرتلارغا چىقىپ تۇراتتىم)، شۇنداقلا ئۇنى تۇققانلىرىنىڭكىگە تۇرۇپ تۇرۇشقا ئەۋەتمەكچى بولغانلىقىمنى ئېيتماقچى بولدۇم ۋە كېيىنىرەك ئۇنىڭغا خەت يېزىپ ھەممىنى ئوچۇق ئېيتىشنى كۆڭلۈمگە پۈكتۈم.

مەسىلە ئەنە شۇنداق ئاددى ھەم ئاسانلا ھەل بولدى. تۇۋۋا دەيمەن، ھەممىدىن ئەپلىك بۇ چارە نىمە ئۈچۈن بۇرۇنراق ئېسىمغا كەلمىگەندىكىن؟

ئەتىسى، ئۆزەمنى ئوبدان تۇتىۋېلىپ، قىلغان قارارلىرىمنى ئايالىمغا ئېيتىشقا باشلىدىم. ئۇ گېپىمنى ئاڭلاپ، چىرايى تامدەك تاتارغان ھالدا، ئورە تۇرۇشقا ماجالى قالماي كىرىسلوغا ئولتۇرۇپلا قالدى ـ دە، ھەسرەت ئىچىدە پىسىڭىدە كۈلۈپ:

ـــ مۇشۇنداق بولىدىغانلىقىغا ئاللىقاچان كۆزۈم يەتكەن! ـ دىدى. ئۇ نىمە ئۈچۈن شۇنچە ئازاپلىنىدۇ؟ ئۇ راستىنلا كۆڭلۈمدىكىنى بىلىۋالغاندىمۇ؟ بىزنىڭ بۇ شەھەردە ھەرقانداق بىر ئىشنىڭ سىرىنى ئۇزاق ساقلاپ قېلىش تەس ئەمەسمۇ. مەن بىر نىمە دىمەكچى بولدۇمۇ، زۇۋانىم تۇتۇلۇپ، تامىغىم قۇرۇپ كەتكەندەك بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىرەر ئېغىز لايىغىدىراق سۆزمۇ تاپالمىدىم.

مەن ئايالىمغا يانداشىپ كىرىسلودا ئولتۇردۇم. ھېچقايسىمىز زۇۋان سۈرمەيتتۇق. تاماكامنى ئالاي دەپ قولۇمنى يانچۇغۇمغا شۇنداق سېلىشىمغا قولۇمغا چىققىنى تاماكا قۇتىسى بولماستىن، ئېپەك قولياغلىققا ئورالغان كىچىككىنە كوروپكا بولدى. ھەتتىگىنەي، مەن نىمە دىگەن قاپاقۋاش ـ ھە! ئۈزۈكنى يانچۇغۇمغا سېلىپ ئۇنتۇلۇپ قالغىنىم نىمىسى. شۇ چاغ مەن ئەسىرگە چۈشكەن مەھبۇسلاردەك لاغىلداپ تىترەپ كەتتىم، ئەندى بىلدىم، خوتۇنۇم يانچۇغۇمدىكى ئۈزۈكنى كورۇپ قالغان، شۇنىڭ بىلەن نىمە ئىش ئىكەنلىگىدىن خەۋەر تاپقان ئىكەن ـ دە. كۆزۈم ئۇنىڭ كۆزى بىلەن ئۇچرىشىپ قالمىسۇن، دەپ ئايالىمغا قارىماسلىققا تىرىشاتتىم. ئۇ بولسا قاتۇرۇپ قويغان ھەيكەلدەك جىمجىت ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ شۇنچە ئېغىر ئازاپلىنىۋاتقان بولسىمۇ، يەنىلا ئىززەت ـ ھورمىتى ۋە ھەقىقى غورۇرىنى ساقلاپ تۇرۇۋاتقانلىغىنى ھىس قىلدىم، ئۇ قوللىرىنى ئىككى تىزىغا قويۇپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ قوللىرى گۈل بەرگىلىرىدەك نازۇك ۋە گۈزەل ئىدى. نىكا كۈنى مەن ئۇنىڭ قوللىرىغا سېلىپ قويغان تويلۇق ئۈزۈك ئۇنىڭ بارماقلىرىدا يالتىراپ تۇراتتى.

شۇ تاپتا ئۇ قانداق خىيال دېڭىزىغا غەرق بولۇۋاتقاندۇ؟ بەلكىم ئۇ مېنىڭ ئۇنىڭ

ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ قوللىرىغا سويگەنلىرىمنى، ھەدىيە قىلغان ئۈزۈكۈمنى بارمىقىغا سالغانلىرىمنى، باغرىمغا بېسىپ چىڭ قۇچاقلىغانلىرىمنى، ئاندىن ئۇ ئۆزىنىڭ كوزىنى چىڭ يۇمۇپ، ئۆزىنى: دۇنيادا ئەڭ بەختلىك كىشىمەن، دەپ ھىس قىلغانلىرىنى، شۇ دەقىقىدىن كېيىن، تۇيۇقسىز ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتكەنلىرىنى، مېنىڭ:

— ئاھ، پەرۋەيدىگارىم! ھاياتىمىزدىكى مۇشۇنداق بەختلىك مىنۇتلاردا يەنە نىمىگە يىغلايسىز ؟ — دەپ سورىغانلىرىمنى، ئۆزىنىڭ تىترەك ئاۋاز بىلەن:

— مۇبادا، مېنىڭ سىزگە قانچىلىك كويگەنلىكىمنى بىلسىڭىز ئىدى!.... بۇ ئۈزۈكنى تاقىغىچە مەن قانچىلىك قۇربانلارنى بەردىم... مېنىڭ يېشىم سىزدىن چوڭ، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن بۇرۇن نىكالىق بولغان. يولدۇشۇم مېنى تۇغمىدۇڭ، دىگەچكە ئاجرىشىپ كەتكەنمەن، سىزمۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە مېنى شۇنداق تاشلىۋېتەرسىز. قولۇمدىكى بۇ ئۈزۈكنى چىقىرىپمۇ ئالارسىز، ئۇ چاغدا مەن ئىككىنچى قېتىملىق ئازاپقا قانداقمۇ چىدارمەن؟ — دەپ جاۋاپ بەرگەنلىكىنى، مېنىڭ ئۇنى تېخىمۇ چىڭ قۇچاغلاپ تۇرۇپ:

— دۇنيادا سىز مەن ئۈچۈن ھەممىدىن قەدىرلىكسىز، مۇنداق يۈرەك — باغرىمنى ئورتەيدىغان گەپلەرنى قايتا ئېغىزىڭىزدىن چىقارماسلىققا قەسەم ئىچىڭ، — دىگەنلىرىمنى بىر- بىرلەپ خىيالىدىن ئوتكۈزۈۋاتقاندۇ.

ئۇ نىمىشكە مېنى ئەيىپلەپ تىللىمايدىغاندۇ؟ شۇنداق قىلغان بولسا، بۇ كىشىنى بۇرۇختۇم قىلىۋېتىدىغان سۈكۈتتىن ياخشى بولغان بولماسمىدى.

راستىنى ئېيتسام، ئۇنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ ئەپۇ سوراي، دىگەن خىيال كوڭلۇمدىن كەچكەن ئىدى. ئەمما، بۇ ئىستەكنى دەرھال باسمىسام بولمايتتى. ئاپامنىڭ تالاي قېتىم مېنى ئاگاھلاندۇرۇپ : — بۇ بىر خىل سېھىرى كۈچنىڭ ئېزىقتۇرۇشى، — دىگەن گەپلىرى ئېسىمغا كەلگەن ئىدى .

تېلېفون جىرىڭلىشى بىلەن ئوزەمنى يېنىك ھېس قىلىپ، قانداقتۇر بىر مۇھاسىرىدىن قۇتۇلۇپ چىققاندەك بولۇپ قالدىم . ئالدىراپ تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قولۇمغا ئالدىم. تېلېفوندىكى سوزلەر ناھايىتى ئاددى ھەم قىسقىلا بولۇپ، مېنىڭ ئۇشۇقچە سوز قىلىشىمنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. پەلتۇرىمنى كىيدىمدە، كوچىغا ماڭدىم. ماشىنامغا چۈشۈپ بېشىم قايغان تەرەپكە مەقسەتسىزلا كېتىۋەردىم. ئەنسىز خىياللار مېنى ئازاپلايتتى. بەزگەك بولغان كىشىدەك بىئارام بولاتتىم. ھەتتا، تۇيۇقسىز بىر ۋەقە يۈز بېرىپ ئولۇپ كەتسەم، بۇ ئازاپلاردىن مەڭگۈ قۇتۇلسام، دەپ ئۈمىت قىلاتتىم .

چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا قايتىپ كەلدىم. ئويگە كىرىشكە جۈرئەت قىلالماي، ئىشىك ئالدىدا خېلى ۋاقىتقىچە تۇردۇم. بىلمىدىم، خوتۇنۇم شۇ تاپتا نىمە ھەلەكچىلىكتىكىن؟ ئاخىر، مەن ئىشىكنى ئاچتىم — دە، ئوغرىدەك تىمىسقىلاپ ئويگە كىرىپ كەلدىم. ئوي ئىچى شۇنچە پاكىز يىغىشتۇرۇلغان ئىدىكى : ھەممە نەرسە — تام — توروس، پول، دېرىزە، ئەينەكلەر يالتىراپ تۇراتتى. گۈلدانلارغا يېڭى ئۈزۈلگەن رەڭدار گۈللەر چىلانغان ئىدى. ھەقىقەتەنمۇ سېھىرىگەر ئىكەن — دە ! ئۇ شۇنچىلىك ھەسرەت ئىچىدە تۇرۇپمۇ، ئوينى يەنە

شۇنچە پاكىز يىغىشتۇرۇپتۇ. ئېھتىمال ئۇ ئۇزىنىڭ ئەڭ تىرىشچان، ئەڭ ياخشى ئائىلە ئايالى ئىكەنلىكىنى كېيىنكى رەقىبىگە ئىسپاتلىماقچى بولسا كېرەك؟ شۇ ئەسنادا ئىشىك ئالدىغا قويۇپ قويۇلغان ئىككى چوڭ چامادانغا كوزۇم چۈشتى - دە، ئۆزەمنى پۈتۈنلەي يوقۇتۇپ قويدۇم. بۇ ئايالىمنىڭ ئۆزىگە تەئەللۇق نەرسە - كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ قويغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. شۇ چاغدا ئايالىم ئىشىك تۈۋىدە پەيدا بولدى. ئۇنىڭ چىرايى سۇلغۇن ئىدى، كوزلىرىدىن چەكسىز ھەسرەت ئەكس ئېتەتتى.

— مېنى ماشىنىڭىز بىلەن ئاپىرىپ قويالارسىزمۇ؟

— ئىختىيار ئۆزىڭىزدە، - دېيىشىم بىلەن ئاۋازىمنىڭ تىترەپ چىققانلىقىنى ھېس قىلدىم. ئۇ چامادانلارغا بىر قارىۋالدى - دە:

— چامادانلارنى كوتىرىشىۋالامسىز، ئۆزەملا كوتىرەمدىمەن، ئۆزەمنىڭمىغۇ كۈچى يېتىدۇ ... - دەپ قوشۇپ قويدى ماڭا تىكدەك تىكىلىپ.

مەن ئىندىمەستىن چامادانلارنى كوتىرىپ، ماشىنامنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى جابدۇق قويىدىغان ئورۇنغا قويىۋېتىپ: ئەجەبا، ئوتتۇرىمىزدىكى ھەممە مۇناسىۋەت مۇشۇنداقلا تۈگىشەرمۇ؟ دەپ ئويلىدىم.

ئۇ ھەسرەت ئىچىدە ئويىنىڭ ئىشىگىنى ئەتكەندىن كېيىن، ھەممىگە قايتا بىر نەزەر سالدى - دە، ئاندىن ماشىنىغا چىقتى. ئادەتتىكى چاغلار بىلەن ئوخشىمايدىغىنى شۇ بولدىكى، ئۇ كەينى تەرەپتىكى قاتاردىن ئورۇن ئېلىپ ئولتۇردى. مەن ئۇنى يېنىمغا ئوتۇپ ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلماقچى بولدۇم - يۇ، يەنىلا ئۆزەمنى تۇتىۋالدىم ... مۇنداق قىلسام چىدىمىغانلىقىم بىلىنىپ قالاتتى - دە؟

مەن تىترەپ تۇرغان قوللۇرۇم بىلەن موتۇرنى ئوت ئالدۇردۇم. دەل شۇ چاغدا ئۇ تۇيۇقسىزدىن:

— توختاڭ! توختاپ تۇرۇڭ! ساراي ئويىنىڭ دېرىزە قاپقاقلىرىنى يېپىۋېتىشنى ئۇنۇتۇپ قاپتىمەن. كۆن نۇرىدا ھېلىقى ھاۋارەڭ دېرىزە پەردىمىز ئوڭۇپ كېتىدۇ! - دەپ ۋاقىرىۋەتتى.

ماشىنىنى توختاتتىم. ئۇ دېرىزە قاپقاقلىرىنى يېپىش ئۈچۈن ئويگە كىرىپ كەتتى. مەن ھالسىزلىنىپ بېشىمنى ماشىنا رولىغا قويدۇم - دە، كوزۇمنى چىڭ يۇمىۋالدىم.

«ئاھ، مېھرىبانىم! مۇشۇ مىنۇتلاردا سېنىڭ قانداقمۇ ھاۋارەڭ پەردىلەر ئۈستىدە باش قاتۇرغىڭ كەلگەندۇ؟» دەپ ئويلىدۇممەن. ھېلىمۇ ئېسىمدە تۇرۇپتۇ. ئۇ تالاي ۋاقتىنى قۇربان قىلىپ، ماگىزىنمۇ - ماگىزىن ئارىلاپ يۈرۈپ، ئاخىرى مانا شۇ ھاۋارەڭ دېرىزە پەردىسىنى تاللاپ ئېتىۋالغان ۋە يەنە تالاي كۈنلىرىنى سەرىپ قىلىپ بۇ پەردىلەرگە رىشلىيە ئىشلىگەن ئەمەسمىدى! ئويىمىزگە قەدەم تەشرىپ قىلغانلىكى مېھمانلارنىڭ ھەممىسى بۇ پەردىنى ۋە ئۇنىڭغا بېسىلغان كەشتىلەرنى ئېغىزىدىن چۈشەرمەي ماختىشاتتى.

«سويۈملۈكۈم، سەن بولساڭ بىر ئانا — مۇشۇ ئائىلىنىڭ ئانىسسەن. سەن بۇ ئائىلىنى بەرپا قىلدىڭ. شۇ تاپتا بۇ ئائىلە سېنىڭ ئىلكىدىن مەھرۇم قىلىنغان بولسىمۇ، سەن يەنىلا ئۇنى جىمى ئانىلار ئۆز پەرزەنتلىرىنى ئاسرىغاندەك ئاسراۋاتىسەن. مەن نىمىدىگەن ۋىجدانسىز- ھە! مەن ئەنە شۇنداق بىر ئايالنى ئۆزىنىڭ ياخشى كورىدىغان ئائىلىسىدىن مەھرۇم قىلماقچىمۇ. ياق ...»

مەن ماشىنىدىن سەكرەپ چۈشتۈمدە، يۈگرەپ گۈللۈكتىن ئايلىنىپ ئۆتكەن پېتى ئۆيگە قاراپ ئۆزەمنى ئاتتىم. ئىشىكتىن كىرىشىم بىلەن تەڭ ئۆيدىن چىقىۋاتقان ئايالىمغا دۈچ كېلىپ، «كاپ» قىلىپ ئۇنى بىلىكىدىن تۇتىۋالدىم ـ دە، ئۆيگە تارتقىنىمچە:

ــ ئامرىغىم! سەن بۇرۇنقىدەكلا مۇشۇ ئۆيدە تۇرۇپ قالىۋەرسەڭ، ھاۋارەڭلىك دېرىزە پەردىلىرىگە بولغان غەمخۇرلىغىڭنى داۋام قىلىۋەرسەڭ تېخىمۇ ياخشى ئەمەسمۇ ؟ـ دەۋەتتىم.

ئۇ سوزۇمنىڭ تېگىگە يەتتى ۋە ئۆزىگە يېقىن تۇرغان بىر ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى ـ دە، ئالدىمدا تۇنجى قېتىم ئۇن سېلىپ يىغلاپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ مىجەزىنى ھەر قانداق مەغلۇبىيەت ئالدىدا قەتئى كوز يېشى توكمەس قىلىپ يېتىشتۇرگەن بولسىمۇ، خوشاللىق ياشلىرىنى ھەرگىز توختىتىۋالالمىدى. شۇ پەيتتە مەن ئۇنىڭ ئالدىدا قايتا ئىزىلىنىپ ئولتۇرۇدۇم ـ دە، ئۇنىڭ قوللىرىنى سۆيۈپ، يانچۇغۇمدىن ھېلىقى ياقۇت كوزلۈك ئۈزۈكنى ئېلىپ، ئۇنىڭ ئوتتۇرا بارمىغىغا سېلىپ قويدۇم.

يۈز ـ كوزۇمگە ئۇنىڭ ئىسسىق ياشلىرى توكۇلۇشكە باشلىدى. يۈرەكلىرىم باشقىچە يايراپ، قەلبىمدە بىر خىل ئازادىلىك ھېس قىلدىم. گويا، يەلكەمنى بېسىپ تۇرغان ئېغىر يۈكتىن خالاس بولغاندەك، سۇغا غەرق بولۇش خەۋپىدە تۇرغان بىر ئادەمنىڭ رەھىمسىز دولقۇنلار بىلەن بىر ھازا ئېلىشىپ، ئوكۇشلۇق ھالدا قىرغاققا يېتىۋالغىنىدەك چەكسىز يېنىكلەپ قالدىم.

دوستلار، سىلەر مېنى قايمۇقۇپ قاپتۇ، دىگەن تونۇشقا كېلىپ قالماڭلار. مەن ئۆزەمنى تولىمۇ بەختلىك ھساپلايمەن. ھەر قانداق كىشىنىڭ بۇ بەختىمنى ۋەيران قىلىشقا ئەبەدى يول قويمايمەن.

خەنزۇچىدىن: ئابدۇللام ئاۋۇت تەرجىمىسى

## خوشنىلارغا كېرەك، دەپ

سىدىق تۇرسۇن

زەمبىل ئېلىپ كېلىۋاتسام، ئۇچرىدى ــ
تولا زەمبىل سورايدىغان خوشنىمىز.
مەن ھەيرانمەن، يەنە ئاپسىز، نىمەئىش بۇ،
يا زەمبىلگە چۈشكەنمىدى خوشتىڭىز.

دىدىم شۇندا: ئۇيلىمايدۇ بەزىلەر،
بىزمۇ زەمبىل ئېپ قويايلى، كېرەك دەپ.
مەن ئېپ قويدۇم بۇ زەمبىلنى، زەمبىلسىز ــ
خوشنىلىرىم سوراپ كىرسە كېرەك، دەپ.

# دېڭىز ساھىلىدىكى ھەشەمەتلىك داچا

د. ستاماتوۋ (بۇلغارىيە)

كۈن غەرپكە قىيسايغاندا، ئۇلار باغچىغا يېتىپ كەلدى.

— سۆيۈملۈكۈم، دۇنيادا مۇھەببەتتىن كۈچلۈك، مۇھەببەتتىن گۈزەل نەرسە بارمىدۇ؟ يوق! مۇھەببەتتىن باشقىسى ئەرزىمەس، تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق نەرسىلەر — ھە؟

— بار، قەدىرلىكىم، بار!

— نېمە ئىكەن ئۇ شۇنداق؟

— سەنچۇ، لىنۇچكا!

قىز ئۆزىنى بەختلىك سېزىپ، بېشىنى ئۇنىڭ باغرىغا قويدى.

— دەرۋەقە، دۇنيادا مۇھەببەتتىنمۇ كۈچلۈك يەنە بىر نەرسە بار، — دەپ ئۇ لېنانىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى.

— ئۇ نېمە؟

— پۇل!

— ساشا بۇ سۆزۈڭدىن قىزارمامسەن؟ سەن...

ئۇ لېنانىڭ ئاغزىغا لەۋلىرىنى بېسىپ، ئۇنى ئېغىز ئاچقۇزمىدى.

— ساشا، سېنىڭ ھەشەمەتلىك داچاڭغا قاچان بارىمىز؟

— بىزنىڭ داچىمىزغىمۇ؟ قاچان بارىمىز؟... خالىساڭ ئەتىلا بارايلى.

— ياخشى بولدى! ھاياتىمدا دېڭىزنى كۆرۈپ باقمىغانىكەنمەن. دېڭىز چوقۇم بەكمۇ گۈزەل، بىپايان، چەكسىز كەتكەن بولسا كېرەك...

— ناھايەت، ئۇنىڭ بۈيۈكلىكى مۇھەببىتىمىزدىن ئېشىپ كېتەلمەس!

قۇياش ئۇپۇق سىزىقىغا پاتتى.

بىر جۈپ ئاشىق — مەشۇق بىر — بىرىگە جىمغىنا يۆلىنىشىپ تۇراتتى.

دېڭىز.

باغ دېڭىز ساھىلىدىكى تاغنى باغىرلاپ كەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە بىر كور پۇس بالكونلىق ھەشەمەتلىك داچا قەد كۆتىرىپ تۇراتتى. داچىنىڭ ئەتراپى رەڭگا-رەڭ گۈللۈكلەر ۋە رەڭدار شېخىل تاش يېيىتىلغان كەڭ، بوك-باراقسان دەرەخلەر ئارىسىدىكى يوللار بىلەن ئورالغان ئىدى.

لېنا ساشا بىلەن تەڭ قەدەم تاشلاپ داچىدىن چىقىپ كەلدى. ئۇ قەدەمدە بىر توختايتتى.

— ۋاي — ۋۇي، نېمە دېگەن گۈزەل! پاھ گۈللۈكلەرنى! ئۈزۈندىن — ئۈزۈن، يەنە كېلىپ ئۈچ خىل رەڭدە! ئاق، يېشىل، قىزىل. ئۇ ئىپەك لېنتىنىڭ ئۆزىلىغۇ!...ساشا، كېپىگە قولاق سالساڭچۇ، بۇ بىزنىڭ ئۈچ رەڭلىك بايرىقىمىزنىڭ ئۆزىلا ئىكەنغۇ!... مەيەگە كېلە، بولساڭچۇ! قارا، دېڭىزغا، نېمە دېگەن گۈزەل، نېمە دېگەن چىرايلىق! ئاۋۇ كىچىك ئۆي كەنىپت قۇتىسىلىغۇ! ئۇ بىزنىڭكىمۇ؟ ئاۋۇ توپىلىكچۇ؟ كىچىك ئورمانچۇ؟ ھەممىسى بىزنىڭكىمۇ؟

— ھەممىسى بىزنىڭ.

— سۆيۈملۈكۈم، مەن تولىمۇ بەختلىك ئىكەنمەن! كۆزلىرىم چاقناپ، گاڭگىراپلا قالدىم. بەك قورقىۋاتىمەن، بۇ — چۈشۈم ئەمەستۇ؟

— بەخت ھەقىقەتەنمۇ چۈشكە ئوخشاپ كېتىدۇ.

لېنا ئۇنىڭ قولىنى مۇلايىملىق بىلەن تۇتتى.

ئۇلار يېتىلىشىپ ئورمانلىقتىكى كىچىككىنە بوشلۇققا كەلدى. ئۇ يەرنى مۇۋەتتەك يېشىل چوپلەر قاپلاپ كەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئەتراپى تال - چىۋىقلىرى جالادەك ئېسىلىپ تۇرغان بۈك - باراقسان دەرەخلەر بىلەن قورشالغان ئىدى. بوشلۇقنىڭ بۇرجىكىدە يەنە بىر سۇنئىي ئوڭكۇر بولۇپ، ئوڭكۇر تاملىرىغا بىر قانچە تاش ئەينەكلەر ئورنىتىلغان ئىدى.

ئوڭكۇرنىڭ كىرىش ئېغىزىغا يوغان دۈگىلەك ئۈستەل قويۇلغان، ئۈستەل ئەتراپىغا ئورۇندۇقلار تىزىلغان. ئۈستەل ئۈستىگە بىر قانچە ئېلېكتىر چىراقلىرى ئېسىلغان ئىدى. ئارىلىغى ناھايىتى كەڭ قويۇلغان دەرەخلەرنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ يىراققا كوز تىكسەڭىز، بىپايان كوك دېڭىز جىلۋىلىنىپ تۇراتتى.

لېنا دېڭىزغا تىكىلىپلا قالدى.

— ساشا، بۇ دېڭىز ھەم بىزنىڭمۇ؟

— ياق، دېڭىزنىڭ ئىگىسى يوق، ئومۇمنىڭ

قىز بۇ جاۋاپتىن ئازار ھىس قىلىدى بولغاي، جىمىپلا قالدى.

ساشا جەينىكىنى ئۈستەلگە تىرىگەن ھالدا ئۇنچىقماي، جىمجىت ئولتارغىنىچە چىرايى بىردىنلا جىددىيلىشىپ كەتتى.

— سويۈملۈكۈم، نىمە ئۈچۈن بىردىنلا غەمگە پاتتىسەن؟ دۇنيادا تەڭدىشى يوق گۈزەل مەنزىرە ئىچىدە مەن بىلەن بىرلىكتە تۇرۇپ يەنە نىمىدىن غەم قىلىسەن؟ نىمە بولدى؟

— ھېچنىمە بولمىدى.

— ئۇنداق بولسا نىمە ئۈچۈن ماڭا قاراشنىمۇ خالىماي قالدىڭ؟ زادى نىمە ئۈچۈن؟ دېڭىز ياكى بۇ يەر سېنىڭ ئازاپلىق ئەسلەمىلىرىڭنى قوزغاپ قويدىمۇ - يە؟

— ئازاپلىق ئەسلىمە ئەمەس، قورقۇنۇچلۇق ئەسلىمە.

لېنا چاچراپ تۇرۇپ، ئوزىنى ئۇنىڭغا ئاتتى.

— ماڭا تەككۈچى بولما!

لېنانىڭ چىرايى بىردىنلا تاتىرىپ كەتتى.

— ساشا، زەپمۇ چوچىتتىڭغا، زادى نىمە ئىش بولدى؟

— چوچىگىدەك ئىش. مۇبادا ھەممىنى ساڭا ئەينەن دەپ بەرسەم بۇنداق تەڭداشسىز مەنزىرە سەن ئۈچۈن سورۇن مازاردەكلا بولۇپ قالىدۇ.

— توۋا. مەندىن بىر نىمىنى يوشۇرىۋاتىسەن. ھېچنىمىنى ئوقالمايلا قالدىم. سەندىن ئوتۇنۇپ كېتەي، ياق، تەلەپ قىلاي، ھەممىنى ھازىرلا ماڭا دەپ بەرگىن!

لېنا تىزلىنىپ، ئۇنىڭ قولىنى تۇتماق بولدى.

— جىنايەتچىگە تەگمە!

لېنا ئىرغىپ تۇرۇپ كەتتى.

— نىمە، جىنايەتچىگە؟

— ھەئە، قاتىلغا!

— نىملەرنى دەۋاتىسەن؟ ئالجىدىڭمۇ؟

— ئولتار، دەپ بېرەي. بۈگۈن سەندىن، ھەممىدىن مەھرۇم بولىدىغان كۈن. ئەمما بۇ ئىشنى ئەندى ئېيتماي تۇرالمايمەن. شەھەردە پەقەت ئۇنچىقمىغان ئىدىم، بىراق بۇ يەردە بولالمىدىم. بۈرۈقتۇم بولۇپ ھېرىشقا تاقەت قىلالمىدىم. بۇ ئەتراپتا بىر ئەرۋاھ كەينىمدىن قالماي كېزىپ يۈرىدۇ. ھەر بىر توپ دەرەخكە قارىسام ئۇنىڭ ئەشۇ پاجىئەلىك ئەلپازىنى كورگەندەك قىلىمەن؛ گۈللەرنى كورسەم ئو-

نىڭ ئەشۇ ئويچان كوز نۇرلىرىغا ئۇچراشقاندەك قىلىمەن؛ دېڭىزغا باقسام ئۇنىڭ بىر چىقىپ، بىر چوكۇپ كېتىۋاتقان بېشىنى ۋە غەم - غۇسسىدىن قورۇقلار باسقان پېشانىسىنى كورگەندەك قىلىمەن...ئوتۇنۇپ كېتەي، گېپىمنى بولمە. توگەل سوزلەۋالاي. سەن دادام ئولگەندىن كېيىن ئۇنىڭ پۇتۇن تەللۇقاتى، باغلىق، ھەشەمەتلىك داچىسى، شەھەردىكى بىنا، زاۋۇتلار...ماڭىلا مىراس قالغانلىقىنى ئۇقۇپ، ئۇنىڭ باشقا بىراۋلارغىمۇ مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ئۇقمايسەن. بۇنىڭمۇ ئەجەپلەنگۇچىلىكى يوق، ساڭا بۇ ھەقتە دىمىدىم ئەمەسمۇ! ئەسلىدە بىر ئاكام بولۇپ، ئۇ دادامنىڭ مۇشۇ مۇلۇكلىرىنىڭ ھەقىقى مىراسخورى ئىدى. ماڭا بولۇپ بېرىلگەن مال - مۇلۇكنى دادام ھايات چېغىدىلا بۇزۇپ - چېچىپ، توگىتىپ بولغان ئىدىم. بۇ يەردىكى گەپ: ئاكام دادامدىن بۇرۇن ئولدى...

— ئۇ خۇدانىڭ ئىرادىسىدىنغۇ!

— خۇدانىڭ ئىرادىسىدىن ؟ ئۇنىڭ ئولۇش سەۋىۋى نىمە دىمەمسەن ؟

— ھە، نىمە سەۋەپتىن ئولدى؟

— ھەرگىز ئىشەنمەيسەن. ئەقلىڭگە سىغمايدۇ! ... ئۇنى مەن ئولتۇرىۋەتتىم! ئۇنى زەھەرلەپ ئولتۇرىۋەتتىم ... مانا مۇشۇ ئوگكۇر ئېغىزىدا، نەق مۇشۇ ئۇستەل يېنىدا. ئۇ سەن ئولتارغان ئورۇندا ئولتارغان ئىدى. شۇ چاغدا، بىز بىرلىكتە كەچلىك تاماق يىگەچ، كوڭۇللۇك سوزلىشىپ ئولتارغان ئىدۇق. ئۇ بىردىنلا بىئارام بولۇپ، چىقىپ بىردەم يېتىۋالاي، دىدى. كىم بىلسۇن، شۇنىڭ بىلەن مەڭگۇگە تۇرالمىدى...شۇنىڭ بىلەن بۇ مۇلۇكلەرنىڭ ھەممىسى تەبىي ھالدا مېنىڭ بولۇپ قالدى.

ئەندى چۇشەنگەنسەن؛ ھازىرغىچە سىرىمنى ھېچكىم پاش قىلالىغىنى يوق، ئەھۋالنى ھەقىقى بىلىدىغانلار — مەن ۋە سەن...سوزۇم توگىدى. قاتىل مۇھەببىتىڭگە سازاۋەر بولالامايدۇ. بۇندىن كېيىن باشقا بىرسىنى سويۇشۇڭ ئەركىڭ. دەرۋەقە، خالىساڭ مېنى قانۇن ئورگانلىرىغا تاپشۇرۇپ بېرەرسەن. سەندىن مەھرۇم بولدۇم، قالغىنى مەن ئۇچۇن ئەرزىمەس نەرسە.

ئۇ جىمىپ بېشىنى چاڭگاللىدى.

لېنا قەتئىيەتلىك بىلەن ئۇنىڭغا يېقىنلاشتى.

— ساشا، سەن جىنايەتچى، قاتىل ... بەلكىم شۇنداقتۇر، ئۇ ماڭا قاراڭغۇ. لېكىن جىنايىتىڭ بولدى دىگەندىمۇ، ئۇ — مېنىڭ ئالدىمدىكى ئەمەس، جەمىيەت ئالدىدىكى، قانۇن ئالدىدىكى، ئاكاڭ ئالدىدىكى جىنايەت. ئۇ ئولگەن ئادەمنىڭ ئەرۋاھى بىزنىڭ ئارىمىزغا كىرىۋالالمايدۇ. مەن سېنى تاشلاۋېتەمدىم؟ مۇمكىن ئەمەس! ئەكسىچە، سەن تووۋا قىلغاندىن كېيىن ساڭا بولغان مۇھەببىتىم تېخىمۇ ئۇلغايدى. ئازاپنى يالغۇز تارتىش نەقەدەر مۇشكۇل - ھە ؟ بۇندىن كېيىن، غەم - قايغۇدا سەن بىلەن ئورتاق بولۇپ، قىيىن كۇنلەردە ساڭا ھەمدەرت بولۇشنى خالايمەن. ھەممە سىرىڭنى ماڭا ئېيتىپ بەرگەن ئىكەنسەن، دىمەك مەنمۇ سېنىڭ شېرىكىڭ. سىر بىزنى مەڭگۇگە باغلىدى. مۇھەببەت رىشتى قەلبىڭدىكى جاراھەتنى ساقايتىدۇ. ساشا بېشىڭنى كوتەر، ماڭا قارىساڭچۇ! مەن ئۇچۇن سەن بۇرۇنقىدەكلا پاك. ئولگەن ئادەمنى ئويلاۋەرمە، ئۇنىڭغا ئاتاپ خاتىرە مۇنارە تىكلەپ، ئەرۋاھنى قوغلىساق، ئەرۋاھ ساڭا چېپىلمايدىغان

بولىدۇ. ئېيتقىنا، قايسى قولۇڭ بىلەن ئوغىسالىدىڭ؟ ئوڭ قولۇڭ بىلەنمۇ؟ ئەكىلە سويۇپ قوياي. پۈتۈن جاھان ئۇ قولنى جىنايەتكار دەپ قارار؟ لېكىن ئۇ قول مېنى بەختكە ئېرىشتۈردى. كېيىنچە ھەممە تەلۋۇقاتلىرىمىزنى سېتىۋېتىپ، چەتئەلگە چىقىپ، شۇ يەردە تۇرساقمۇ بولىدۇ. سويۇملۇكۈم، بىلمىسەڭ كېرەككى، ساڭا مەنسۈپ ئىكەنلىكىمنى ھازىردىن باشلاپ تېخىمۇ كۈچلۈك ھېس قىلماقتىمەن؛ سەنمۇ مېنىڭ مۇھەببىتىمگە ھەر قانداق چاغدىكىدىن تېخىمۇ مۇھتاجسەن....

ئۇ ساشانىڭ بېشىنى قۇچاغلاپ، لەۋلىرىگە تەلۋىلەرچە سويۈشكە باشلىدى.

— ئوتكەنكە سالاۋات، ئۇنى مەڭگۇ ئەستىن چىقىرىۋەت، قەدىرلىگىم، جۇر كېتەيلى!

ئۇلار تەڭ قەدەملەر تاشلاپ ئوڭكۇردىن چىقتى.

— لېنوچكا، مېنى راستىنلا سويەمسەن؟

— بۇ ئىش توغرىلىق قايتىلاپ سورىشىڭغا يول قويمايمەن!

ساشانىڭ چىرايى بىردىنلا ئېچىلىپ كەتتى، لېكىن ئۇ يەنە بىردىنلا قاقاھلاپ كۈلۈشكە باشلىدى.

— ھا، ھا، ھا، ھا، ھا! - تەلۋىلەرچە كۈلكە ساداسى باغچىنى بىر ئالدى.

— ئۇ ساراڭ بولدى! - لېنا ئىچىدە غۇدۇڭشىدى.

— قانداق، بۇ ھەزىل جايىدا بولدىمغۇ دەيمەن؟ راستىنلا ئىشەندىڭ؟

لېنا تىكىرقىغىنىچە قاراپلا قالدى.

— بۇ زادى نېمە ئىش؟

— بىر پەردىلىك كومېدىيە، شاتلىقتىن ئەس - ھوشۇمنى يوقىتىپ قوياي دېدىم. مېنى قانچىلىك سەممىي سويىدىغانلىقىڭنى ئەندى تازا بىلىپ يەتتىم.

— «كومېدىيە» دەيسەنغۇ، نېمە ئۈچۈن «كومېدىيە» بولىدۇ؟

— ناھايىتى ئاددى، ھەممىسى مەن توقۇپ چىققان سوزلەر، بىمەنە چاقچاق.

— بۇرۇن ئاكاڭ يوقمىدى؟

— نېمە ئۈچۈن بۇرۇن يوق بولاتتى؛ ھازىرمۇ بارغۇ! ئۇ چەتئەلدە تۇرىۋاتىدۇ. راست، بۇ يەردىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى مېنىڭ دەپ سېنى ئالداپ قويدۇم. ئەمما سېنىڭ مېنى كەچۈرىدىغانلىقىڭغا ئىشىنىمەن. قاتىللىققا كەڭ قوساقلىق قىلغان كىشى، يالغانچىنى ئەلۋەتتە كەچۈرىدۇ. ئىشىنىمەنكى، مۇشۇ ھەشەمەتلىك داچىنىڭ ماڭا تەئەللۇق ئەمەسلىكى ۋەجىدىن مېنى سويمەي قالمايسەن، شۇنداقتۇ باغرىم.

لېنا جاۋاپ بېرىشكە ئۈلگۈرمەيلا خىزمەتكار كېلىپ قېلىپ، ساشانىڭ قولىغا بىر نىمىلەرنى دېدى.

— لېنوچكا، كەچۈرگىن، ئازراق ئىشىم چىقىپ قالدى، بىر قانچە مىنوتقىلا، ئويىگە كىرىپ تۇرارسەن، ھازىرلا قايتىپ كېلىمەن.

ئۇ خىزمەتكار بىلەن كېتىپ قالدى.

يېرىم سائەتتىن كېيىن ساشا قايتىپ كەلدى. لېكىن داچىدا لېنا كورۈنمەيتتى. ئۇ ھەممە ئويلەرنى قىدىرىپ چىقتى، لېنانىڭ سايىسىمۇ يوق. ئۇ يەنە گۈللۈككە، باققا، ئورمان-

لىقتىكى بوشلۇققا بېرىپ ئىزلەپ باقتى ، ئۇ بىكارغا ئاۋارە بولاتتى. ئۇ لېنا دەپ ۋاقىراپ باقتى، تاغ جىلغىسىنىڭ لېنانىڭ نامىنى تەكرارلىغان سادادىن باشقا جاۋاپ ئاڭلانمايتتى.

ئۇ دېڭىز ساھىلىگە چۈشتى، ئىسسىق-جىنسىز قىرغاقنى دېڭىز سوغاقىنا ئۇرۇپ تۇراتتى. بۇ، ئىشىقۋازنىڭ خىيالىدىن بىر خىل قورقۇنچلىق ئوي غىل-پال كېچىپ ئۆتتى.

«ياق، ئۇ ئۇنداق قىلىشى مۇمكىن ئەمەس!»

ئۇ ئازاپلىق پەرەزلەر ئىچىدە كەينىگە بۇرۇلۇپ، يۈگرەپ كېتىۋاتقىنىدا باغۋەنگە يولۇقۇپ قالدى.

— خېنىمنى كوردىڭمۇ ؟

— چىقىپ كەتتى، تاش يولغا چىقىپ كەتتى.

— ھېچنىمە دېمىدىمۇ ؟

— «بۇ داچا كىمنىڭ؟» دىگەن سوزنىلا قىلدى.

— سەن نىمە دەپ جاۋاپ بەردىڭ؟

—ساشانىڭ ئاكىسىنىڭ، دەپ جاۋاپ بەردىم.

ساشانىڭ كوزىنى بىردىنلا قاراڭغۇلۇق باستى.

ئۇ ئىختىيارسىز ھالدا تەكشى، ئۇزۇن كەتكەن يولغا چىقتى. ئۇنىڭ ئالدىدا پەقەت ئەگرى-بۈگرى كەتكەن يول سوزۇلۇپ ياتاتتى.

يولدا لېنا كورۇنمەيتتى، يىراقتىن پەقەت بىر كىچىككىنە قارا چېكىت كوزگە غۇۋا چېلىقىپ تۇراتتى. چېكىت ئاستا - ئاستا ئۇپۇق سىزىقىغا قېتىلىپ كەتتى .

خەنزۇچىدىن : ئازات سونۇر ، ۋۇجيەن تەرجىمىسى

## مال ساتامدۇ ، گەپمۇ؟

(ساتىرا)

ئومەر ئىمىن

بازاردا ئوتتۇشتە - يېنىشتا ھەر دەم،
دۇكاندا كورىمەن ئىككىلا قىزنى .
مال ئالماق بولسىڭىز ئۇلاردىن ئەگەر ،
ھەيرانلىق ئىچىدە قالدۇرار سىزنى.

باش ئالماي توقۇيدۇ پوفايكا بىرسى ،
بىرسىنىڭ قولىدا «يىگىت» نىڭ خېتى.
گەپ سوراش ئۇلاردىن ئوڭاي ئىش ئەمەس،
ۋاي تائەي، نىمىكىن قىزلارنىڭ ئېتى.

قارىساڭ تەرىگە تولىمۇ سورۇن،
قويىدۇ پوكەيگە ماللارنى جاق - جاق.
مال ئېلىش رايىدىن خېرىدار يېنىپ،
دىيىشەر:- «مال ئالماي بولدىلا، ياق-ياق...»

تولۇپتۇ تەنقىتكە «پىكىر دەپتىرى»،
خېرىدار ھېرىپتۇ، پىكرىنى دەپمۇ.
بىلمىدىم خەت ئوقۇپ، پوفايكا توقۇپ ،
ئۇلار مال ساتامدۇ ۋە ياكى گەپمۇ ؟

## « شىنجاڭ مىللەتلەر ئەدەبىياتى » ژورنىلىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش

« شىنجاڭ مىللەتلەر ئەدەبىياتى » — جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسى تەرىپىدىن نەشىر قىلىنىدىغان ئەدەبىي ژورنال بولۇپ، مەخسۇس شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتىنى تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇرىدۇ.

« شىنجاڭ مىللەتلەر ئەدەبىياتى » ئەدەبىيات-سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش يونىلىشى ۋە بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرىدۇ؛ ئاساسىي نۇقتىنى شىنجاڭغا قارىتىپ، پۈتۈن مەملىكەتكە يۈزلىنىدۇ؛ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇتىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى يېڭى روھى قىياپىتى ۋە يېڭى تۇرمۇشىنى تىرىشىپ ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ژورنال روشەن دەۋر ئالاھىدىلىكى ۋە قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە.

« شىنجاڭ مىللەتلەر ئەدەبىياتى » 1984 - يىلدىن باشلاپ ئىككى ئايلىققا ئۆزگەرتىلىدۇ. ژورنال ھەر مىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ ھەر خىل ژانىردىكى ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلىدۇ، كلاسسىك ئەدەبىيات ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىيات ئەسەرلىرىنى پىلانلىق، سىستېمىلىق تونۇشتۇرىدۇ، ژورنالغا يەنە يازغۇچىلار، ئەسەرلەر توغرىسىدىكى تونۇشتۇرۇش ۋە باھا، تەتقىقات ماقالىلىرى بېرىلىدۇ، ھەمدە مۇندىن كېيىن „ مىللىي ئىتتىپاقلىق گۈللىرى „، „ ئەدەبىيات ساھەسىدىكى شەخسلەر „، „ مۇنەۋۋەر ئەسەرلەردىن زوقلىنىش „، „ ئەدەبىي تەرجىمە توغرىسىدا „، „ ئەدەبىيات تارىخى توغرىسىدا „ قاتارلىق سەھىپىلەرنى ئاچىدۇ.

« شىنجاڭ مىللەتلەر ئەدەبىياتى » ژورنىلىغا مەملىكىتىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ. ژورنال تاق ئايلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا نەشىردىن چىقىدۇ. ۋاكالەت نومۇرى: 2—58، باھاسى: 0.60 يۈەن.

بۇ ژورنال 1984 - يىلدىن باشلاپ جۇڭگو نەشرىيات تاشقى سودا باش شىركىتى ( بېيجىڭ 614 - نومۇرلۇق خەت ساندۇق ) تەرىپىدىن چەتئەللەرگە چىقىرىلىدۇ. تەھرىر بۆلۈمى ژورنالنى ۋاكالىتەن سېتىش كەسپىنى قوشۇمچە بېجىرىدۇ. مەلۇم سەۋەپلەر بىلەن بۇ ژورنالغا مۇشتىرى بولالمىغان كىتاپخانلار ئۈرۈمچى شەھرى دېموكراتىيە يولى 32 - نومۇرلۇق قورا « شىنجاڭ مىللەتلەر ئەدەبىياتى » ژورنىلى تەھرىر بۆلۈمىگە بىۋاستە پۇل ئەۋەتىپ سېتىۋالسا بولىدۇ ( پوچتا ھەققى ئۈچۈن 0.12 يۈەن قوشۇپ ئېلىنىدۇ ).



1983ـ يىللىق مەملىكەتلىك 5 ئورۇننىڭ ئات ئۈستىدە ماھارەت كۆرسىتىش تەكـلىپ مۇسابىقىسىدا موڭغۇلكۈرە چەۋەندازلىرىدىن تەشكىللەنگەن شىنجاڭ كاماندىسىدىن جىڭىس (15 ياش، قازاق، ئوتتۇرىدا) تۇسالغۇدىن ئات سەكرىتىپ ئوتۇش تۈرى بويىچە بىرىنچىلىكنى ئالدى. دولقۇن (9 ياش، ئۇيغۇر، ئوڭدا) مىڭ مېتىرغا ئاتلىق يۈگرەشتە بىرىنچىلىكنى ئالدى. جارقىن (13 ياش، قازاق، سولدا) ئىككى مىڭ مېتىرغا ئاتـلىق يۈگرەشتە بىرىنچىلىكنى ئالـدى. مۇسابىقىنىڭ بارلىق 5 تۈرى بويىچە بىزنىڭ كامانـدا 3 تۈردە بىرىنچىلىكنى، 4 تۈردە ئىككىنچىلىكنى، 2 تۈردە ئۈچىنچىلىكنى ئالدى.

شىنجاڭ تەنتەربىيە كومىتېتى: دۇەن شىنلىن



خەلق ناخشىچىسى داۋۇتجان ناسىر

مىجىت مەھەممەت فوتوسى

伊犁河（维吾尔文文艺季刊） ئىلى دەرياسى

ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئەدەبىيات ـ سەنئەت
ئىجادىيەت ئىشخانىسى «ئىلى دەرياسى» ژورنىلى
تەھرىر بۆلۈمى تۈزۈپ نەشر قىلدى
«ئىلى گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى.
غۇلجا شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ. مەملىكىتىمىزنىڭ
ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلاردا مۇشتەرى قوبۇل قىلى-
نىدۇ ۋە پارچە سېتىلىدۇ. ھەر پەسىلنىڭ ئاخىرقى ئېيىدا نەشىر-
دىن چىقىدۇ. ۋاكالەت نومۇرى: 75-58. گوۋانامە نومۇرى: 0.28.
باھاسى: 0.30 يۈەن.

编辑、出版：伊犁哈萨克自治州文艺创作办公室《伊犁河》编辑部
印刷：《伊犁日报》印刷厂
发行：新疆伊宁市邮局
订阅、零售：全国各地邮局
本刊代号：58—75，零售0.30元